ئەزىز نەسىن

# ھازىرقى بالىلار كارامەت

رومان



بۇ ئەسەرنى مەن باللار ئۈچۈنلا ئەمەس، ئاتا-ئانىلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈنمۇ يازدىم.

-ئەزىز نەسىن

مۇندەرىجە


- كىرىش سۆز
- بىرىنچى مەكتۇب
- ئامېرىكىنى بىنا قىلغان مېمار
- ھەممە ئاتىلار بىرىنچى
- بۇرۇن ئۆگەنگەنلىرىڭلارنى ئۇنتۇڭلار تىرىشقان تاپىدۇ
- پىداكار باللار
- سەندىن زادى كۈتمىگەنىدىم
- ۋىجدان ئازابى
- سەككىز قىزنىڭ ئاتىسى
- سەن تېخى چۈشەنمەيسەن
- ئوقۇرەك سۆڭكى
- تۇغۇلغان كۈن
- بىر داھىي يېتىشتۈرۈلمەكتە
- تاما تاما كۆل بولار
- يېڭى يىلنى ياخشى باشلىدۇق بولۇمسىز قىز
- بىر سەت گەپ
- ۋەتەنپەرۋەر بولۇڭلار
- شىئېرنى قانداق ئوقۇش كېرەك مەكتەپ
- ئائىلە ھەمكارلىقى
- ھازىرقى باللار كارامەت
- مېھماننىڭ يېنىدا نېمە دىگەن سەتچىلىك
- «ئۆي»

- قايسى هالدا قانداق يالغاننى توقۇسام بولار
- باللار بايرىمىدىكى كۆڭۈللۈك كېچە باللار رومانى مۇسابىقىسى بىرىنچى بولسەن
- ئاپتوردىن باللارغا مەكتۇب

# كىرىش سۆز

ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تونۇش بولغان مەشھۇر تۈرك يازغۇچىسى ئەزىز نەسىن ئۆزىنىڭ
يېرىم ئەسىرلىك يېزىقچىلىق ھاياتىدا ئىجاد قىلغان 111 پارچە كىتابى ئىچىدە باللارغىمۇ
ئالاھىدە ئورۇن بەرگەن. "ھازىرقى باللار كارامەت" ناملىق بۇ ئەسەر ئەنە شۇلارنىڭ بىرى.

ئەزىز نەسىن بۇ ئەسىرىنىڭ 82-نەشرى مۇناسىۋىتى بىلەن باللارغا يازغان مەكتۇبىدا: ھەممىڭلارنى ئۆز باللىرىمدەك سۆيىمەن. پۈتۈن سۆيگۈلەرگە ئوخشاش بۇ سۆيگۈدىمۇ شەخسىيەتچىلىكىمىز بار. چۈنكى بىز ياشانغانلار سىلەرنىڭ ھاياتىڭلاردا ياشايمىز، ئۆمۈر سۈرىمىز، دەپ ئويلايمىز ۋە شۇنداق بولۇشىغا ئىشىنىمىز. يالغۇز ئۆز باللىرىمنى ۋە تۈرك باللىرىنىلا ئەمەس، ئامېرىكا، رۇس، نېمىس، ئەرمەن، جۇڭگو ،سىگان... ۋە دۇنيادىكى پۈتۈن باللارنى سۆيىمەن" دەيدۇ. ئۇ ئۆز ئەسىرىدە، باللارغا بولغان تولۇپ-تاشقان قىزغىن مېھىر-مۇھەببىتى بىلەن چوڭلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ،سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىر بولماسلىقلىرىنى، يالغانچىلىقلىرىنى ،شەخسىيەتچىلىكلىرىنى ،جەمئىيەتتىكى ناھەقچىلىكلەرنى، تەلىم-تەربىيە سورۇنلىرىدىكى بىمەنىلىكلەرنى باللار نەزىرى بىلەن كۆزىتىپ بايان قىلغان. ئاپتور ئۆزى ئېيتقىنىدەك، بۇ ئەسەر "باللار ئۈچۈنلا ئەمەس، ئاتا-ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈنمۇ" يېزىلغان. بۇ ئەسەردە باللارنىڭ نەزىرىدە چوڭلارنىڭ قانداق كۆرۈنىدىغانلىقى ھېكايە قىلىنىپ، باللار ئاتا-ئانىلىرىنى ،ئوقۇتقۇچىلىرىنى ۋە چوڭلارنى تەنقىد قىلىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ ئەسەر باللار تەربىيىسىدىكى خاتالىقلارنى، باللارنىڭ چوڭلار ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى قوغدايدۇ.

باللار ئۈچۈن ئەسەر يازغان ھەممە يازغۇچىلاردەك، ئەزىز نەسىنمۇ بۇ ئەسىرىدە باللارغا نەسىھەتلەر قىلغان. ھالبۇكى، بۇ باللارغا خىيالىي نەرسىلەرنى بېرىشنىڭ ئورنىغا ،رېئال تۇرمۇشتىكى ئىشلارنى ئۇلارنىڭ نەزىرى بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ،بۇنى دىققەتنى جەلپ قىلىدىغان ھەزىل ۋە تەنقىدلەر بىلەن ئىپادىلىگەن. بۇ ئەسەر ئاتا-ئانىلارنى، ئوقۇتقۇچىلارنى كۈلكىلىك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويمايلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەشھۇر ھەجۋىيچى تودوردىنوۋنىڭ "ھەزىل دۇنيايىمىزنى كۈلكىگە قېلىشتىن قۇتۇلدۇرىدۇ" دېگىنىدەك، تەلىم-تەربىيىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىللە، جەمئىيەتنى كۈلكىلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشتىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

بۇ ئەسەردىكى ۋەقەلىكلەر زەينەپ بىلەن ئەخمەت ئىسىملىك ئىككى ساۋاقداشنىڭ بىر-بىرىگە يېزىشقان خەتلىرىدىن تەركىب تاپقان. ئۇلار دەسلەپتە ئىستانبۇلدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە تۆت يىل بىر سىنىپتا ئوقۇغان، كېيىن زەينەپنىڭ ئائىلىسى ئەنقەرەگە كۆچۈپ كەتكەندە، دوستلۇقنى مەكتۇپ ئارقىلىق داۋاملاشتۇرغان.

بۇ ئەسەردە، بالىلارنىڭ نەزىرىدە چوڭلارنىڭ قانداق كۆرۈنىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ؛ بالىلار ئاتا-ئانىلىرىنى، ئوقۇتقۇچىلىرىنى ۋە چوڭلارنى تەنقىدلەيدۇ؛ بۇ ئەسەر بالا تەربىيىسىدە زۆرۈر دەپ قارالغان، دەۋرىمىزدە يولغا قويۇلۇۋاتقان بىر يۈرۈش قىممەت قاراشلىرىنىڭ خاتالىقىنى چۈشەندۈرىدۇ؛ بۇ ئەسەر بالىلارنىڭ چوڭلار ئالدىدىكى ھوقۇقلىرىنى ۋە ئۆزلىرىنى قوغدايدۇ.

بىرىنچى مەكتۇب

ساۋاقدىشىم ئەخمەت:

سەن بىلەن داۋاملىق خەت يېزىشىپ تۇرۇشقا ۋەدىلەشكەندە، سەن ماڭا ئىشەنمەي "ئەنقەرەگە بارغاندا يېڭى دوستلارنى تېپىۋالارسەن، بىزنى ئۇنتۇپ كېتەرسەن زەينەپ "دېگەندىڭ. مانا، سىلەرنى زادى ئۇنتۇمىدىم، ۋەدەمدە تۇردۇم.
ئەنقەرەدىكى ئۆيىمىزگە ئورۇنلاشقىنىمىزغا بىر ھەپتە بولدى. ساڭا بالدۇرراق خەت

يازالمىدىم. چۈنكى، بۈيەردە مەكتەپكە يېڭى يېزىلدىم. يېڭى ئۆيىمىزنىڭ ئادرېسىنى

دادامدىن تۈنۈگۈن سوراپ، بۈگۈن بىرىنچى بولۇپ ساڭا بۇ خەتنىيازدىم.

ئوقۇش مەۋسۇمى ئوتتۇرىسىدا ئىستانبۇلدىكى مەكتىپىمدىن زادى ئايرىلغۇم يوق

ئىدى، تۆت يىلدىن ئارتۇق بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىمدىنمۇ ئايرىلغۇم كەلمەيتى ،بىراق دادامنىڭ يېڭى خىزمتى ئەنقەرەدە بولۇپ قالدى. ئىستانبۇلدىكى ۋاقتىمدا مەن ساڭا ئېيتقان دادامنىڭ يېقىن دوستلىرى ئۇنى بۇ يەردە ناھايىتى ياخشى بىر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. دادام ئۈچ دوستى بىلەن بىللە بىر شىركەتتە ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇلار بىلەن بىر بىنادا ئولتۇرىمىز. دادامنىڭ دوستلىرى دادامغا ھەم ئەنقەرەدىن ئىش تېپىپ بەردى ھەم ئۆزلىرى ئولتۇرىدىغان بىنادىن ئۆي تېپىپ بەردى. دادامنىڭ ئۈچلى دوستىنىڭ بالىلىرى بار، ئىككىمىز بىر سىنىپتا ئوقۇيمىز. ئىنىم مەتىن يېڭى مەكتىپى بىلەن يېڭى ساۋاقداشلىرىغا تېخى كۆنەلمىدى. مەن بۇ يەرنى زادى يات كۆرمىدىم.

بىز بىر-بىرىمىزگە بېشىمىزدىن ئۆتكەن مۇھىم ۋەقەلەرنى يېزىشقا ۋەدىلەشكەندۇق.

يېڭى ئۆيگە كۆچۈش، يېڭى مەكتەپكە كىرىش، يېڭى ساۋاقداشلار بىلەن تونۇشۇش خېلىلا مۇھىم ئىش ئىكەن. ھازىرچە بۇلاردىن باشقا يېزىشقا ئەرزىيدىغان مۇھىم ئىش چىقمىدى. ئىستانبۇلدىكى ساۋاقداشلىرىمنى بەكمۇ سېغىندىم. سىلەر بىلەن بەلكىم قەيەردە قاچاندۇ كۆرۈشۈپ قالارمىز.

سېنىڭمۇ ۋەدەڭدە تۇرۇپ خەت يېزىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەممە

ساۋاقداشلارغا سالام يوللايمەن، ھەممىڭلارغا مۇۋەپپەقيەتلەرنى تىلەيمەن.

ساۋاقدىشىڭ: زەينەپ يالقىر ،1691- يىلى 18- نويابىر، ئەنقەرە.

ئامېرىكىنى بىنا قىلغان مىمار

قەدىرلىك ساۋاقدىشىم زەينەپ:

خېتىڭنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. ساڭا سالامەتلىك تىلەيمەن. راستىنلا ئەنقەرەدىكى مەكتەپكە بېرىپلا بىزنى ئۇنتۇدى، دەپ ئويلىغانىدىم. خېتىڭنى سىنىپتىكى پۈتۈن ساۋاقداشلارغا ئوقۇپ بەردىم، ھەممىسى خۇشال بولۇشتى ۋە ساڭا سالام يوللاشتى.

مەنمۇ بەرگەن ۋەدەمدە تۇرۇپ، بۇ يەردىكى مۇھىم ۋەقەلەرنى ساڭا يېزىپ تۇرىمەن. سەن بۇ يەردىن كېتىپ بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇنتۇلغۇسىز بىر ئىش بولدى، بۇ خېتىمدە شۇنى يازماقچىمەن.

بىر كۈنى ئەتىگەندە مۇئەللىمىمىز مەكتەپكە مۇپەتتىشلەر كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى، بىز تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتۇق.

ئۇكۈنى مۇپەتتىشلەرنىڭ بۇ يەرگە يېقىن باشقا مەكتەپلەرگىمۇ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇق. ئۇ مەكتەپلەردىكى ساۋاقداشلىرىمىزدىن مۇپەتتىشلەرنىڭ قانداق قىلغانلىقىنى سورىدۇق. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، مۇپەتتىشلەر كىرگەنلىكى سىنىپتا ئوقۇتقۇچىغا: "بىر ھېساب سوئالى يازغۇزۇڭ-دە، ئۇنى ئوقۇغۇچىلىرىڭىز ئىشلىسۇن" دەپتۇ، كېيىن يەنە ئوقۇغۇچىلارغا بىر شېئىر يازغۇزۇشنى ئېيتىپتۇ . ئوقۇغۇچىلارنىڭ يازغانلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر نەچچە ئوقۇغۇچىدىن ئوخشاش سوئال سوراپتۇ. سورىغان سوئاللىرى مۇنداق ئىكەن: "ئامېرىكا قايسى يىلى تېپىلغان ؟"، "سىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشى كىم ؟"، "ئىستانبۇلنى كىم ئازاد قىلغان ؟"، "سۇلايمانىيە مەسچىتىنى كىم بىنا قىلغان ؟"

مۇئەللىمىمىز بىرگە يېڭى دەپتەر ئالدۇرۇپ، دوسكىغا ناھايىتى تەس بىر ھېساب سوئالى بىلەن جاۋابىنى يازغاندىن كېيىن:

- بۇنى دەپتىرىڭلارغا ئەينى بويىچە كۆچۈرىۋېلىڭلار!-دېدى.

ھېسابنى كۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن شۇ دەپتىرىمىزگە شېئىرنىمۇ يازدۇق. كېين مۇئەللىمىمىز دەپتەرلىرىمىزگە قاراپ چىقىپ، توغرا يازغان- يازمىغانلىقىمىزنى تەكشۈردى ۋە خاتا يېزىلغانلارنى تۈزەتتى، ئاندىن بىزگە:

- بالىلار، مۇپەتتىش سىنىپىمىزغا كىرسە، مەن سىلەرگە مۇشۇ ھېساب بىلەن شېئىرنى يازغۇزىمەن جۇمۇ ...- دەپ بولۇپ، ئارقىدىن يەنە،- ئەمدى بەزى سوئاللارنىڭ جاۋابلىرىنى تېپىڭلار، مۇپەتتىش بىرىڭلارنى تۇرغۇزۇپ سورىسا، ئاپتوماتىكتەك تېز جاۋاب بېرىڭلار، - دېدى.

ئاندىن بىزگە سوئاللار بىلەن جاۋابلىرىنى يادلاتتى.

- ئامېرىكا قايسى يىلى كەشىپ قىلىنغان ؟ ھەممىمىز بىر ئېغىزدىن ۋارقىراشتۇق:

- 1968-يىلى.

دۇنيادا ھەممىدىن كىمنى ياخشى كۆرىسىز ؟

بۇ سوئالغا ھەر كىم باشقىچە جاۋاب بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، سىنىپتا ۋاراڭ-چۇرۇڭ كۆتىرىلدى .

بەزىلىرىمىز: "ئاتاتۈركنى" دېسەك، بەزىلىرىمىز: "ئانامنى" ياكى "دادامنى" دەپ ۋارقىرايتتۇق.

ئاندىن ئوقۇتقۇچىمىز ئۈچىنچى سوئالنى سورىدى:

- ئىستانبۇلنى كىم ئازاد قىلغان ؟ غاچچىدە جاۋاب قايتۇردۇق:

- فاتىخ سۇلتان مەھمەت.

- سۇلايىمانىيە مەسچىتىنى كىم بىنا قىلغان ؟

مۇئەللىمىمىز سوئالنى ئاياغلاشتۇرمايلا، يادلىۋالغان جاۋابنى ھەممەيلەن بىردەك ۋارقىرىدۇق:

- مىمار سىنان...

ئىككى كۈن پۈتۈنلەي مۇشۇ سوئاللار بىلەن جاۋابلارنى يادلىدۇق. مۇئەللىمىمىز پات-پات: "ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭلار-ھە!" دەپ تۇراتتى.

مەن ئىچىمدە جاۋابلارنى بىر-بىرىنىڭ كەينىگە تىزىۋالغاندىم:" 1968، دادام، پاتىخ سۇلتان مەھمەت، مىمار سىنان ،1968، دادام، پاتىخ سۇلتان مەھمەت، مىمار سىنان ،1968، دادام"...

شۇنداق ئادەتلىنىپ كەتتىمكى، قەيەردە بولسام، ئىختىيارسىز ھالدا ئىچىمدە بۇ جاۋابلارنى ئۆز تەرتىپى بويىچە يادلاپ تۇراتتىم.

بىر كۈنى ئەتىگەندە، دادام:

بىر يېرىڭ ئاغرىمدۇ نېمە ؟- دەپ سورىدى.

- ياق، - دېدىم.

- كېچىچە" 1968، دادام، پاتىخ سۇلتان مەھمەت، مىمار سىنان ..." دەپ جۆيلۈپ چىقتىڭ .

قىزىتمىسى ئۆرلەپ قالغان ئوخشايدۇ دەپتىمەن تېخى.

ئۇ كۈنى بىرىنچى سائەت دەرستە مۇپەتتىش سىنىپىمىزغا كىردى. خەۋىرىڭ بار، مەن بىر ئىشلارغا ئانچە جىددىيلىشىپ كەتمەيتتىم، لېكىن ئۇ كۈنى نېمىشقىدۇر ئىنتايىن جىددىيلىشىپ تىترەپ كەتتىم .ئېھتىمال، مۇئەللىمىنىڭ جىددىيلىشىشى ماڭا يۇققان بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم.

- ئوقۇغۇچىلىرىڭىزغا بىر شېئىر يازغۇزۇڭ، - دېدى مۇپەتتىش.

بۇنىڭ بىلەن مۇئەللىمىمىز بىزگە:

- يېزىڭلار!- دېدى.

ئۇ ئۆتكەندە دەپتەرلىرىمىزگە يازغۇزغان شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدى. شېئىر ئالدىنئالا دەپتىرىمىزگە يېزىقلىق ئىدى. ساۋاقداشلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۇنى يازماستىن، قوللىرىنى يېزىۋاتقاندەك ھەرىكەتلەندۇرەتتى.

مۇئەللىم شېئىرنى ئوقۇپ تاماملىدى. مۇپەتتىش دەپتەرلىرىمىزگە تەكرار-تەكرار قاراپ ، ھېچقايسىمىزنىڭكىدىن ئىملا خاتالىقى تاپالمىدى. ئاندىن مۇئەللىمىمىزگە:

- سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن. ئوقۇغۇچىلىرىڭىزنى ناھايىتى ياخشى ئوقۇتۇپسىز...- دېدى.

سول يېنىمدا ئولتۇرغان چىنگىز دەپتىرىگە قارىمىغانىدى.

- دەپتىرىڭىزنى كۆرۈپ باقاي، - دېدى مۇپەتتىش.

چىنگىر دەپتىرىنى ئۇزاتتى.

- بۇ نېمە ؟

- شېئىر.

مۇپەتتىش" "بۇ قانداق شېئىر ؟" دەپ ۋارقىرىغاندا، مەن ئۇنىڭ دەپتىرىگە كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قارىدىم. چىنگىز جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن خاتالىشىپ، شېئىر يېزىقلىق بەتنى ئاچتىم دەپ ،ئالدىنئالا ھېساب سوئالىنى يېزىۋالغان بەتنى ئېچىۋاپتىكەن.

چىنگىز شېئىر يېزىۋالغان يەنە بىر بەتنى ئاچقىلى ئاز قالغانىدى، مۇپەتتىشنىڭ كەينىدە تۇرغان مۇئەللىم قولى، كۆزى بىلەن شەرەتلەرنى قىلغاندا، چىنگىز ئەھۋالنى چۈشىنىپ:

- شېئىرنى يازالمىدىم...- دېدى.

مۇئەللىم يەنە قولى بىلەن چىنگىزنى شەرەت قىلىۋاتقاندا، مۇپەتتىش بىردىن كەينىگە بۇرۇلۇپ:

- ئەمدى بىر ھېساب سوئالى يازغۇزۇڭ، ئىشلەپ باقسۇن، - دېدى.

مۇئەللىمنىڭ يۈزى پەرەڭدەك قىزىرىپ كەتتى.

بىز مۇپەتتىشنى ئاۋۋال ھېساب ئىشلىتىدۇ، ئاندى شېئىر يازغۇزىدۇ، دەپ ئويلىغان ھەم شۇنداق دەپ ئاڭلىغانىدۇق. بىراق، مۇپەتتىش سوئال تەرتىپىنى ئۆزگەرتىۋەتكەچكە، چىنگىز ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالغانىدى.

چىنگىزنىڭ دەپتىرى مۇپەتتىشنىڭ قولىدا ئىدى. شۇڭا، مۇئەللىم بۇرۇنقىدىن باشقا بىر ھېساب سوئالى يازغۇزدى. مېنىڭ ھېسابتىن دائىم يىز نومۇر ئالىدىغانلىقىمنى بىلسەن. بۇ قېتىم شۇنداق ھودۇقتۇقكى، ھېسابنى مەنمۇ ئىشلىيەلمىدىم. دەپتەرلىرىمىزنى كۆرگەن مۇپەتتىشنىڭ تەرى تۆرۈلۈپ كەتتى. مۇئەللىمىمىز ئىنتايىن خجالەت بولدى. ئىچىمدە" "ئىھ ، جاۋاب بېرىۋەتسەم..." دەيتتىم. مەن مۇئەللىمىمىزنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلماقچىدىم. ئىچىمدە يەنە:" 1968، دادام، پاتىخ سۇلتان مەھمەت ،مىمار سىنان..." دەپ يادلايتتىم.

گويا كۆڭلۈمدىن كەچكەنلەرنى ئاڭلاپ قالغاندەك، مۇپەتتىش ماڭا قاراپ:

- سەن تۇر!- دېدى.

خۇشاللىقتا سەكرەپ تۇردۇم. كېيىن ماڭا ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، مۇپەتتىش مەندىن:

- قانچە ياشقا كىردىڭ ؟- دەپ سوراپتىكەن، مەن جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىمدىن، سوئالنى ئاڭلىمايلا، ئامىرىكىنىڭ تېپىلىشىنى سوراۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ:

- 1968 ... دەپ ۋارقىراپتىمەن.

ھاڭ-تاڭلىقتا كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن مۇپەتتىش:

- قانچە ياشقا كىردىڭ دېدىم ؟ دەپ قايتۇرۇپ سورىدى. مەنمۇ توغرا جاۋاب بەردىم دەپ ئويلاپ:

- 1968 ...- دەپ تېخىمۇ يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىدىم.

مۇپەتتىشنىڭ سوئاللارنىڭ تەرتىپىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلىقىنى زادى ئويلىماپتىكەنمەن. مۇپەتتىش:

- ئىستانبۇلنى كىم ئازاد قىلغان ؟- دەپ سوراپتىكەن، مەن يادلىۋالغان جاۋاب تەرتىپى بويىچە:

- دادام...- دەپتىمەن.

مۇپەتتىش پۈتنى يەرگە ئۇرۇپ ۋارقىرىدى:

- ئىستانبۇلنى كىم ئازاد قىلغان دەپ سوراۋاتىمەن.

- دادام.

- سېنىڭ داداڭ كىم ؟

- مىمار سىنان.

- ئاغزىڭدىن چىقىۋاتقانلارنى ئاڭلىمايۋاتامسەن، ئوغلۇم. داداڭنى سورىسام، مىمار سىنان دەۋاتىسەنغۇ...

مانا شۇ چاغدىلا مۇناسىۋەتسىز گەپ قىلىپ قويغانلىقىمنى چۈشەندىم، مۇپەتتىشنىڭ ۋارقىرىشىدىن شۇنداق قورقۇپ كەتكەندىمكى، ئېسىمنى يىغىۋالالماي قالدىم.

- ئەمىسە مىمار سىنان نىمە ئىش قىلغان ؟

ئەمدى پۈتۈنلەي ئۆزۈمنى يوقاتقاندىم. شۇ ھاڭ-تاڭلىقتا:

- ئىستانبۇلنى ئازاد قىلغان، - دەپ ۋارقىرىدىم.

- كىم ؟

خاتا سۆزلەپ قويغانلىقىمنى تۈزىتىش ئۈچۈن:

- مىمار سۇلايمان...- دېدىم.

- ئۇنداق بولسا، سۇلايمانىيە مەسچىتىنى كىم بىنا قىلغان ؟

- سۇلتان سىنان فاتىخ...

سۆزلەرنى بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويغانلىقىمنى سېزەتتىم، لېكىن ھازىر ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمايتتىم.

مۇپەتتىش شۇنچىلىك غەزەپلىنىپ كەتتىكى، ئاچچىقىمدا ئۇمۇ ئەقلىدىن ئېزىپ:

ئوغلۇم، - دېدى، - ئامېرىكىنى بىنا قىلغان مىمار سۇلتان مەھمەت، سۇلايمانىيە مەسچىتىنى كەشىپ قىلغان فاتىخ سىنان بولىدۇ.

باللار ئۆزلىرىنى تۇتالماي خىرىلداپ كۈلۈشكە باشلىغاندا، مۇپەتتىش ئۆزىنىڭ خاتا سۆزلەپ قويغانلىقىنى چۈشىنىپ، خاتالىقىنى تۈزەتمەكچى بولدى:

- يەنى سىنانىيە مەسچىتىنى مىمار سۇلايمان بىنا قىلغان، فاتىخنى مىمار سۇلتان مەھمەد ئازاد قىلغان دېمەكچىمەن...

ئۇ يەنە خاتا سۆزلىگىنىنى ئۇقۇپ:

- مېنىمۇ ئازدۇرۇۋەتتىڭ-دە، بالام!- دېدى.

مۇپەتتىش غەزەپ بىلەن بېشىنى سىلكىپ، ئىشكنى "تاققىدە" يېپىپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.

سىنىپىنىڭ ئىچى جىمجىت بولۇپ كەتكەنىدى. بىر ھازادىن كېيىن مۇئەللىمىمىز:

- لەنەت!- دېدى.

بۇ سۆزنى ماڭىمۇ، مۇپەتتىشكىمۇ ياكى ئۆزىگىمۇ، كىمگە دېگەنلىكىنى چۈشىنەلمىدىم.

بۇ ۋەقەنىڭ مېنى قانداق بىئارام قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، ھەر بىر ئېسىمگە كەلگەندە خىجالەت بولىمەن.

ۋەدەڭ بويىچە سەنمۇ ماڭا ئۇ يەردە بولۇپ ئۆتكەنلەرنى يازغىن جۇمۇ؟ خەتلىرىڭنى كۈتىمەن .

مەنمۇ ساڭا مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمەن، ساۋاقدىشىم.

ساۋاقدىشىڭ: ئەخمەت تارباي

1691-يىلى 11-نويابىر، ئىستانبۇل

## ھەممە ئاتىلار بىرىنچى

قەدىرلىك ساۋاقدىشىم ئەخمەت:

جاۋاب خېتىڭ ئۈچۈن كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن. ماڭا ھەمىشە مۇشۇنداق ئۇزۇن خەتلەرنى يازغىن .مەنمۇ ساڭا بۇ يەردىكى ئىشلارنى ئۇزۇن-ئۇزۇن يازىمەن. خېتىڭنى ئوقۇغىنىمدا، سېنى مۇپەتتىشنىڭ ئالدىدا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ شۇنداق كۈلدۈمكى...

ئەمدى ساڭا بۇ يەردىكى ئەھۋالنى يازاي: بىز تۆت قەۋەتلىك بىر بىنادا ئولتۇرىمىز، ھەر قەۋەتتە ئىككى ئائىلىلىك ئۆي بار، بىزنىڭ ئۆي ئىككىنچى قەۋەتتە.

بىنانىڭ كەينىدە چوڭ بىر مەيدان بار، بىراق تاشلىنىپ قالغان قۇرۇق يەر كەچقۇرۇنلىقى بىنادىكى باللار بىلەن بۇ يەردە ئوينايمىز. ئۆتكەنكى بىر كەچقۇرۇن بۇ يەردە ئويناۋاتاتتۇق. باللار ئاتىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقىنى ماختاشتى. ھەممە بالا ئۆز ئاتىسىنى باشقىلاردىن تىرىشچان دەپ قارايتى. كىچىك باللار تېخىمۇ تالاش-تارتىش قىلىشاتتى. ئۈچىنچى سىنىپتا ئوقۇيدىغان ئىنىم مەتىن ھەممىدىن ئۈستۈن بولۇشقا تىرىشاتتى. ئۇ قوۋۇزلىرىنى كۆپتۈرۈپ:"مېنىڭ دادام بارغۇ، مېنىڭ دادام..." دەپ ھېچكىمگە سۆز بەرمەيتتى.

ھەقىقەتەن، دادام ئوقۇغۇچى ۋاقتىدا ناھايىتى تىرىشچان ئىكەن، ئۇ ھەمىشە بىزگە شۇنداق دەپ بېرەتتى.

مۇنازىرە تازا قىزىۋاتاتتى، مەتىن:

- مېنىڭ دادام ھەممىڭلاردىن تىرىشچان. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتتا ھەمىشە سىنىپتىنبىرىنچى بولۇپ كۆچىدىكەن ...- دېدى.

دادامنىڭ ساۋاقداشلىرىدىن بىرىنىڭ بالىسى مەتىنگە:

ياق ئاداش، ئۇنداق ئەمەستۇ...- دەپ چاقچاق قىلدى. يەنە بىر بالىمۇ:

ئۇنى ساڭا كىم ئېيتتى ؟- دېدى.

مەتىن مەيدىسىنى كېرىپ:

دادام ئۆزى دەپ بەردى،- دېدى. كەينىدىن قوشۇمچە قىلدى،- ئىشەنمىسەڭلار داداڭلاردىن سوراپ بېقىڭلار، داداڭلار ئېيتىپ بەرسۇن.

بىز چوڭ بالىلار بۇ مۇنازىرىگە قەتناشمىغاندۇق. بىزنىڭ سىنىپتىكى بىر ئىنىمغا:

- يالغانچى، مېنىڭ دادام بىرىنچى ئىكەن، - دېدى يەنە بىر بالا خورازدەك ئېتىلىپ:

- ئەسلى ساڭا ئوخشاشلارنى يالغانچى دەيدۇ. مېنىڭ دادام بىر قېتىممۇ سىنىپتا ئىككىنچى بولماپتىكەن، ھەممىشە سىنىپنىڭ ئالدى ئىكەن ئاڭلىدىڭمۇ؟ - دېدى.

- پۈتۈنلەي يالغان... سېنىڭ داداڭ پو ئېتىپتۇ... ھەر يىلى سىنىپتا بىرىنچى بولدىغىنى مېنىڭ دادام...

مېنىڭ دادام ھەرگىز پو ئاتمايدۇ...

چوڭ بالىلارنىڭ مۇنازىرىگە ئارىلىشىۋالغانلىقىغا ئىچىم پۇشتى. مۇنازىرە بارغانچە قىزىۋاتاتتى ،ئىنىم مېنى گۇۋاھلىققا تارتتى:

- شۇنداق ئەمەسمۇ، ھەدە؟ دادام ھەممىشە بىرىنچى ئەمەسمۇ؟ بۇلارغا ئۆزۈڭ دېگىنە...

- ئەلۋەتتە شۇنداق، - دېدىم مەن.

بۇ سۆزۈم سورۇننى پۈتۈنلەي قالايمىقانلاشتۇرىۋەتتى. مەتىننى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن:

- سەن ئۇلارغا ئۈنچە قىلىپ كەتمە. ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزى خۇش قىلىشىدۇ، مەيلى ئەمەسمۇ، - دېدىم.

ھەممىمىزدىن چوڭ بولغان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بىر بالا بىلەرمەنلىك قىلىپ:

- بالىلار، خاتالاشتىڭلار، سېنىڭ داداڭمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ دادىسىمۇ ئەمەس، يەنە بىرىڭنىڭ دادىسىمۇ ئەمەس، سىنىپتىكى ھەممىشە بىرىنچى بولۇپ كۆچىدىغىنى مېنىڭ دادام، - دېدى.

- پىش...- دېدى مەتىن ئۇنىڭغا.

- ھەئە پىشتۇ... بېرىپ داداڭدىن سوراپ باققىنا.

- سېنىڭ داداڭمۇ پو ئېتىپتۇ.

مۇنازىرە يېڭىدىن قىزىۋاتقانقاندا، مەتىننى قولىدىن تارتىپ ئۇ يەردىن ئېلىپ كەتتىم. بىنانىڭ پەلەمپىيىدىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، ئۇ:

- يالغانچىلار، قاراڭلار تېخى... مېنىڭ دادام بىرىنچىغۇ تازا!- دەپ يىغلاپ كەتتى.

ئۆيگە كىرىپ، ئۇدۇل ئاپامنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ:

- دادام سىنىپتا بىرىنچى ئەمەسمىش. دادام پو ئېتىپتۇدەك ، - دېدى.

ئاپام خاپا بولۇپ مەتىننى ئەيىبلىدى:

- ئاغزىڭنى يۇم! ئۇ گەپنى نەدىن تاپتىڭ! ئۇنداق گەپنى قىلساڭ ئاغزىڭغا ئوت ياقىمەن.

- نېمىشقا خاپا بولىسەن، بەلكىم بىز خاتا ئاڭلىۋالغاندىمىز، يابولمىسا دادام بىلەن ئۇلار بىلەنبىر سىنىپتا ئەمەستۇ، - دېدىم مەن.

- ئۇلار سىنىپداش ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرى ئېيتقان.

- ئەڭ ياخشىسى، ئاخشاملىقىا دادام كەلگەندە ئۆزىدىن سوراپ راستىنى ئېنىقلايلى.

كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشۈپ، مەنمۇ قىزىقىپ قالغاندىم. كەچلىك تاماقتا دادامدىن، مۇشۇ بىنادا ئولتۇرىدىغان دوستلىرى بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغان-ئوقۇمىغانلىقىنى سورىدىم.

- شۇنداق، قىزىم، تۆتىمىز سىنىپداش ئىدۇق، - دېدى دادام.

دادام ئۇلارنىڭ بىرى بىلەن ئۈچ يىل، قالغان ئىككىسى بىلەن بەش يىل بىر سىنىپتا ئوقۇپتىكەن.

ئاپام، ئاغزىڭغا ئوت ياقمەن، دەپ ئىنىمنى ئەيىبلىگەنلىكى ئۈچۈن، سوئالىمنىڭ داۋامىنى سوراشتىن ۋاز كەچتىم.

ئەتىسى، مەكتەپتە مەن بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرىدىغان قىزدىن دادىسىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇغان چاغلىرىدا سىنىپتىن قانداق كۆچكەنلىكىنى سورىدىم.

- مېنىڭ دادام سىنىپلاردىن بىرىنچى بولۇپ كۆچۈپتىكەن، - دېدى ئۇ.

سۆزىمىزنى ئاڭلىغان كەينىمىزدىكى پارتىدا ئولتۇرىدىغان بىر بالىمۇ:

- مېنىڭ دادامۇ شۇنداق، مەكتەپتە ئوقۇغان چېغىدا ھەمىشە بىرىنچى ئىكەن، - دېدى.

شۇنداق قىلىپ، قالغان باللارمۇ بۇ مۇنازىرىگە قاتناشتى. سىنىپ بويىچە دادىسىنىڭ مەكتەپتىكى ئەھۋالىنى بىلمەيدىغان ئۈچلا ساۋاقداش چىقتى، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ دادىلىرى سىنىپتا بىرىنچى ئىكەن.

ئەخمەت، بۇ خېتىمنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن سەنمۇ داداڭدىن سوراپ باق، ئۇمۇ سىنىپىدا بىرىنچى بولۇپ كۆچكەنلىكىگە ئىشىنىمەن، چۈنكى ھەممە ئاتىلار بىرىنچى بولىدۇ.

مەن ئېيتىۋاتقان بۇ ۋەقەدىن ئىككى كۈن كېيىن ئىنىمنىڭ مۇئەللىمى ئاپامغا خەت ئەۋەتىپ ئۈنى مەكتەپكە چاقىرتتى. مۇئەللىم مەتنىنىڭ دەرىستە تىرىشمايدىغانلىقىدىن ئاغرىنىپتۇ. كەچتە دادام بۇنى ئاڭلاپ مەتنىگە ئىنتايىن خاپا بولۇپ، ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى، ئاندىن ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ نەسىھەت قىلدى:

- ئوغلۇم، سەن نېمە ئۈچۈن داداڭنى دورىمىدىڭ؟ مەن پۈتۈن مەكتەپ ھاياتىمدا سىنىپتا ئەڭ تىرىشچان ئىدىم. بىر قېتىممۇ ئىككىنچى بولۇپ قالمىغان. سىنىپلاردىن پۈتۈنلەي بىرىنچى بولۇپ كۆچەتتىم. سېنىڭ بۇ قىلغىنىڭ ئەيىب ئەمەسمۇ؟ نېمىشقا دەرسلىرىڭگە تىرىشمايسەن؟ بالا دېگەن دادىسىدىن ئۈلگە ئېلىشى كېرەك...

دادامنىڭ ئاچچىقى يانغاندى، مەنمۇ ئۇنىڭ بوشاپ قالغانلىقىدىن غەيرەتكە كېلىپ:

- دادا، مەتنىمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاتا بولغاندا بالىلىرىغا سىنىپلاردىن بىرىنچى بولۇپ كۆچكەنلىكىنى ئېيتار، -دېدىم.

نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى چۈشەنگەن ئاپام:

- هەي قىز.- دېدى، - ئەمدى بالا ئەمەسسەن. سېنىڭمۇ ئاغزىڭغا ئوت ياقمەن، چوڭلار گەپ قىلىشىۋاتقاندا، كىچىكلەر جىم تۇرىدۇ.

مەن جىم بولۇپ قالدىم، دادامىمۇ زۇۋان سۈرمىدى.

ئەنقەرەگە كەلگىنىمىزدىن بېرى، يېزىشقا ئەرزىيدىغان مۇشۇ ۋەقە بېشىمدىن ئۆتتى.

پۈتۈن ساۋاقداشلارغا سالام. ساڭىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تىلەيمەن.

ساۋاقدىشىڭ: زەينەپ يالقىر

1691-يىلى 16-نويابىر، ئەنقەرە

بۇرۇن ئۆگەنگىنىڭلارنى ئۇنتۇڭلار

ساۋاقدىشىم زەينەپ:

16-نويابىر كۈنى يازغان خېتىڭنى ئوقۇپ قانداق خۇش بولغىنىمنى ئىزھار قىلىپ بېرەلمەيمەن.

ساڭا ئېچىنىشلىق بىر خەۋەر يازماقچىمەن، مۇئەللىمىمىز مەكتەپتىن كەتتى، ئۇ باشقا بىر ۋىلايەتكە تەيىنلىنىپتۇ. ئۇنىڭغا بەكمۇ ئۆگىنىپ قالغاندۇق، ئايرىلغىنىمىزغا ئېچىندۇق. مۇئەللىمىمىز كەتكەندە يىغلىغانلارمۇ بولدى. مەن يىغلاشتىن ئۆزۈمنى تەستە تۇتۇۋالدىم. لېكىن، سىنىپتىن چىقىپ كېتىدىغان چاغدا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي، چاچلىرىمنى قاماللاپ تۇرۇپ يىغلىۋەتتىم. ئالدىنقى خېتىمدە سىنىپىمىزغا مۇپەتتىش كىرگەنلىكى توغرۇلۇق يازغانىدىم. شۇ ۋەقەدىن كېيىن مۇئەللىمىمىز ماڭا ئانچە گەپ قىلماس بولۇپ قالغانىدى. ئاخىرقى كۈنى بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلىپ ،بىزگە مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلىدى. "كۆڭلەرنىڭ بىرىدە يەنە كۆرۈشەرمىز، خەير-خوش بالىلار" دېدى.

ئۇ يېنىمدىن ئۆتكەندە بېشىمنى سىلاپ قويۇپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.

يېڭى مۇئەللىمىمىز ئەر. ئۇ ئىككى سائەت بۇرۇن نېمىلەرنى ئۆگەنگەنلىكىمىزنى بىلىش ئۈچۈن ،ھەممىمىزنى بىر-بىرلەپ ئورۇنلىرىمىزدىن تۇرغۇزۇپ، سوئاللارنى سوراپ، جاۋابلىرىمىزدىن قانائەتلەنمىدى.

- ئىنتايىن ئەپسۇس... ھېچ نەرسە بىلمەيسىلەر!- دېدى ئۇ.

دېمىر سىنىپ بويىچە ئەڭ تىرىشچان ئوقۇغۇچى ئىدى، ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابلىرىغىمۇ قانائەتلەنمىدى. مېنىڭ جاۋابلىرىمدىن كېيىن بولسا: "پاھ-پاھ " دەپ، قولىنى تىزلىرىغا ئۇرۇپ كەتتى.

ئۇ تېرىككەن ھالدا بېشىنى سىلكىپ:

- سىلەرگە ھېچ نەرسە ئۆگەتمىگەنمۇ؟ دەرسلەر بىكار ئۆتۈپ كەتكەنمۇ؟ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى نېمە ئوقۇدۇڭلار ؟ - دەپ سوراۋەردى.

لېكىن مەن توغرا جاۋاب بەردىم، دەپ قارايتتىم.

مىنە يىغلامسىرىغان ئاۋاز بىلەن:

- مەن خاتا جاۋاب بەردىممۇ، مۇئەللىم ؟- دەپ سورىدى.

- توغرا، توغرا، بىراق...- دېدى مۇئەللىم ۋە بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ قوشۇمچە قىلدى، - يۈزەكى ... ھەممىڭلارنىڭ جاۋابى يۈزەكى...

بىز ئۈنچىقمىدۇق، لېكىن ناھايىتى بىئارام بولدۇق. پەقەت كونا مۇئەللىمىمىزدىن تۆۋەن نومۇرئالىدىغان بىر-ئىككى بالىنىڭ يېڭى مۇئەللىمنىڭ بۇ سۆزىدىن خۇشال بولغانلىقى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى.

- كونا مۇئەللىمىمىز بىزنى ناھايىتى ياخشى ئوقۇتقانىدى، - دېدى دېمىر ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي .

يېڭى مۇئەللىمىمىز بىر ئاز مەسخىرە ئارىلاش:

- شۇنداق ئىكەن، بەرگەن جاۋابىڭلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، - دېدى.

ئۇ مۇنبەرنىڭ ئالدىدا ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ، ئاۋازىنى سىلىقلاشتۇرۇپ:

- باللار، - دېدى، - بۇرۇن ئۆگەنگەنلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇڭلار، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ھەممىنى يېڭىۋاشتىن ئۆگىنىسىلەر.

دېمىر پىكىر قىلماقچى بولۇپ قول كۆتۈردى:
- بىراق، مۇئەللىم، كىتابىمىزدا نېمە بولسا شۇنى ئۆگەندۇق.
- ھازىر مەن سىلەرگە، بورۇن ئۆگەنگەنلىرىڭلارنى ئۇنتۇڭلار، دەۋاتىمەن، - دېدى مۇئەللىم يەنە.

بىرىنچى دەرس مانا شۇنداق ئاياغلاشتى. تەنەپپۇستا ساۋاقداشلار ئىككىگە بۆلۈندى. بەزىلىرى كونا مۇئەللىمنى ياقلىدى. راستىنى سورىساڭ مەن ئارىدا قالدىم. تەنەپپۇسلاردا 1-ب سىنىپتىكى ساۋاقداشلار بىلەن پۇتبولەي مۇشۇ ھەقتە سۆزلەشتۇق. ئۇلارنىڭ مۇئەللىممۇ مەكتىپىمىزگە يېڭى كەلگەنىدى، ئۇمۇ بىرىنچى دەرستە خۇددى بىزنىڭ مۇئەللىم دېگەندەك: "بۇرۇن ئۆگەنگەنلىرىڭلارنى ئۇنتۇڭلار " دەپتۇ.

يېڭى مۇئەللىممىزنىڭ بۇ پوزىتسىيىسى بەزى ساۋاقداشلارغا ياراپ كەتتى. ئۇلار بىرەر سوئالغا خاتا جاۋاب بەرگىنىدە:

- بىزگە كونا مۇئەللىمىمىز شۇنداق ئۆگەتكەن... دەيدىغان بولدى. ئۇنداق چاغلاردا مۇئەللىممۇ:
- مەنمۇ سىلەرگە بۇرۇن ئۆگەنگەنلىرىڭلارنى ئۇنتۇڭلار دېمىگەنمىدىم؟- دەپ ۋارقىرايتتى. بۇرۇن ئۆگەنگەن نەرسىلەرنى ئۇنتۇش تەس ئىكەن. بۇنى پەقەت دېمىرلا قاملاشتۇرالىدى. بۈگۈن مۇدىرىمىز سىنىپقا تارىخ دەرسگە كىرگەنىدى. ئۇ بىزنىڭ قانداق ئۆگەنگەنلىكىمىزنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن دېمىرنى تۇرغۇزۇپ سورىدى:
- يېڭى زامان مەدەنىيىتى دېگەن نېمە ؟
دېمىر ھېچقانداق جاۋاب بەرمىدى. مۇدىر باشقا بىر سوئال سورىدى:
- مەتبەئەنى كىم كەشىپ قىلغان ؟
دېمىر يەنە جىم تۇردى. ئۇنىڭ تىرىشچان ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان مۇدىر:
- نېمە ئۈچۈن جاۋاب بەرمەيسەن ؟- دەپ سورىدى.
- ئۇنتۇدۇم، شۇڭا جاۋاب بەرمىدىم، - دېدى دېمىر.
- ئامېرىكىنىڭ تېپىلىشىنى سۆزلەپ بەر.
- ئۇنىمۇ ئۇنتۇدۇم...
ئاستا-ئاستا ئاچچىقى كەلگەن مۇدىر:
- ھەممىسىنى ئۇنتۇدۇڭمۇ، ئوغلۇم، نېمىنى بىلسەڭ شۇنى سۆزلە!- دېدى.
- ھەممىنى ئۇنتۇدۇم، - دېدى دېمىر، - بۇرۇن نېمىنى ئۆگەنگەن بولسام، ھەممىنى ئۇنتۇدۇم.
- نېمە ئۈچۈن ؟
- مۇئەللىمىمىز شۇنداق دېگەن. ئۇ، كونا مۇئەللىمىڭلار ئۆگەتكەنلەرنىڭ ھەممىنى ئۇنتۇڭلار ، دېدى.

مۇدىر مېنى تۇرغۇزۇپ:

- ھىندىستان دېگىز يولىنى ئاچقان كىم؟- دەپ سورىدى. ئەستاغپۇرۇللا... ئىسمى تىلىمنىڭ ئۇچىدا تۇرىدۇ، بىراق نېمەئۈچۈندۇر ئېسىمگە ئالالمىدىم. دېمىسىمۇ ئەتەي "ئۇنتۇدۇم" دېگەندى، مەن بولسام راستتىنلا ئۇنتۇغاندىم.

- ئۇنتۇپ قاپتىمەن، - دېدىم مەن جاۋاب بېرىپ.

مۇدىر كۆزەينىكىنىڭ ئۈستىدىن مۇئەللىمىمىزگە قاراپ قويدى-دە، ھېچنىمە دېمەي چىقىپ كەتتى، مۇئەللىمىمىز ھېچ نەرسە كۆرمىگەندەك:

- ئەمدى ياۋۇز سۇلتان سەلىمگە كېلەيلى... دەپ، كەلگەن يېرىدىن باشلاپ سۆزلەشكە باشلىدى.

تەنەپپۇستا ساۋاقداشلار دېمىرغىمۇ، ماڭىمۇ ناھايىتى ياخشى قىلغىنىمىزنى ئېيتىشتى. لېكىن ،مەن ھىندىستان دېگىز يولىنى ئاچقان كىشىنىڭ ئىسمىنى راست ئۇنتۇپ قالغاندىم. مانا بۇ ئۇنتۇش ماڭا نېمە ئېلىپ كەلدى دېمەيسەن. بىرىنچى قېتىملىق مەكتەپ-ئائىلە ھەمكارلىقى يىغىنىدا بىر نەچچە نومۇر كونسېرت تەييارلىماقچىدۇق، مەن ئۇ كونسېرتتا ئۆزۈم يازغان بىر شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلاتتىم.

كونا مۇئەللىمىمىز بىزگە بىر دەرستە، قوينىڭ ناھايىتى پايدىلىق ھايۋان ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ: "سۈت بېرىدۇ، گۆش-ياغ بېرىدۇ، يۇڭىدىن رەخت توقۇلىدۇ، تېرىسىمۇ كۆپ ئىشقا يارايدۇ ،ئۈستىخانلىرىدىنمۇ پايدىلانغىلى بولىدۇ، ماياقلىرىمۇ ئوغۇت بولىدۇ" دېگەندى. مەن بۇ دەرستىنكېيىن مۇنۇ شېئىرنى يازغاندىم:

قوي

قۇيرۇقىدىن ياغ چىقار،
يېلىنىدىن سۈت چىقار.
ئۇنىڭ يۇمشاق يۇڭلىرىدىن،
سارجا توقۇپ كىيگىلى بولار.
مۆڭگۈزلىرى ساپ بولار،
گۆشى بىزگە ئوزۇق بولار.
تېرىسى ھەر ئىشقا يارار،
مايىقىمۇ ئوغۇت بولار.
ھەر ئەتىياز قوزىسى بار،
ئۈستىخىنىمۇ زايا بولماس.

...

بۇشېئىرىمنى كونا مۇئەللىمىمىزگە كۆرسەتكەنىدىم، ئۇ ماختاپ: "سەن بۇ شېئىرنى مەكتەپ-ئائىلە ھەمكارلىقى يىغىنىدا كۆرسىتىدىغان كونسېرتتا دېكلاماتسىيە قىلغىن" دېگەنىدى .مەنمۇ ناھايىتى خۇشال بولغانىدىم."قوي" ناملىق شېئىرىمنى بىر قانچە كۈن يادلىدىم. كونسېرتتا دېكلاماتسىيە قىلغاندا ھېچقانداق نۇقسان چىقماسلىقنى ئۈمىد قىلاتتىم. لېكىن، ئۇ كۈنلەردە كونا مۇئەللىمىمىز باشقا يەرگە يۆتكىلىپ كەتكەنىدى. يېڭى مۇئەللىمىمىز كونسېرتتا شۇنى دېكلاماتسىيە قىلىدىغانلىقىمنى ئۇقۇپ، ماڭا بۇ شېئىرنى ئوقۇتۇپ كۆردى.

- بۇ شېئىر بولمايدۇ. مەن سىلەرگە، بۇرۇن ئۆگەنگەنلىرىڭلارنى ئۇنتۇڭلار، دەپ قانچە قېتىم دېدىم؟ مەن دېگەن شېئىرنى يادلاپ، كونسېرتتا شۇنى دېكلاماتسىيە قىلىسەن، - دېدى ئۇ. ئۇ ئوقۇش كىتابىمىزدىكى "يۇرتۇم" سەرلەۋھىلىك شېئىرنى كۆرسەتتى. بۇ شېئىرنى يادلاشقا ۋاقىت قالمىغانىدى ،كونسېرت ئەتە كۆرسىتىلەتتى. بۇ شېئىرنى سەنمۇ بىلىسەن، سىلەرمۇ بىز ئوقۇيدىغان ئوقۇش كىتابىنى ئوقۇيسىلەرغۇ. كىتابىڭنى ئېچىپ ئۇ شېئىرغا قاراپ باققىنا:

ئەي توپا-چاڭ باسقان پەشمەتلەر، ھەل بەرگەن يەكتەكلەر،
ئەي بىرىگە قىرىق باشاقلار، گۈل-گىياھلار، باغۇ بوستانلار ۋە
قويۇق بوي تارتقان داستانلار دىيارى ھەي!
ئەي شۇ كاتتا ئەربابلارنى يېتىشتۈرگەن ئانىنىڭ، ئەي
ئېتىكاپىنىڭ، كەيپ-ساپانىڭ، ئىمانىنىڭ، ئېتىقادىنىڭ، ئېگىز
مۇنارلىق سىنانىڭ دىيارى ھەي!

"ئەي" بىلەن باشلىنىپ، "ھەي" بىلەن ئاياغلىشىدىغان بىر شېئىر دېگىنە! مەن بۇ شېئىرنى يادلاشتا كۆپ تىرىشتىم، لېكىن ۋاقىت ناھايىتى ئاز بولغاچقا، ياخشى يادلىيالمىدىم. ئەتىسى ئەتىگەندە، مۇئەللىم:

- سەھنىگە چىقىشتىن ئىلگىرى رەپتىس قىلىۋالايلى، شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىپ باق!- دېدى .

دېكلاماتسىيە قىلدىم.

- بولمايدۇ، شېئىرنى بۇنداق دېكلاماتسىيە قىلمايدۇ!- دېدى مۇئەللىم.

يەنە بىر قېتىم دېكلاماتسىيە قىلدىم، يەنە ياقتۇرمىدى .

- ئوغلۇم، - دېدى ئۇ، - شېئىر دېگەننى يولدىن ئۆتكەن ھەر بىرئادەمدىن ئادرېس سورىغاندەك دېكلاماتسىيە قىلمايدۇ. جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن بىر پەسەيتىپ، بىر كۆتۈرسەن، ھاياجانلىق يەرلەردە

ۋارقىرايسەن. بەزى يەردە يېقىملىق پىچىرلاپ، بەزى يەردە يولۋاستەك ھۆركىرەپ ئوقۇيسەن. ئاندىن سول قولۇڭنى بېلىڭگە تىرەپ، ئوڭ مۇشتۇڭنى ئېگىز كۆتۈرسەن. مىسرالارنىڭ ئاخىردىكى "ھەي" لەرنى دېگەندە، پۇتۇڭنى يەرگە قاتتىق ئۇرسەن. مەن بىر قېتىم دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرەي، شېئىرنى قانداق دېكلاماتسىيە قىلىدىغانلىقنى كۆرۈۋېلىپ، شۇنىڭغا قاراپ دېكلاماتسىيە قىل.

مۇئەللىم شېئىرنى خۇددى ماڭا سۆزلەپ بەرگەندەك دېكلاماتسىيە قىلدى. "ئەي" دېگەندە پۇتىنى سەكرىگەندەك يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۆكچىسىنى يەرگە ئۇراتتى.
- مانا مۇشۇنداق... پۇتۇڭنى ماڭا ئوخشاش دۈشمەننىڭ بېشىنى چەيلىگەندەك يەرگە ئۇرسەن...

مەنمۇ ئۇنىڭدەك دېكلاماتسىيە قىلدىم. لېكىن، بىر قولۇم بېلىمدە، بىر مۇشتۇمۇمۇم ھاۋادا ئىدى . ھالبۇكى، پۇتۇمنى "ئەي!" دەپ يەرگە ئۇرغاندا، شېئىردىن ئادىشىپ كېتەتتىم. ئۆزۈم بىلگەندەك قىلسام زادى ئاداشمايتتىم. دېكلاماتسىيە قىلىشىم مۇئەللىمگە پەقەت يارىمىدى. مەن"ئەي!" دەپ ئوڭ پۇتۇمنى يەرگە ئۇرغاندا:
- تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ قاتتىق... ئۆكچەڭنى ئۇر!- دەيتتى.ھەر قانچە تىزلىك بىلەن ئۆكچەمنى يەرگە ئۇرساممۇ، يەنىلارازى قىلالمايتتىم. ئاخىردا ئۇ:
- قارا، مانا مۇنداق!- دېدى-دە، "ئەي!" دەپ بىر ۋارقىراپ، پۇتىنى كۆتۈرۈپ يەرگە شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، سىنىپ دېرىزلىرىنىڭ ئەينەكلىرى جاراڭراپ كەتتى.
- كۆردۈڭمۇ، مانا شۇنداق. تۆرك ئوغلى پۇتىنى يەرگە ئۇرغاندا، يەرلەر تىترەپ كېتىشى كېرەك!- دېدى ئۇ، -
بىراق مۇئەللىم،- دېدىم مەن،- سىز ئاز دېگەندە يۈز كىلوگرام كېلىسىز، مەن بولسام قىرىق ئىككى كىلوگرام كېلىمەن.

ئۇنى ھەر قانچە قىلىپ رازى قىلالمىدىم. ئاخىر ئۇ ئىنتايىن خاپا بولغان ھالدا:
- "قويۇق بوي تارتقان داستانلار دىيارى ھەي! "- دەپ پۇتىنى يەرگە قاتتىق ئۇردى.
سىنىپىمىزنىڭ پوللىرى چىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلسەنغۇ، مۇئەللىمنىڭ پۇتى چىرىپ كەتكەن تاختاينى سۇندۇرۇپ كىرىپ كەتتى، مېنىڭ ياردىمىم بىلەن ئۇ پۇتىنى ئاران دېگەندە چىقىرىۋالدى .
تۆتىنچى سىنىپ بىلەن ئۈچىنى سىنىپىنىڭ مۇئەللىملىرى تاراق-تۇرۇقنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈشۈپ كىرىپ:
- نېمە بولدى ؟ نېمە بولدى ؟- دېيىشىپ كەتتى .بىزنىڭ مۇئەللىم ئاقساپ سىنىپتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، ماڭا:
- كۆردۈڭمۇ ؟، پۇتۇڭنى قانداق ئۇرىدىكەنسەن ؟ يەر يېرىلىپ كەتكۈدەك ئۇرساڭ، ھەممە يەر گويا يەر تەۋرىگەندەك تىترەپ كېتىدۇ، - دېدى.

مۇئەللىم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، "ھەي، ھەي!" دەپ پۈتۈمنى يەرگە ئۇرۇۋېرىپ، ئۆكچەمئېچىلىپ كېتەي دەپ قالدى. ئويۇن باشلىنىشقا ئىككى سائەت قالدى.

مەن ئۆزۈم يازغان "قوي" دېگەن شېئىرنى بىر ئاي يادلىغانىدىم. ئۇنى ئۇنتۇش مېنىڭ مەيلىم ئەمەس ئىدى."يۇرتۇم" دېگەن شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلغىنىمدا، ئاغزىمغا "قوي" دېگەن شېئىر كېلىۋالاتتى. "يۇرتۇم"نى ئاز-تولا يادلىۋالغان بولساممۇ، لېكىن پۈتۈمنى يەرگە ئۇرۇش بىلەنلا ، يادلىۋالغانلىرىممۇ ئېسىمدىن چىقىپ كېتەتتى. ئۆكچەمنى ئورۇشتىن مېڭەم سىلكىنىپ كەتكەندى. شۇ ئەسنادا ساۋاقداشلار:

- نۆۋىتىڭ كەلدى، نۆۋىتىڭ كەلدى! سەھنىگە چىق!- دەپ كەينىمدىن ئىتتىرىشتى. زالغا ئاتا-ئانىلار لىق تولغانىدى. مۇئەللىمىمىز سەھنە ئارقىسىغا كۈتۈپ تۇراتتى، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىدىغان ئادىشىپ قالسا، ئۇ پەردە پىچىرلاپ ئېيتىپ بېرەتتى. سەھنىگە چىقىپ، زالدىكىلەرگە بېشىمنى ئېگىپ سالام بەردىم. لېكىن، بېشىمنى ئېگەر-ئەگمەيلا، دېكلاماتسىيە قىلىدىغان شېئىرىمنىڭ نامىنى ئۇنتۇپ قالدىم. بۇ كېلىشمەكلىككە قارا، زەينەپ، بىردىنلا "قوي" دېگەن شېئىر ئېسىمگە كېلىپ قالماسمۇ! بورۇن ئۆگەنگىنىمنى ئۇنتۇشنىڭ ئورنىغا يېڭى ئۆگەنگىنىمنى ئۇنتۇپتىمەن...

ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈر: مەن سەھنىدە زالدىكىلەرگە قاراپ، زالدىكىلەر ماڭا قاراپ، بىر-بىرىمىزگە قارىشىپلا تۇردۇق.

ھېلىمۇ ياخشى، مۇئەللىمىمىز سەھنە ئارقىسىدىن "يۇرتۇم" دەپ پىچىرلىغانىدى، مەن ئاۋازىمنىڭ بارىچە "يۇرتۇم" دەپ ۋارقىرىدىم، لېكىن كەينىدىن ھېچ نەرسە يادىمغا كەلمىدى. شېئىر ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ. ئۇنداق جىمجىت تۇرۇۋەگىلى بولمايدۇ-دە! ھېچبولمىسا ئەمدى ئېسىمگە كېلىپ قالار، دەپ، يەنە بىر قېتىم "يۇرتۇم" دەپ ۋارقىرىدىم. يەنە ئۇنۇم ئېچىمگە چۈشۈپ كەتتى.زالدىكىلەر گۈلدۈراس چاۋاك چالماسمۇ! تېخىمۇ ھودۇقۇپ كەتتىم. "يۇرتۇم" دەپ ۋارقىرىدىنىمدا ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئالقىشلىغىنىنى چۈشەنمىدىم. شۇ ئارىدا مۇئەللىمىمىزنىڭ پىچىرلىغىنىنى ئاڭلىدىم-دە، شۇ ھامان "ئەي..." دەپ شۇنداق يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدىمكى ، پۈتۈن ئاۋازىم تۈگەپ، ئاغزىمدىن ئىشىك غاچىرلىغاندەك ئىنچىكە ئاۋازدا بىر"ئەي..." چىقتى. يەنە بىر ئالقىش ياڭرىدى. بۇ ئالقىشتىن كېيىن پۈتۈنلەي قالايمىقان دېكلاماتسىيە قىلىۋېرىپتىمەن. كېيىن ساۋاقداشلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ شېئىرنى مۇنداق دېكلاماتسىيە قىلىپتىمەن:

ئەي پەشمەتلەر تويا-چاڭلار، ئەي ھەل بەرگەن يەكتەكلەر،  
ئەي قىرىققا بىر باشاقلار، گۈللەر، باغلار، داستانلار، ۋە قويۇق  
بوي تارتقان بوستانلار دىيارى ھەي!

دەپ پۇتۇمنى يەرگە ئۇرغاندا، بىردىن سەكرىۋەتتىم. نېمىشقا شۇنداق قىلغىنىمنى بىلەمسەن ؟ مۇئەللىمنىڭ ئالدىدىكى رەپىتىستە ئۆكچەمنى يەرگە ئورۇۋېرىپ، ئايىغىمنىڭ بىر تال مىخى چىقىپ قاپتىكەن."هەي" دەپ پۇتۇمنى يەرگە ئۇرغاندا، ئۇ مىخنىڭ ئۇچى"گاچ" قىلىپ تاپىنىمغا كىرىپ، گويا يۈرىكىمگە پىچاق سانجىغاندەك بولۇپ كەتكەندى.

مانا شۇ ئاغرىق بىلەن يادلىۋالغان شېئىرنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەندىم. ئاڭلىغۇچىلار قاقاقلاپكۈلۈشتىن ئۆزىنى توختىتالمىدى، مېنىڭ بولسا يىغلىۋەتكۈم كېلەتتى، بىر ياقتىن مۇئەللىمنىڭ دەپ بەرگىنىنى ئاڭلاي دەپ سەھنىنىڭ كەينىگە قارايتتىم. مۇئەللىم پىچىرلاپ دەپ بەرگىنىنى ئاڭلىمىغىنىم ئۈچۈن ۋارقىرىدى:

- "هەي شۇ كاتتا ئەربابلارنى يېتىشتۈرگەن ئانىنىڭ"...

كەينىدىكى سۆزنى يەنە تاپالمىدىم.بەلكىم ئېسىمگە كېلىپ قالار دەپ، ئۇ مىسرانى قايتا-قايتا تەكرارلايتتىم. بىراق دەل"ئانىنىڭ" دېگەن يەرگە كەلگەندە، يىڭنىسى تاقىشىپ قالغان فاتېفون تەخسىسدەك توختاپ قالاتتىم. يىغلامسىراپ چىققان تىترەك ئاۋاز بىلەن:«ئانىنىڭ... ئانىنىڭ...» دەپ تۇرغىنىمدا، يەنە بىردىنلا ھېلىقى«قوي» دېگەن شېئىرىم كاللامغا كىرىۋېلىپ، شارىلداپ دېكلاماتسيە قىلىپ كەتمەسمەنمۇ!

ئانىنىڭ... ئانىنىڭ... ئانىنىڭ...
قۇيرۇقىدىن ياغ چىقار.
يېلىنىدىن سۈت بېرەر، ئۇنىڭ
يۇمشاق يۇڭلىرىدىن...

سەھنە ئارقىسىدا مۇئەللىم: "ئەي ئېتىكاپنىڭ... كەيپى ساپانىڭ..." دەپ پۇتلىرىنى يەرگە "گۇپ-گۇپ" ئۇراتتى. مەن مۇئەللىمدىن ئاڭلىغىنىمنىلا دەپ، كەينىدىن يەنە "قوي" شېئىرىنى دېكلاماتسيە قىلاتتىم:

... ئېتىكاپنىڭ هەي!
مۈڭگۈزلىرى ساپ بولار.
گۆشى بىزگە ئوزۇق بولار،
تېرىسى هەر ئىشقا يارار،
مايىقى ئوغۇت بولار، هەي...!

ئۆزۈمنى سەھنىدىن ئاتتىم. ئالقىشتىن گويا زال ئۆرۈلۈپ چۈشكۈدەك بولۇپ كەتتى. مۇئەللىم ئىنتايىن ئاچچىقى بىلەن:

- نېمە قىلغىنىڭ بۇ، ئەخمەت ؟- دېدى.

- نېمە قىلغىنىم بولسۇن... كىشى ھەر قانچە قىلسا، بۇرۇن ئۆگەنگىنىنى بىردىنلا ئۇنتالمايدىكەن، - دېدىم.

يەنە بىر ئېغىز گەپ قىلىدىغان بولسام يىغلىۋېتەتتىم. مۇئەللىم ئىككىلىمىز ئاقساپ كېتىۋاتاتتۇق . مىق سانجىلىپ كەتمىسۇن دەپ، پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ماڭاتتىم. كەچتە دادام:

- ئوغلۇم، تاڭ قالدۇردۇڭ. ئويۇن كۆرگۈچىلەر كۈلكىدىن باش كۆتۈرۈلمەي يەرلەردە دومىلاشتى...

- تولا كۈلۈپ كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى. ھوشۇمدىن كەتكىلى تاس قالدىم، - دېدىئاپامۇ.

ئويۇن كۆرگۈچىلەر ئادىشىپ كەتكىنىمنى ئۇقماي، بىلىپ تۇرۇپ ئەتەي شۇنداق قىلدى، دەپ چۈشىنىپتۇدەك.

دېمەك، زەينەپ، ئاخىرقى بىر نەچچە كۈن مۇشۇنداق ۋاراڭ-چۇرۇڭ، تاراق-تۇرۇقلار بىلەن ئۆتتى.

سەن خېتىڭدە، مېنىڭ دادامنىڭ مەكتەپتە ئوقۇغان چاغلىرىدا بىرىنچى بولغان- بولمىغانلىقىغا قىزىقىدىغانلىقىڭنى يازغان ئىكەنسەن. ئەپسۇسكى، دادام سىنىپتا بىرىنچى ئەمەس، چۈنكى ئۇ مەكتەپتە ئوقۇماپتىكەن. مەكتەپتە ئوقۇغان بولسا ئىدى، ئۇمۇ ماڭا ھەممە ئاتىلاردەك سىنىپنىڭ بىرىنچىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان بولاتتى...

ماڭا خۇشاللىق بەخش ئېتىدىغان خەتلىرىڭنى كۈتۈپ، ساڭا ئامانلىق تىلەيمەن.

ساۋاقدىشىڭ: ئەخمەت تارباي

1691-يىلى 11-نويابىر، ئىستانبۇل

# تىرىشقان تاپىدۇ

ساۋاقدىشىم ئەخمەت:

ماڭا ئۆتكەنكى خېتىڭدەك يەنە ئۇزۇن-ئۇزۇن خەتلەرنى يازغىن، بولامدۇ؟ ئۇزۇن دېسەم باشقىچە ئويلاپ قالما، خېتىڭنى بىر نەپەستە ئوقۇپ چىقتىم، سىنىپىمىزدىكى بىر-ئىككى ساۋاقدىشىمغىمۇ ئوقۇپ بەردىم. ئۇلار شۇنداق كۈلۈشتىكى...

بۇ يەردە ھاۋا سوغۇق بولغاچقا، تېخى بىنانىڭ باغچىسىدا ئوينىيالمىدۇق. مەكتەپتىن كېلىپلا دەرس تەكرارلايمەن، ئاپامغىمۇ ياردەملىشىمەن. ھەدەمنىڭ ئۆي ئىشلىرى بىلەن خوشى يوق ،ئەتراپتىكى ئىشلار بىلەن كارى يوق، پەقەت ئاشخانىغا كىرىۋېلىپ پىرەنىك، تورت دېگەنلەرنى پىشۇرۇشنىلا بىلىدۇ، ھەدەم ئاشخانىغا بىر كىرىپ كەتتىمۇ، ئاپام بىر ھەپتىگىچە ھېچ نەرسىنىڭ قويغان يېرىدە تۇرمايدىغانلىقىدىن ئاغرىنىدۇ.

ھەدەمنىڭ ئاقلىق چېيى ئىچۈرۈلۈش ئالدىدا، تۇراتتى، كېيىن يېنىشىپ كەتتى. يېقىندىن بۇيان بىزنىڭ ئۆيدىكى ئەڭ چوڭ مەسىلە مۇشۇ بولۇپ قالدى. ئاقلىق چاينىڭ بۇزۇلۇشى ئىنىم مەتنىنىڭ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن بولدى.

كېچىلىرى يا دادامنىڭ ساۋاقداشلىرى بولغان قوشنىلىرىمىز بىزنىڭ ئۆيگە كىرىدۇ ياكى بىز ئۇلارنىڭكىگە چىقىمىز. ھەر ھەپتىدە كەم بولغاندا ئىككى قېتىم مۇشۇنداق بولىدۇ تۆت ساۋاقداش بىر يەرگە جەم بولغاندا، كۆپىنچە زەينەل بەگ توغرۇلۇق گەپ بولىدۇ. ئۇلار توختىماي زەينەل بەگدىن ئەپسۇسلىنىدۇ. زەينەل بەگ دادام بىلەن ساۋاقداشلىرى ئىشلەيدىغان كارخانىنىڭ خوجايىنى ئىكەن.

ئاپام پات-پات: «بۇ زەينەل بەگدىن ئەجەبمۇ زېرىكتىم، سىلەر قىلىشىدىغان بونىڭدىن باشقا گەپ يوقمۇ؟» دەيدۇ. لېكىن بىر ئازدىن كېيىن يەنە ئايلىنىپ شۇ گەپكە كېلىشىدۇ. زەينەل بەگنىڭ بىر قانچە كارخانىسى بار ئىكەن. ئۇ ناھايىتى باي ئىكەن، يەنە كۈندىن-كۈنگە بېيىپ كېتىۋاتقۇدەك. بۇ زەينەل بەگ ئەسلىدە شۇنداق دۆت ئادەم ئىكەنكى، باشلانغۇچ مەكتەپنىمۇ ئاران پۈتتۈرگەنكەن.

دادمنىڭ ساۋاقداشلىرىدىن بىرى بۇ زەينەل بەگنىڭ يۇرتدىشى بولۇپ، ئۇ شۇنداق دەيدۇ: «ئۇ بىزدىن ئون ياش چوڭ ئىدى، ئۇ ئۈچىنچى سىنىپنا ئوقۇۋاتقاندا، مەن مەكتەپكە يېڭى كىرگەن. دېمەك ،ئۇ ئوقۇغىلى قانچە يىل بوپتۇ... مەن باشلانغۇچنى پۈتتۈرگەندە، ئۇ تېخىچە تۆتىنچى سىنىپتا ئىدى .

زەينەلنىڭ دادىسىغا دوستلىرى: "سېنىڭ ئوغلۇڭ مۇدىر بولىدۇ..." دەپ مەسخىرە قىلىشاتتى. چۈنكى ،ئۇنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ۋاقتىدىلا بۇرۇتلىرى خەت تارتقانىدى.

بىر كۈنى، ئۇ سىنىپقا مۇپەتتىش كىرىپ، زەينەلنى مۇئەللىم، مۇئەللىمنى ئوقۇغۇچى دەپ ئويلاپ ،مۇئەللىمگە:

«ئوغلۇم، پارتاڭدا ئولتۇرساڭچۇ!» دەپتىكەن.

ئۇ توغرۇلۇق دادامىمۇ ھەر دائىم:«ھازىر ئۇنى باشقىچە بولۇپ كەتتى دەمسەن، ھازىر ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر...» دەيدۇ.

ئاڭلىساڭ، بۇ زەينەل بەگ ھەققىدە ئۇلار يەنە نېمىلەرنى دېيىشىدۇ دېمەمسەن:«مەملىكىتىمىز بىرئەسىردە يېتىشتۈرگەن ئىنتايىن كەم ئۇچرايدىغان كالۋالاردىن...»، «جاھاندا تەڭدىشى يوق گالۋاڭلار چېمپىيونى...» ۋەھاكازالار.

زەينەلنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا:«سېنىڭ ئوقۇپ ئادەم بولۇشۇڭ يوق گەپ، ھېچبولمىغاندا، مېنىڭ يېنىمدا ئىشلەپ تىجارەتكە كىرىشكىن» دەيدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، زەينەل تىجارەتكە كىرىشىپ كېتىپتىكەن، قايتا ئۇنى تىجارەتتىن قول ئۈزدۈرەلمەپتۇ. ئۇ ناھايىتى باي بوپتۇ. دېمەكچى، ئۇ ناھايىتى ھۇرۇن، بىكار تەلەپ ئادەم ئىكەن .لېكىن، چوڭ بىر ھۈنىرى بار ئىكەن، يەنە ئادەم ئىشلىتىشكە ئۇستا ئىكەن. كارخانىلىرىدا، شىركەتلەردە نۇرغۇن قۇرۇلۇش مۇتەخەسسىسلىرى، ئىنژېنېرلار، ئادۋۇكاتلار، دوختۇرلار ۋە باشقىلار ئىشلەيدىكەن.

پات-پات:«بىز ئوقۇدۇق، ئىشلىدۇق دەپ نەگە يەتتۇق... مانا زەينەل بەگنىڭ ئىشنى قىلىۋاتىمىز» دەپ ئاغرىناتتى.

زەينەل بەگنىڭ بىلىمسىزلىكى ھەققىدە نۇرغۇن گەپلەر بار ئىدى. بىر كۈنى زەينەل بەگ مۇدىرلىرىدىن بىرىنى ۋە كاتىپىنى ئېلىپ فەلېمەنگە )*( بېرىپ، ئۇ يەردە خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قاپتۇ

.كېيىن ئۇ يېنىدىكى مۇدىرغا:«فەلىمەن ناھايىتى ياخشى يەر ئىكەن. بۇ يەر ماڭا ياردى. راست ماختىغۇچىلىكى بار ئىكەن، ئەمدى گوللاندىيىگە بىر بېرىپ كۆرۈپ كېلەيلى...» دەپتۇ.

بىر ساياھەتىدە، ئۇ بارغان يېرىنىڭ لەختىستان)**( ئىكەنلىگىنى ئاڭلاپ بەكمۇ ھاڭ-تاڭ بوپتۇ .
«ۋاي خۇدايىمەي، مەن بۇ يەرگە پولشا دەپ كەلگەنىدىم، خاتا كەپقاپتۇق. ئەمدى بېرىپ پولشانى كۆرەيلى» دەپتۇ ئۇ.

بىر كۈنى كەچتە، داداملار بىزنىڭ ئۆيدە زەينەل بەگنىڭ بىلىمسىزلىكىنى مەسخىرە قىلىشقانىدى ،بىردىن مەتىن سۆزگەئارلاشتى:

- بۇنچىۋالا بىلىمسىز، تەجرىبىسىز، ھورۇن تۈرۈپ قانداق باي بوپتۇ ئەمسە؟
- چوڭلار گەپ قىلىۋاتقاندا باللار قوشۇق سالسا بولمايدۇ!- دەپ مەتىننى جىم قىلدى ئاپام.

دادام ئىزاھات بېرىشكە توغرا كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان بولسا كېرەك:
-سېنىڭ تېخى بۇنىڭغا ئەقلىڭ يەتمەيدۇ، - دېدى.

ھەدەم مانا مۇشۇ زەينەل بەگنىڭ ئوغلىغا چاي ئىچۈرۈلمەكچى ئىدى.
سەن ھەدەمنى كۆرگەنمىدىڭ؟ ئۇ ماڭا ئوخشايدۇ، مەندىن چىرايلىق.

ئۆيدە چاي ئىچۈرۈشتىن زادى سۆز ئېچىشمىدى، ھەدەممۇ بىزگە بىر نەرسە دېمىدى. لېكىن، بىز دېيىلگەن گەپ-سۆزلەردىن چۈشەنگەندۇق. ئۆيدىكى پەۋقۇلئاددە كەيپىياتتىن بۇنى ئالدى بىلەن چۈشەنگەن مەتىن ئىدى. ئاپام بىر ئىش قىلغاندا ناخشا ئېيتقاچ قىلاتتى، ھەدەم خۇشاللىقنى يوشۇرۇشقا تىرىشاتتى، لېكىن ھەركەتلىرىدىن چېنىپ قالاتتى. بىر كۈنى مەتىن ماڭا:

- بىلەمسەن، ھەدەمگە چاي ئىچۈرىدىكەن... دېدى.
- ياخشى گەپقۇ...- دېدىم مەنمۇ.
- لېكىن، كىملىكىنى بىلەمسەن؟
- ھە راست، كىم ئىكەن؟- دەپ سورىدىم بىلمەسكە سېلىپ.
- زەينەل بەگنىڭ ئوغلىغا.

ئۇنۇمنى چىقارمىسام، ئۇ قېيدىدى:
-ئاڭلىمامسەن، زەينەل بەگنىڭ ئوغلىغا چاي ئىچۈرىدىكەن دەۋاتىمەن.

- ئىچۈرسە نېمە بوپتۇ؟ نېمىشقا قېيدايسەن؟
- ھىم... دېمەك سەنمۇ ئۇلار تەرەپ ئىكەنسەن-دە؟

-بۇ ئىش بىلەن مېنىڭ چاتىقىم يوق.

مەتىن ئۆيدە كۆپىنچە مەن بىلەن چىقىشاتتى. ھازىر ئۇنىڭ تەرسالىقى تۇتتى:

- نېمىشقا چاتىقىڭ يوق ؟ مەن خالىمايمەن. ئۇنداق نەرسە بولمايدۇ!- دەپ ۋارقىرىدى ئۇ

.

تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتمىسۇن دەپ، ئۇنىڭمۇ چىقارمىدىم، ئۇ مۇنداق قوشۇمچە قىلدى:

- زەينەل بەگنى ئۇلار داۋاملىق:«ئېشەكنىڭ ئۆزى، ھايۋان دېسىمۇ بولىدۇ» دېيىشىۋاتاتتىغۇ ؟ ئەمدى ھەدەمنى ئېشەكنىڭ ئۆزى دېگەن ئادەمنىڭ ئوغلىغا بېرەمدىكەن ؟

- دادىسى ئۇنداق بولسا ، ئوغلىمۇ شۇنداق بولامتىمۇ ؟

- ھە... ئوغلىنىڭ قانداقلىقىنى بىلەمسەن ؟ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرەلمەيتىكەن، دادىسى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ، پۇلىنىڭ كۈچى بىلەن تولۇق ئوتتۇرىنى ئاران دېگەندە پۈتتۈرگۈزۈۋاپتۇ. ئاندىن كېيىن دادىسى:«بولدى، ئوغلۇم، ئەمدى ئوقۇما، ئەقلىڭ قالايمىقانلىشىپ ،ئەشقا يارىماس بولۇپ قالىسەن» دەپتۇ. يالغانمۇ ؟ دادام بىلەن دوستلىرى شۇنداق دېيىشمىگەنمۇ ؟

- بۇلارنى ئاپام بىلىم قالمىسۇن، مەتىن، چوڭلار بىزدىن ياخشىراق ئويلىشىدۇ،- دېدىم مەن.

مەتىن ھەم خاپا ھەم نارازى بولغان تەلەپپۇزدا:

- بىلمەن، سەن زادى شۇلار تەرەپ... دادامغىمۇ ئاچچىقىم كېلىۋاتىدۇ،- دېدى.

- نېمىشقا ؟

- نېمىشقا دەيسەنغۇ! ئۇ ئاشۇ زەينەل بەگگە قىلغان ۋەدىسىدىن ۋاز كەچمەيدۇيۇ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدۇ... مۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ ؟

مەتىن يېنىمدىن كەتتى. ئۇنىڭ يىغلىغانلىقىنى مېنى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ كەتكەنلىكى ئېنىق ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئاخىرقى سۆزىنى قىلغاندا ئاۋازى تىترەپ چىققانىدى. شۇ كۈندىن كېيىن مەتىن بوي بەرمەيدىغان، شوخ، ناھايىتى تەرسا بىر بالا بولدى. مەكتەپتىن شىكايەتلەر كېلىشكە باشلىدى.«شوخلۇق قىلىدۇ، دەرسلەرگە تىرىشمايدۇ» دەپ، مۇئەللىمدىن خەتلەر كەينى-كەينىدىن كەلگىلى تۇردى. دادام ئەندىشىگە چۈشۈپ كۆپ نەسىھەت قىلدى، ھەتتا بىر قېتىم ئۇردى، لېكىن ھېچقايسىسى كار قىلمىدى. ئۇ مەكتەپتىن قاچىدىغان بولۇپ قالدى. ئاپام ئەتىگەندە ئۇنى مەكتەپكە ئۆزى ئاپىرىپ قويسىمۇ، كەينىدىن يەنە قېچىپ كېلەتتى. دادام ئۆيدە ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىقچە سۆزلەشسىمۇ، بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي، دومسىيىپ تۇرۇۋېلىپ، گەپ قىلغىلى ئۇنىمايتتى.

بىر كۈنى مەن ئۇنىڭغا گەپ قىلماقچى ۋە ئۇنىڭ ئەچىدىكىنى بىلمەكچى بولدۇم. ئۇ ماڭا چوڭ باللاردەك مۇئامىلە قىلىپ:

- بۇ ئىشلارغا سېنىڭ ئەقلىڭ يەتمەيدۇ!- دېدى.

مەتىنىنىڭ بۇ تەرسالىقلىرى تۈپەيلىدىن ئاللىمىزنىڭ پەركايىي ئۇچتى، ئاپام پات-پات يىغلايتتى ، دادامنىڭ چىرايى ھەمىشە خاپا ئىدى.

بىر كۈنى، قاراڭغۇ چۈشكەندىمۇ مەتىن ئۆيگە قايتىپ كەلمىگەندى، ھەممىمىز كوچىلارغا چىقىپ ئۇنى ئىزدەشكە باشلىدۇق. ئۇ بارىدىغان ھەممە يەرگە باردۇق، يوق. ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىمىزدە دادامنىڭ دوستلىرىمۇ ئەنسىرەپ كىرىشتى. ئاپام يىغلاۋاتاتتى. مەتىننى قەيەردىن تاپقىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە باش قاتۇرۇپ تۇرۇشىمىزغا، ئىشىك غوڭغۇرىقى چېلىندى، ھەممەيلەن دەرھال ئىشىككە يۈگۈردۇق، مەتىن كەلگەندى.

ئۆيدە كەيپىيات ئىنتايىن جىددى ئىدى، لېكىن مەتىنىنىڭ دادامدىن قورقىدىغان ئەلپازى يوق ئىدى.

دادامنىڭ دوستلىرى بۇرۇن دادامغا:«بالىنى ئەيىبلەشتىن ھەزەر ئەيلە» دېگەچكە، داداممۇ ئۇندىمىدى ۋە ھېچ ئىش بولمىغاندەك مۇئامىلە قىلدى.

بىر ئازدىن كېيىن دادام مەتىننى ئالدىغا چاقىرىپ، يېقىملىق ئاۋاز بىلەن نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى:
-ئوغلۇم، مەكتەپتە ئوقۇمايدىغان، دەرسلەردە تىرىشمايدىغان بالا ئادەم بولمايدۇ. كىشى قانچە كۆپ تىرىشسا، شۇنچە كۆپ تاپىدۇ، كەلگۈسىدە راھەت تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. كىچىك ۋاقتىڭدا كۆپ تىرىشساڭ، چوڭ بولغاندا راھەت ياشايسەن...

بۇلار دادامنىڭ ھەر قېتىم قىلىدىغان نەسىھەتى ئىدى. دادامنىڭ دوستلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىشتى:
-ھاياتلىقتا تىرىشقان تاپىدۇ، ئوغلۇم...
-مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ يولى تىرىشىش، يەنە تىرىشىشتا...
بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، خاپا چىراي، بۇتناپ تۇرغان مەتىن بىردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:
- تىرىشقان قانچىلىك تاپىدۇ ؟- دەپ سورىدى.
- قانچە كۆپ تىرىشسا شۇنچە كۆپ تاپىدۇ.
-كۆپ تىرىشقانلار زەينەل بەگچىلىك تاپامدۇ ؟ مەتىنىنىڭ بۇ سوئالى بىلەن بىر ھازا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقى چۈشىنىشلىك ئىدى. دادام ئاۋازىنى سىلىقلاشتۇرۇپ:
- بىزمۇ ئۆز ۋاقتىدا بالا ئىدۇق،- بىزمۇ بالىلىقنى باشتىن ئۆتكۈزگەن. لېكىن، بىز بالا ۋاقتىتلىرىمىزدا...

مەتىن دادانىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

- تىرىشمايدىغان تېخىمۇ كۆپ تاپىدۇ.- دېدى.

-داداڭ يالغان دەۋاتامدۇ ؟- دەپ ئاۋازىنى كۆتۈردى دادام. مەتىن يىغلاشقا باشلىدى، سۆزلىرىنى ئۆكسۈشكە ئارلاشتۇرۇپ:

- توغرا ئېيتىسەن، - دېدى، - ھەر كۈنى كېچىدە زەينەل بەگنىڭ ھۇرۇن، قاپاقباش، بىلىمسىز بىر كالۋا ئىكەنلىكىنى دەيدىغان سىلەر ئەمەسمىدىڭلار؟ ئۇنىڭ زاۋۇتلىرى بار، شىركەتلىرى بار ،كارخانىلىرى بار، ماگزىنلىرى بار، ماشىنلىرى بار، بىنالىرى بار... ئوغلىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئوقۇماپتۇ...- ئۇ بىر ياقتىن يىغلاپ، بىر ياقىدىن چىگىشلەشكەن ئاۋازى بىلەن ۋارقىرايتتى، - مەن ئەمدى مەكتەپكە بارمايمەن. مەن زەينەل بەگدىنمۇ باي بولىمەن، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئادەم ئىشلىتىمەن .

تىرىشچان، بىلىملىك كىشىلەرنى ئىشقا ئالىمەن...

مەتىن ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتكەچكە، سۆزلىرىنىڭ ئاخىرى ئۇ يەردىن ئاڭلىناتتى. كۆزلىرى نەملەشكەن دادام ئۇنىڭغا:

- ماقۇل، ئوغلۇم، نېمە قىلغۇڭ كەلسە شۇنى قىل... ئوقۇشنى خالىمىساڭ، مەكتەپكە بارماي قوي!- دېدى.

ئاندىن دوستلىرىغا ئاستاغىنە:

-ئۇنىڭ بىلەن تىركەشمەيلى، - دېدى.

ئاپام مەتىننى ھۇجرىسىدىن ئاچىقىپ يۈزىنى يۇغىلى ئېلىپ ماڭغاندا، دادامنىڭ بىر دوستى:

گۇناھ بىزدە، - دېدى، - بىز بالىلارنىڭ يېنىدا ھەممە گەپنى قىلىپ خاتا قىلغان. ئۇلارنىڭ يېنىدا ھەر قانداق گەپنى قىلغىلى بولمايدۇ، - دېدى.

بۇ كىشىنىڭ خوتۇنى ئېرىگە كۆز ئىشارىسى قىلىپ مېنى كۆرسەتتى.

دادامنىڭ يەنە بىر دوستى:

- ئېھتىمال بالا راست ئېيتىدىغاندۇ، - دېدى، - بىز شۇنچە يىل ئوقۇپ ئاخىردا نېمە بولدۇق! ... مانا زەينەل بەگنىڭ قولىدا ئىشلەۋاتىمىزغۇ...

ئاپاممۇ، داداممۇ مەتىننىڭ بۇ تەرسالىقىنىڭ ھەدەمنى زەينەل بەگنىڭ ئوغلىغا چاي ئېچۇرۇشكە ۋەدە قىلغانلىقتىن بولغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن چاي ئېچۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان ۋەدىدىن يېنىۋېلىپ، ھەدەمنى بىر ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ ھازىر ئىشلەۋاتىدۇ، ئۆيدە مۆگدەپ ئولتۇرۇشتىن زېرىككەنىدى. دېمەك، بۇ چاي ئېچۇرۇشكە ئۇمۇ ئانچە قىزىقمايتتى. ھازىر ئۇنىڭ ئۆزىنى تېخىمۇ ئەركىن ھېس قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىمەن.

مەتىن ئىچ- باغرىدىكىنى تۆكۈپ بوشاتقان كېچىنىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە بۇرۇنقىدەك مەكتىپىگە بېرىشقا باشلىدى. ئۇ بۇرۇنقىدىنمۇ چىقىشقاق بالا بولدى. چۈنكى، ئۇ چاي ئىچۈرۈلمەيدىغان بولغىنىغا ئۆزىنى سەۋەبكار دەپ قارايتتى. ئۇ دەرسلىرىگە بۇرۇنقىدىنمۇ تىرىشىدىغان بولدى، ئۆيدە ھەممەيلەن بىلەن ياراشتى، لېكىن قانداقتۇر مەن بىلەن ئانچە ياخشى ئەمەس. ئۇنىڭكىنى راست دەپ بەرمىگەنلىكىمگە ئاچچىقى بولسا كېرەك، ئۇ مەندىن خاپا ئىدى .ھالبۇكى مەنمۇ ئۇنىڭ تەرەپدارى ئىدىم. بىراق ئۇنىڭدەك قىلالمايتتىم- دە... ئۇنىڭ خاپىلىقىنى ئۆزۈن داۋاملىشىدۇ دەپ قارىمايمەن. بۇ خېتىمنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن يازدىم. ئۇيقۇم كەلدى، ئەمدى ياتىمەن. ئەتە يەكشەنبە، ئاپام مەتىن ئىككىمىزنى باللار تىياتىرخانىسىغا ئېلىپ بارماقچى.

ئۇ يەردىكى ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھېچقايسىسىنى ئۇنتۇمىدىم. ھەممىڭلارنى كۆپ سېغىندىم. بىللە چۈشكەن سۈرەتلىرىمىزگە قاراپ سىلەرنى ئەسلەيمەن. ھەممىڭلارغا چىن قەلبىمدىن سالام يوللايمەن ، ساڭمۇ زور مۇۋەپپىقيەتلەر تىلەيمەن.

ساۋاقدىشىڭ: زەينەپ يالقىر
1691- يىلى 89- دېكابىر، ئەنقەرە

**پىداكار باللار**

ساۋاقدىشىم زەينەپ:

خېتىڭنى تاپشۇرۇۋالغىنىمغا ئىككى كۈن بولدى. شۇئان جاۋاب يازغۇم بار ئىدى، بىراق مۇئەللىمىمىز ئۆيگە كۆپ تاپشۇرۇق بەرگەچكە، ئەمدى جاۋاب يېزىۋاتىمەن.

يېڭى مۇئەللىمىمىزگىمۇ بارغانسېرى كۆنۈپ قالدۇق. مۇدىر سىنىپىمىزغا كىرگەن كۈنى دېمىرنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغىنىنى يازغانىدىمغۇ، شۇ ۋەقەدىن كېيىن ھەممىمىز، مۇئەللىم دېمىرغا

ئاچچقلايدۇ ، دەپ ئويلىغانىدۇق، زادى ئويلىغىنىمىزدەك بولمىدى. مەنمۇ ئۇ ۋەقەدىن كېيىن ناھايىتى قورققانىدىم ، ماڭىمۇ ھېچ خاپا بولغاندەك قىلمىدى.

مۇئەللىمىمىز كېيىنكى كۈنلەردە كۆپىنچە پىداكارلىق ھەققىدە سۆزلەيدىغان بولدى. ئۇ بىزگە بىر مۇنچە پىداكارلىق ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بەردى ۋە ھەر بىر ھېكايىسىدىن كېيىن بىزدىن: «بۇ ھېكايىدىن نېمىنى چۈشەندىڭلار؟ قانداق خۇلاسە چىقاردىڭلار؟ بۇنىڭدىن قانداق تەربىيە ئېلىش كېرەك؟» دەپ سورايتتى.

مۇئەللىمنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈشكە باشلىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن؟ ئۇ سۆزلەپ بەرگەن پىداكارلىق ھېكايىلىرىدىن مەن دەل ئۇ تەلەپ قىلغان خۇلاسىلەرنى چىقارغانىدىم. ئۇنىڭ نېمە تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالغانىدىم. شۇڭا، مەن ئۇ ياقتۇرىدىغان شەكىلدە گەپ قىلاتتىم. ئۇ ماڭا ھەر قېتىم: «ئاپىرىن، ئەخمەت!» دېگەندىن كېيىن، باللارغا: «ئەمدى سىلەرمۇ بۇ ھېكايىدىكى باللاردەك پىداكار بولۇشۇڭلار كېرەك» دەيتتى.

لېكىن، بىر قېتىم سىنىپتا ئىنتايىن جىددىي بىر مۇنازىرىگە قاتناشتۇق. مەن مۇئەللىم سۆزلەپ بەرگەن ھەر بىر ھېكايىدىن مۇئەللىمنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن خۇلاسە چىقىرىشتىن زېرىكىپ كەتكەنىدىم .
ئۇ كۈنى ھېكايىنى ئۆز چۈشەنچەم بويىچە چۈشەندۈرگىلى تۇردۇم.

مۇئەللىمىمىز سۆزلەپ بەرگەن پىداكارلىق ھېكايىسىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولغان بىز دېھقانلىك بىر يېزا بالىسى ئۇرۇش جەريانىدا دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى كۆزىتىش ئۈچۈن بىر قاپاق تېرەككە چىقىدۇ. ئۇ دۈشمەنلەرنى يىراقتىن كۆرۈپ، يېزىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانىغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن يېزىغا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقىنىدا، دۈشمەننىڭ ئوقى تېگىپ يارىلىنىدۇ ۋە يېزىدىكى قوماندانغا خەۋەرنى يەتكۈزۈپلا، ئۇنىڭ قولىدا جان ئۈزىدۇ.

مۇئەللىم ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن:
- ئەخمەت، سەن بىزگە ئېيتىپ بەرگىنە، بۇ ھېكايىدىن ئالىدىغان تەربىيە نېمە؟ - دېدى.
- مۇئەللىم ،- دېدىم مەن ،- سىز سۆزلەپ بەرگەن بۇ ۋەقە راست بوپتىكەنمۇ ياكى باللار پىداكارلىق تەربىيىسى ئالسۇن دەپ، چوڭلار توقۇپ چىققان ھېكايىمۇ؟

مۇئەللىم بۇ سوئالىمغا ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى، چۈنكى ئۇ مەندىن بۇنداق سوئالنى كۈتمىگەنىدى. ئۇ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

- نېمە دېمەكچىسەن؟ راست بولسۇن، توقۇپ چىقىلغان بولسۇن، بۇنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ - دېدى.

- راست ۋەقە دېيىلسە، بۇنداق بىر ۋەقەگە ئىشىنىش ناھايىتى تەس.

- نېمە ئۈچۈن؟

- دۇشمەننى كۆزىتىش ئۈچۈن 11 ياشلىق بالىدىن باشقا ئادەم چىقماپتىمۇ؟ بۇنداق بىر مۇھىم ئىش ئاخىر بېرىپ 11 ياشلىق بىر بالىغا قاپتىمۇ؟ مېنىڭ ئەقلىمگە مۇشۇنداق سوئاللار كېلىدۇ .

بالىلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئۇرۇشىدىكەنۇ، بىر كىچىك بالىنى كۆزەتچىلىك قىلدۇرىدىكەن...

- ئەلۋەتتە، بۇ بىر ھېكايە ، - مۇئەللىم سۆزۈمنى بۆلۈۋەتكەندىن كېيىن پۈتۈن ئوقۇغۇچىلاردىن سورىدى ، - ھەممىڭلار ئەخمەتتەك ئويلامسىلەر؟

سىنىپتا «ياق، ياق، ياق...» دېگەن ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى. چىنگىز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

- بىز بالىلار پىداكار بولۇشىمىز كېرەك، بۇ ھېكايە مانا شۇنى چۈشەندۈرىدۇ ، - دېدى.

بۇنىڭ بىلەن ئۇ گويا مۇھىم بىر سۆز قىلغاندەك، كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭا قاراپ قويدى. لېكىن دېمىر:

- مەن ئەخمەتتەك ئويلايمەن ، - دېدى.

مۇئەللىم ھەممەيلەندىن يەنە بىر قۇر سوراپ چىقتى.

- خوپ، سىلەرچە، ئەخمەت بىلەن دېمىر نېمە ئۈچۈن سىلەردىن باشقىچە ئويلايدۇ؟ چىنگىز يەنە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ چاڭىلدىدى:

- مۇئەللىم، ئۇلار جاۋاب پەرقلىق بولسۇن، دەپ ھەمىشە شۇنداق قىلىدۇ.

تەنەپپۇسقا قوڭغۇراق چېلىندى. مۇئەللىم:

- بۇ مەسىلىنى چۈشتىن كېيىنكى دەرستە يەنە سۆزلىشىمىز ، - دېدى.

ساڭا بىر ئىشنى ئېيتايمۇ زەينەب، قوڭغۇراق چېلىنغىنىغا ئىنتايىن خۇش بولدۇم. چۈنكى ، مۇئەللىمگە نېمە دېيىشنى بىلمەيتتىم. قۇرۇق سۆز قىلاتتىم. بۇ ھېكايە كۆڭلۈمگە زادى ياقمىغانلىقى راست ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، مۇئەللىمنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى ھاياجانلىق بىر پىداكارلىق ھېكايىسى ئىدى. ھېكايە ھەممىمىزگە تەسىر قىلغانىدى.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ساۋاقداشلار مەكتەپ باغچىسىدا دەرەخلەرنىڭ تۈۋىدە تۇرۇشۇپ كۆزەتچىلىك قىلىشقا باشلىدى. دەرەخلەرنىڭ ئۈچىلىرىدا «تاتاتات، تاتاتات...» دېيىشىپ پىلموت ئاۋازلىرى چىقىرىپ، ئاتالمىش دۇشمەننى ئوققا تۇتۇشاتتى. باغچىدا ھەممىمىزگە يەتكۈدەك دەرەخ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مەن بىرىنچى قەۋەت دېرىزە تۆمۈرىدىن تامغا، ئۇ يەردىن سۇ تۇرۇبىسىغا يامىشىپ بىر قونداققا چىقىۋالدىم. مېنىڭ ئالدىمدىكى ئاكاتسىيە دەرىخىنىڭ ئۈچىدىكى چىنگىز بىلەن ھۇسەيىن: «كۆزەتچىلىكنى سەن قىلمايسەن، مەن قىلىمەن» دەپ تالىشىپ تۇرۇشاتتى.

- بۇ ۋەزىپە ماڭا بېرىلدى، بۇ يەر مېنىڭ يېرىم! - دەپ ۋارقىرايتتى ھۇسەين.

كېيىن تۇيۇقسىز ھۇسەيىننىڭ ئاۋازىنى يەردىن ئاڭلىدىم. ئۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە يىغلاۋاتاتتى. ھەممىمىز يۈگۈرۈپ باردۇق، ئوقۇتقۇچىلارمۇ كېلىشتى. ئىككىنچى سىنىپنىڭ مۇئەللىمى:

- دەرەخنىڭ ئۇچىدا نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟ - دەپ سورىدى.

- دۇشمەنگە قارىغاندىم...

- نەدىكى دۇشمەن؟ نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟ - دېدى مۇئەللىم ھاڭ-تاڭ بولۇپ.

ھۇسەيىننىڭ يارىسى ئېغىر ئەمەسمىش، ئۇنىڭ بېشىنى تېڭىپ قويىدى. ئۇنى دەرەخنىڭ ئۇچىدىن چىنگىزنىڭ ئىتتىرىۋەتكەنلىكىنى بىلمەن، لېكىن ھۇسەين ئۇنى تۇتۇپ بەرمىدى. مۇئەللىملەر:

- سېنى كىم ئىتتىرىۋەتتى؟ - دەپ كەينى-كەينىدىن سوراشتى.

- ھېچكىم ئىتتىرىۋەتمىدى، پۇتۇپ تېيىلىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشتۈم ...- دەپ تۇرۇۋالدى ھۇسەين.

ھۇسەيىننىڭ مۇئامىلىسى مېنى ئىنتايىن ئويلاندۇردى. ئۇ خىياللارنىڭ تەسىرى بىلەن چۈشتىن كېيىنكى دەرستە مۇئەللىممىزنىڭ سوئالىغا قارىتا:

- بىر ھەرىكەت ئەگەر پىداكارلىقمىنى كۆرستەي، بۇنى ھەممەيلەن بىلىۋالسۇن، ئۇقۇۋالسۇن دەپ قىلىنسا، ئۇ ھالدا بۇ ھەرىكەت پىداكارلىق بولماي قالىدۇ، - دېدىم.

بۇنداق دەۋېتىپ يەنە ھۇسەيىننىڭ ھەرىكىتىنى ئويلايتتىم.

مۇئەللىممىز ئەتىسىمۇ باشقا بىر پىداكارلىق ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى. بىر كەمبەغەل بالا كېسەل ئانىسىغا دورا ئېلىش ئۈچۈن ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغاندا، باشقا بىر بالا جىنايەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

يەنە بىلەرمەنلىك قىلدى دېمىسۇن دەپ، ئۆز چۈشەنچەمنى ئاشكارىلىمىدىم. لېكىن، بۇ ھېكايىدە كالۋالىق پىداكارلىق ھېسابلانغاندى.

بىزنىڭ مۇئەللىم بىلەن 1 - ب سىنىپىنىڭ مۇئەللىمى بىرلىشىپ ،1 - ئا ۋە 1 - ب سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا پىداكارلىق ھېكايىسى سۆزلەش مۇسابىقىسى ئېلىپ باردى. بۇ مۇسابىقە مەكتەپتە چوڭ تەسىر قوزغىدى. مۇئەللىممىز مۇسابىقىدە مېنىڭ ئۇتۇپ چىقىشىمغا چوڭ ئۈمىد

باغلىغانىدى. مېنىڭ پىداكارلىق ھەققىدىكى چۈشەنچەمنى ئىپادىلەيدىغان بىر ھېكايە يازغۇم بار ئىدى. بۇ ھېكايىنى يېزىش ئۈچۈن ئۈچ كۈن ھەپىلەشتىم. ئاپام بىلەن دادامغا ئوقۇپ بەردىم. بۇرۇن يازغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ياقتۇرغان داداممۇ بۇ ھېكايەمنى ياقتۇرمىدى. تاغامغا ئوقۇپ بەرسەم ، ئۇمۇ ياقتۇرمىدى.

مەن يازغان پىداكارلىق توغرىسىدىكى ھېكايىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: بىر بالىنىڭ ئىنىسى ئېغىر كېسەل بولۇپ قالىدۇ. بالا بۇنىڭدىن شۇنداق بىئارام بولىدۇكى، ھەر كېچە ئورنىدا يېتىپ: «ئەي خۇدا، ئىنىمنى ئۆلتۈرمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا مېنىڭ جېنىمنى ئالغايسەن!» دەپ دۇئا قىلىدۇ. بىر كۈنى چۈشىدە يوغان بىر دىۋە كېلىپ: «پىداكارلىق تىلىكىڭ قوبۇل بولدى. ئىنىڭنىڭ ئورنىغا سېنى ئېلىپ كېتىشكە كەلدىم» دەيدۇ. بالا: «مەن پىداكارلىقىمنى كۆرسىتىش ئۈچۈن شۇنداق دېگەنىدىم، مېنى ئېلىپ كەتمە!» دەپ يىغلاپ يالۋۇرۇشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ ۋارقىرىشىدىن ئانىسى ئويغىنىپ كېتىپ: «بالام، سېنى قارا باستىمۇ نېمە؟ ئۇستۇڭ ئوچۇق قېلىپ قورقۇنچلۇق چۈش كۆرگەن ئوخشايسەن . كۆزۈڭنى ئاچ، بالام...» دەپ بالىنى تىنچىتىدۇ.

بۇ ھېكايە ئارقىلىق پىداكارلىق ھەققىدە نېمە چۈشەنگەنلىكىمنى چۈشەندۈرەلىدىممۇ؟ مەن ئۆلارنى پىداكارلىقنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىنغان پىداكارلىق بىلەن مەسخىرە قىلماقچى ئىدىم.

9 -، 1 - سىنىپلار كۈلۈبقا توپلاندى، ئوقۇتقۇچىلارمۇ كىرىشتى. بىزدىن ئالتە ، 1 - ب سىنىپتىن بەش ئوقۇغۇچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. ھېكايە ئوقۇش نۆۋىتى ئۈچۈن چەك تارتىلدى. مەن چەكتە سەككىزىنچى بولدۇم. مەن ھېكايەمنى ئوقۇۋېتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە مۇدىرنىڭ چىرايىدىن ياقتۇرمىغىنىنى چۈشەندىم. لېكىن، بالىلار ھەممىدىن مېنىڭ ھېكايەمنى ئالقىشلىدى. ھېكايە ئوقۇش تاماملانغاندا، ئوقۇتقۇچىلار ھېكايىلەرنى باھالاش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلار بۆلۈمىگە كىرىپ كەتتى. زالدا ۋاراڭ-چۇرۇڭ، تاراق-تۇرۇقلار باشلاندى. ساۋاقداشلار بىر-بىرىنىڭ گەدەنلىرىگە ئىنچىكە رېزىنكە رەگەتكىلەر بىلەن قەغەزلەرنى ئېتىشاتتى. ھازىر بىزنىڭ مەكتەپتە ھەممە ئوغۇل بالىلارنىڭ قولىدا مۇشۇنداق رەگەتكە بار. قەغەزدىن ياسالغان بۇ كىچىك ئوقلار كىشىنىڭ گەدىنىگە تەگسە ئاجايىب ئاغرىتاتتى... مەن زادى قارىغا تەگكۈزەلمەيمەن. تاش ئېتىشنىمۇ بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن، مېنى ساۋاقداشلار، تاشنى قىز بالىدەك ئاتىدۇ، دەپ مەسخىرە قىلىشىدۇ.

تۇيۇقسىز، گەدىنىمدىن ئوت چىقىپ كەتتى، خۇددى قىزىق يىڭنە سانجىلغاندەك بولۇپ كەتتىم ...غەزەپلەنگەن ھالدا يېنىمدا ئولتۇرىدىغان ساۋاقدىشىمنىڭ قولىدىن رەگەتكىسىنى تارتىۋالدىم-دە ،قەغەز ئوقنى قويۇپ، كىچىك رەگەتكىنىڭ ئىنچىكە رېزىنكىسىنى چىڭ تارتىپ ئاتتىم. ئاھ، زەينەب، بۇ كېلىشمەسلىكنى قارا... دەل شۇ چاغدا مۇدىر ئالدىدا، ئوقۇتقۇچىلار كەينىدە زالغا كىرىۋېتىپتىكەن ،مېنىڭ ئوقۇم ئۆزۈم ئاتماقچى بولغان تەرەپنىڭ دەل ئەكسىگە ئۇچۇپ بېرىپ

، «پاق» قىلىپ مۇدىرنىڭ گەدىنىگە تەگمەسمۇ! مۇدىر قولىنى گەدىنىگە قويدى، ئاندىن كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ بىزگە قارىدى.

- كىم ئاتتى؟ كىم ئاتقان بولسا ئوتتۇرىغا چىقسۇن! - دېدى 1 - ب سىنىپىنىڭ مۇئەللىمى.

بېشىمنى يەردىن كۆتۈرمەي، ئورنۇمدىن تۇراي دەۋاتاتتىم، بىزنىڭ مۇئەللىم:

- ئاتقان چىقمىسا، ھەممىڭلار جازالىنىسىلەر، ئۆيۈڭلارغا قايتۇرمايمىز! - دېدى.

مۇسابىقىمۇ، باھالانغانلارمۇ بىر ياقتا قايرىلىپ قالغانىدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ:

- مەن ئاتتىم، - دېدىم.

مۇدىر چىرايىمغا تىكىلىپ بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

- سەن ئاتمىدىڭ! - دېدى.

- مەن ئاتتىم.

- مەن كىشىلەرنىڭ چىرايىغا بىر قاراپلا بىلىمەن. سەن ئاتمىدىڭ... قارىساڭ جىنايەتچى ئوتتۇرىغا چىقمىدى. پۈتۈن ساۋاقداشلىرىڭنىڭ جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلىپ، ساۋاقداشلىرىڭنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن گۇناھنى ئۆز ئۈستۈڭگە ئالدىڭ.

لېكىن مېنىڭ زادىلا ئۇنداق نىيىتىم يوق ئىدى.

- ئەتەي قىلمىدىم، بىلمەي قىلىپ ساپتىمەن... باشقا يەرگە ئاتماقچى ئىدىم، قولۇمدىن چىقىپ كەتتى...

مۇدىر سەھنىگە چىقتى:

- مانا ،- دېدى ئۇ ،- پىداكارلىق دېگەن مۇشۇ. بۇ ساۋاقدىشىڭلار سىلەرگە بىر پىداكارلىق ئۈلگىسىنى كۆرسەتتى. ئۆزى ئاتمىغان بولسىمۇ، ھەممىڭلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، سىلەرگىمۇ تەربىيە بولسۇن دەپ، جازانى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۇنىڭ بۇ گۈزەل ئەخلاقى ئۈچۈن ھەممىڭلارنى كەچۈرىمەن .يازغان ھېكايىسى ياخشى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئۈلگىلىك ھەرىكىتى ئۈچۈن ئۇنى مۇسابىقىدە بىرىنچى دەپ ئېلان قىلىمەن.

ئامال قانچە، زەينەب، ئۇقتۇرماقچى بولغىنىمنىڭ دەل ئەكسى بولدى. جىنايەتچى بولۇپ تۇرۇقلۇق، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق پىداكارلىق ئۈلگىسى بولۇپ قالدىم. سېنىڭچىمۇ، پىداكارلىق بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىش باشقا - باشقا ئىشلار ئەمەسمۇ؟

خەپ، مۇشۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى تېزرەك پۈتتۈرسەم ئىدىم... دادام ئوقۇيالمىغانلىقى ئۈچۈن مېنى جەزمەن ئوقۇتقۇسى بار. تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگىنىمدىن كېيىن مېنى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتۇش ئۈچۈن چەت ئەلگە چىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ھەقتە ئاپام بىلەن ھازىرغىچە تالاش - تارتىش قىلىشىدۇ. ئاپام، مەن ئوغلۇمغا چىدىمايمەن، دەيدۇ.

ساڭمۇ شۇنداق تۇيۇلامدۇ، بىلمەيمەن، كۈنلەر ھېچ ئالدىغا ماڭمايۋاتقاندەك بىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ... مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىغىچە بولغان كۈنلەرنى كۈرستىدىغان ياخشى بىر ۋاقىت جەدۋىلى تۈزۈۋالدىم. يەكشەنبە كۈنلىرى بىلەن دەم ئېلىش كۈنلىرىنى ھېسابلىمىغاندا، ھېچقانچە ۋاقىت قالمىدى. بىراق شۇنداقتىمۇ كۈنلەر ئالدىغا ماڭمايۋاتىدۇ. ساڭا خەيرلىك ۋە ئامانلىق تىلەيمەن.

ئەخمەت

تارباي 1691-يىلى 11-نويابىر،

ئەنقەرە

**سەندىن زادى كۈتمىگەنىدىم**

ئەخمەت:

مېنى خەت-خەۋەرسىز قويمىغىنىڭغا رەھمەت. ئۆتكەنكى خېتىڭنى ئوقۇغىنىمدا، كۈلكىلىك ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بېشىڭدىن ئۆتكەنمىدۇ، دەپ ئويلىدىم. ياكى ماڭا ئۇ ۋەقەلەرنى كۈلكىلىك قىلىپ يېزىۋاتامسەن؟ خەتلىرىڭنى شۇ قەدەر ياقتۇرىمەنكى، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش يېزىشنى ئۆگىنىۋاتىمەن.

ئۆتكەن كۈنى بىزنىڭ سىنىپتىمۇ ھەممەيلەننى قاقاقلاپ كۈلدۈرۈۋەتكەن بىر ۋەقە بولدى. لېكىن، دەرستە ئەمەس، تەنەپپۇستا كۈلدۇق. بىزنى كۈلدۈرگەن بۇ ۋەقە تۈپەيلىدىن ئوقۇتقۇچىمىز ئىنتايىن خاپا بولدى.

ماڭا ئوخشاش يېزىشنى دوراپ، قىزىقارلىق بولسۇن دەپ توقۇپ چىقىپتۇ، دەپ قالما. مەن ساڭا ۋەقەنى ئۆز ئەينى بويىچە ئۇقتۇرۇشقا تىرىشىمەن.

ئالدى بىلەن ۋەقەنىڭ قەھرىمانىنى تونۇشتۇرۇۋېتەي: ئوسمان ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشىمىز بار. ئۇ ناھايىتى تىرىشچان، بولۇپمۇ ھېسابقا ناھايىتى ئۇستا، ناھايىتى تەرتىپلىك. ئۇنىڭ قەلەم قاپچۇقىدا ھەرخىل رەڭدىكى قېرىنداشلار بار، ھەممىسىنىڭ ئۇچى ئىنچىكە ئۇچلانغان. بۇ قېرىنداشلارنىڭ ئۇچلىرى قانداقچە سۇنۇپ كەتمەيدىغانلىقىغا ھەيرانمەن. مېنىڭ قېرىنداشلىرىم ھە دېسىلا يەرگە چۈشۈپ ئۇچلىرى سۇنۇپ كېتىدۇ. قاچانلىكى بىر نەرسە يازماقچى بولسام، سومكامدىن ئۇچى سۇنمىغان قېرىنداش تاپالمايمەن. لېكىن، ھەدەمگە قارىغاندا مەن تېخى ياخشى ئىكەنمەن. ئاپامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ھەدەم مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا سومكىسىدا زادى قېرىنداش تۇرمايدىكەن . سومكامدا ئۇچى سۇنۇق بولسىمۇ، ھەر ھالدا قېرىنداش بار.

ئوسماننىڭ يازمىچە تاپشۇرۇقلىرى رەڭگارەڭ سىزىقلار بىلەن رەسىمدەك بېزەلگەن، خەتلىرىنى ئۈنچە-مارجاندەك تىزىپ يازىدۇ. مۇئەللىمىمىز ھەر كۈنى دېگۈدەك بىرەر دەرسنى يازمىچە سىناق قىلىدۇ، بۇنى ئاز دەپ، ھەر ئىككى كۈندە بىر دېگۈدەك يازمىچە تاپشۇرۇق بېرىدۇ.

سىلەرنىڭ مۇئەللىمىڭلارمۇ شۇنداق قىلامدۇ؟

بىر كۈنى ئوسمان:

- بالىلار، مۇئەللىم يازمىچە تاپشۇرۇقلىرىمىزنى زادى تەكشۈرمەمدىكىن دەپ ئويلايمەن، - دېدى. ئالدى بىلەن مەن قارشى چىقتىم:

- تەكشۈرمەيدىغان بولسا، نېمىدەپ يازمىچە تاپشۇرۇق بەرسۇن؟

ئوسمان ماڭا قارشى چىقتى:

- تەكشۈرىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن.

- تەكشۈرمەيدىغانلىقىنى نەدىن بىلدىڭ؟- سورىدى بىر ساۋاقداش.

- چۈنكى، - دېدى ئوسمان، - ھېساب ئېنىق، مۇئەللىمىمىز ھەر كۈنى يازمىچە سىناق قىلامدۇ؟

- قىلىدۇ...- دېدۇق ھەممىمىز.

- تەخمىنەن ھەر ئىككى كۈندە بىر ئۆيگە تاپشۇرۇق بېرىۋاتامدۇ؟

- بېرىۋاتىدۇ!- دېدۇق بىز.

- ئەمدى ھېسابلاپ كۆرەيلى، - دېدى ئوسمان، - بۇ سىنىپتا 18 ئوقۇغۇچى بار، شۇنداقمۇ؟

- شۇنداق.

- دىمەك، مۇئەللىممىز ھەر كۈنى 18 يازمىچە سىناق قەغىزىنى ئوقۇيدۇ. يازمىچە ئۆي تاپشۇرۇقلىرىنىمۇ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە 81 تىن ھېسابلىساق، دىمەك، كۈندە 77 تاپشۇرۇق ...

بۇ تاپشۇرۇقلارنى مۇئەللىممىز ئۆيگە بارغاندا سائەت قانچىدە تەكشۈرۈشكە باشلايدۇ؟

- بۇنىڭ ساڭا نىمە مۇناسىۋىتى بار؟

- ھېسابلاپ باقايلى، بىر يازمىچە تاپشۇرۇقنى قانچە مىنۇتتا تەكشۈرۈپ بولغىلى بولىدۇ؟

ئوسماننىڭ ھېسابلىشى بويىچە، مۇئەللىممىز ھەر كۈنى 11 سائەت ۋاقتىنى بىزنىڭ يازمىچە تاپشۇرۇقلىرىمىزنى تەكشۈرۈشكە سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدىكەن، كېچىچە ئۇخلىماي تەكشۈرسىمۇ تەكشۈرۈپ بولالمايدىكەن.

بۇ ھېسابتىن كېيىن باللار جىم بولۇشتى. مەن پىكرىمدە چىڭ تۇرۇپ:

- ياق، تەكشۈرىدۇ...- دېدىم.

- خوپ، تەكشۈرىدۇ دەيلى،- دېدى ئوسمان،- مېنىڭچە، تاپشۇرۇقلار ئىچىدىن خالىغان بىر-ئىككىسىنىلا تەكشۈرىدۇ.

بۇ مۇنازىرىمىزدىن بىر-ئىككى كۈن كېيىن بىر قىز ساۋاقدىشىم بىرىنچى سائەت دەرستە ماڭا:

- ئوسماننىڭ دېگىنى توغرا ئوخشايدۇ،- دېدى.

ئاندىن ئۇ مۇنۇلارنى دەپ بەردى: ئۇنىڭ ئۆيى مۇئەللىمىزنىڭ ئۆيگە يېقىن ئىكەن. بۈگۈن ئەتىگەن مەكتەپكە كېلىۋاتقاندا، ئالدىدا قەغەزلەر شامالدا ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ. ئايىغىغا پۇتلاشقان قەغەزنى ئېلىپ قاراپ باقسا، ئۆزىنىڭ ئالدىنقى كۈنكى يازمىچە تاپشۇرۇقى ئىكەن. قەغەزلەرنىڭ قەيەردىن ئۇچۇپ كەلگىنىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرسە، مۇئەللىمنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى ئەخلەت ساندۇقىدىن ئۇچۇپ چىقىۋېتىپتۇ. "مانا!" دەپ پۇرلىشىپ كەتكەن تاپشۇرۇق قەغىزىنى كۆرسەتتى ئۇ.

- تاپشۇرۇقلىرىمىزنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى خاتىرە قىلىپ ساقلاپ قويمايدۇ-دە... - دېدىم مەن.

ئوسمان ئوڭ تەرىپىمدىكى پارتىدا ئولتۇراتتى. تارىخ دەسى ئۆتۈلۈۋاتقاندا، ئۇ ماڭا:

- مۇئەللىممىزنىڭ يازمىچە تاپشۇرۇقلىرىمىزنى تەكشۈرىدىغان- تەكشۈرمەيدىغانلىقىنى ئاڭلىماقچىمەن،- دېدى.

- قانداق ئاڭلايسەن؟

- كېيىن ئېيتىمەن.

مۇئەللىممىز سورىغان سوئاللارنىڭ بىرى مۇنداق ئىدى:
"دەپتەردار، نىشانچى، بەگلەر بېگى، ئەجەمئوغلى دېگەنلەر كىملەر؟ سۇلتان ئىبراھىم دەۋرىنى سۆزلەپ بېرىڭ".

تەنەپپۇستا دەپ بەرگىنىگە قارىغاندا، ئوسمان تاپشۇرۇق سوئاللارغا باشتىكى بىر قانچە قۇرغا توغرا جاۋاپ يازغاندىن كېيىن ،پادىشاھ سۇلتان ئىبراھىمغا مەكتۇپ يېزىپتۇ. ئۇ مەكتۇپنى:
"ھۆرمەتلىك تەلۋە ئىبراھىم تاغا!" دەپ باشلاپتۇ. ئۇزۇن مەكتۇپنىڭ ئاخىرىدا ھېلىقى سوئاللارغا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

"بەگلەر بېگى بوغاز ئىچىدىكى بىر پورت".

"دەپتەردار- دەپتىرى تار ① كەلگەن ئادەم دېگەنلىكتۇر".

"نىشانچى بىزنىڭ سىنىپتىكى چەتنىنىڭ لەقىمى. بىز ئۇنى قارىغۇ مەرگەن، دەپ مەسخىرە قىلىمىز، چۈنكى توپ ئويۇنىغاندا ۋوروتورغا توپ كىرگۈزىمەن دەپ، مەكتەپنىڭ پۈتۈن دېرىزە ئەينەكلىرىنى چېقىپ بولدى".

"ئەجەمئوغلى ① بولسا بىزنىڭ سىنىپتىكى رىزا. چۈنكى، ئۇ كۆز باغلاش ئويۇنىنى ئۆگىنەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ھەر ئويۇندا تاياق يەيدۇ".

ئوسمان مەكتەپ باغچىسىدا بۇلارنى دەپ بەرگەندە، ھەممىمىز قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق .لېكىن، مەن ئۇنىڭ راست شۇنداق قىلغانلىقىغا ئىشەنمەيتتىم، چاقچاق قىلىپ پوچىلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاتتىم. ئەتىسى ئوسمان قورقۇشقا چۈشتى. ئۇ، مۇئەللىم يازغانلىرىمنى ئوقۇغان بولسا قانداق قىلارمەن، دەپ قورقاتتى. دەسلەپكى ئۈچ كۈن شۇنداق قورقۇپ يۈردى. مۇئەللىمدىن ھېچقانداق ئىنكاس چىقمىغاندىن كېيىن، ئاندىن كۆڭلى تىندى. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، شۇ كۈندىن كېيىن ھەر قېتىمقى يازمىچە تاپشۇرۇقتىكى سوئاللارغا شۇنداق بىمەنە جاۋابلارنى يازىدىكەن. مۇئەللىم قەغىزىگە دەسلەپ كۆز يۈگۈرتكەندە، بىمەنە سۆزلەرنى بىلمەي قالسۇن دەپ، پەقەت باشتىكى بىرنەچچە قۇرغىلا توغرا جاۋابلارنى يازىدىكەن.

راستىنى ئېيتسام، ئوسماننىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشەنمەيتتىم، لېكىن تۈنۈگۈن ساختىلىقى ئاشكارا بولغاندا، پو ئاتمىغانلىقىنى ھەممىمىز چۈشەندۇق.

تۈنۈگۈن بىرىنچى سائەتلىك دەرستە، مۇئەللىم بىر ئاز كېچىكىپ سىنىپقا خاپا چىراي كىردى . ئادەتتە ئۇ بىرىنچى سائەت دەرسكە ئوچۇق چىراي كىرەتتى. بۇ قېتىم غەزەپلىك ئاۋازدا: "سالام باللار!" دېگەندىن كېيىن:

- ئوسمان ئورنۇڭدىن تۇر!- دېدى.

ئوسمان ئورنىدىن تۇردى.

- مەيەگە كەل!

ئوسمان مۇنبەرنىڭ ئالدىغا باردى.

- باللار،- دېدى مۇئەللىم،- ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا سىلەرگە تەبىئەت بىلىملىرى دەرسىدىن يازمىچە تاپشۇرۇق بەرگەنىدىم. ھازىر ساۋاقدىشىڭلار ئوسمان ماڭا تاپشۇرغان يازمىچە تاپشۇرۇقنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرىدۇ.

ئوسماننىڭ يۈزى پەرەڭدەك قىزىرىپ كەتتى. مۇئەللىم ئوسمانغا قەغەزنى بېرىپ:

- ئوقۇ، ھەممىسىنى ئوقۇ! سوئاللارنىمۇ ئوقۇ!- دېدى.

ئوسمان ئوقۇشقا باشلىدى:

- بىرىنچى سوئال: شامال دېگەن نېمە ؟ قانداق پەيدا بولىدۇ ؟

جاۋاب: ھاۋا ئىسسىغاندا ھەجمى كېڭىيدۇ، يېنىكلەيدۇ، يېنىكلىگەندە يۇقىرىغا كۆتۈرۈلىدۇ.

ئوسمان توختىغاندا، مۇئەللىم:

- داۋاملاشتۇر، داۋاملاشتۇر!- دېدى.

ئوسمان داۋاملاشتۇردى:

- يېنىكلىگەندە يۇقىرى كۆتىرىلىدۇ... شامال... شامال...- ئۇ بىر نەچچە قېتىم شامال دەپ كېكەچلىگەندە، مۇئەللىم ۋارقىرىدى:

- ھە، شامالغا نېمە بوپتۇ ؟

ئوسمان ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

- شامال گالاتا سارايغا ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى. گالاتا سارايلىقلار دەسلەپكى مەيداندا شامالغاقارشى ئوينىغان بولسىمۇ، غەلبە قىلدى. ئىنتايىن جىددىي ۋە كۆڭۈللۈك ئېلىپ بېرىلغان كۆرەشتە مۇداپىئەنى كۈچەيتمىگەن ئەنقەرە كۈچى كوماندىسى ئىككىگە قارشى بىر نەتىجە بىلەن مۇسابىقە مەيدانىنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى.

ئىككىنچى سوئال: قارا بوران دېگەن نېمە ؟

جاۋاب: سىكۇنتىغا 81 مېتىر تېزلىك بىلەن چىققان بوران قارا بوران، دېيىلىدۇ.
گالاتا سارايلىقلار بۈگۈن مىتھەت پاشا تەنھەرىكەت سارىيىدا قارا بوراي چىقىرىۋەتتى .
ئەپسۇسكى، رېپىرنى مۇسابىقىنى ياخشى باشقۇردى دېيەلمەيمىز. مەتىننىڭ شاملى بىلەن شۇكۇرنىڭ يىقىلىشىنى 18 قەدەمدە تۇرۇپ ۋوروتورغا توپ تېپىشكە ھېسابلىشى تاماشىبىنلارنىڭ نارازىلىق بىلدۈرۈشىگە سەۋەب بولدى.

ئوسمان ئوقۇۋاتقاندا، بىز كۈلۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىمىزنى تەستە تۇتۇۋالغاندۇق. شۇنداقتىمۇ ئارىمىزدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي خىرىلدىغانلار بولدى. ئوسماننىڭ ئاۋازىمۇ تىترەشكە باشلىدى. ئۇ ئىزا تارتقىنىدىن يىغلىۋېتىشكە ئاز قالغانىدى.

- ئوسمان، نېمىشقا مۇشۇنداق قىلدىڭ ؟- دېدى مۇئەللىم.

كۆزلىرىگە ياش ئالغان ئوسمان تام تەرەپكە قارىۋالغىنىدا، مۇئەللىم يەنە:

- سەن ياخشى ئوقۇغۇچۇم ئىدىڭ، بۇنداق قىلىشىڭنى زادى كۈتمىگەنىدىم... ئورنۇڭدا ئولتۇر!- دېدى.

نېمىشقا يالغان سۆزلەي، ئوسماننىڭ لەت بولغىنىغا ئىچىمدە خۇشال بولغانىدىم. تەنەپپۇستا ئۇنىڭغا:

- قانداق ئىكەن! مۇئەللىمنىڭ قەغەزلەرنى تەكشۈرمىگىنى قېنى ؟- دېدىم.

ئۇ كۈنى ئاخشامدا ئاپامنىڭ بىر دوستى بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى. مېنىڭ بۇ مېھماننى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. ئۇياق مېنىڭ قايسى مەكتەپتە، قانچىنچى سىنىپتا ئوقۇۋېدىغانلىقىنى سورىدى، مەن ئېيتىپ بەردىم.

- سىلەرنىڭ مۇئەللىمىڭلار مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم بولىدۇ، - دېدى ئۇ. ئاندىن ئاپامغا سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى، - تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغانىدىم، غەلىتە بىر ئىش بولدى.

قارىسام، ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە بىر توپ قەغەز تۇرۇپتۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يازمىچە ئۆي تاپشۇرۇقلىرى ئىكەن. "بۇنچىۋالا تاپشۇرۇقلارنى قانداق ۋاقىت چىقىرىپ تەكشۈرۈپ بولىسىز؟" دېسەم، ئۇ: "ناھايىتى ياخشى ئوقۇغۇچىلىرىم بار. بىزنىڭ تاپشۇرۇقنى ئوقۇپ باقامسىز؟" دېدى-دە، قەغەزلەرنىڭ ئىچىدىن بىرىنى تاللاپ ماڭا بەردى. ھەقىقەتەن ياخشى ئورۇندالغان بىر تاپشۇرۇق ئىكەن. رەتلىك، ئوقۇشقا ئەپلىك، ماۋزۇلار رەڭلىك قەلەم بىلەن يېزىلغان، تاپشۇرۇقنىڭ تېمىسى "شامال" ئىكەن. بىراق، ئوقۇپ ھاڭ-تاڭ قالدىم. بالا شامال دەپ گالاتا ساراي كوماندىسى بىلەن ئەنقەرە كۈچى كوماندىسىنىڭ مۇسابىقىسىنى يېزىپتۇ. تاپشۇرۇقنى ئوقۇۋېتىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم. دوستۇم: "نېمە بولدى، نېمىگەكۈلىسىز؟" دەپ سورىدى. مەن ئوقۇپ باقسۇن دەپ ، قەغەزنى ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ ئوقۇپ بولۇپ ،ئىنتايىن غەزەپلەنگەن ھالدا: "بۇ ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچىلىرىمدىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىنى زادى كۈتمىگەنىدىم" دېدى...

دېمەك، يەنىلا ئوسمان ھەقلىق ئىكەن. راستىنى ئېيتقاندا، مەنمۇ مۇئەللىمىمىزدىن بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى زادى كۈتمىگەنىدىم، ناھايىتى بىئارام بولدۇم.

ئەھۋالنى ساڭا ئۆز ئەينى بويىچە يازدىم.

خەير-خوش! قەدىرلىك ساۋاقدىشىم، ئەخمەت، مېنى خەت-خەۋەرسىز قويما، ماقۇلمۇ؟ ساۋاقداشلاردىنمۇ خەۋەر يېزىشىڭنى كۈتىمەن.

---

(1) تۈرك تىلىدا "تار"نى "دار" دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ.

(1) خام، تەجرىبىسىز مەنىسىدە.

ساۋاقدىشىڭ: زەينەپ يالقىر
1691- يىلى 89- دېكابىر ، ئەنقەرە

**ۋىجدان ئازابى**

زەينەب:

خەتلىرىمنى ياخشى دەپ قارىغىنىڭنى يېزىش بىلەن، مېنى ھەقىقەتەن ياخشى يېزىشقاقىزىقتۇرغىنىڭغا رەھمەت ئېيتىمەن. بىر خېتىڭدە مېنىڭ كۆلكىلىك ۋەقەلەرنى بايان قىلغانلىقىمنىيازغانىدىڭ. لېكىن، ئەمدى بايان قىلىدىغانلىرىم ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بىر ۋەقە. بۇ ۋەقەنى بىزگە مۇئەللىمىمىز ئېيتىپ بەرگەن.

ئۆتكەن كۈنى دەرستە ھۆسەيىن ئوقۇش كىتابىمىزدىن بىر ماقالىنى ئوقۇغانىدى. ماقالىنىڭ ئىچىدە "ۋىجدان ئازابى" دېگەن بىر سۆز ئۇچرىدى. مۇئەللىمىمىز بىزگە "ۋىجدان ئازابى" دېگەنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى خېلى ئۇزۇن سۆزلەپ چۈشەندۈردى. ئاندىن بىزدىن:

- ۋىجدان ئازابى دېگەنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندىڭلارمۇ؟ - دەپ سورىدى.

- چۈشەندۇق مۇئەللىم! — دەپ ۋارقىرىدۇق ھەممىمىز بىردەك.

- ئۇنداق بولسا، ئەمدى ۋىجدان ئازابىغا دائىر بىر نەچچە مىسال كەلتۈرەيلى ،- دېدى مۇئەللىم.

ياشارنى بىلىسەن. ئۇ يەنە بۇرۇنقىدەك كەينى پارتىدا ئولتۇرىدۇ، يەنە شۇنداق سۆلەتۋاز. ئۇ يىغقان پۇللىرىنى دەرس ۋاقتىدا ساناپ ئولتۇرىدۇ ياكى ھەجۋىي رەسىملەرنى سىزىپ ئولتۇرىدۇ.

مۇئەللىم ئۇنىڭدىن:

- ياشار، ساڭا ۋىجدان ئازابى چەكتۈرگەن بىرەر ۋەقەنى بېشىڭدىن ئۆتكۈزدۈڭمۇ؟ - دەپ سورىدى.

ياشار مۇئەللىمنىڭ دېگەنلىرىگە قۇلاق سالمىغان بولسا كېرەك. بىراق، ساڭا مەلۇم، ئۇ ناھايىتى ھىيلىگەر. ئەگەر شۇ تاپتا "ئۆتكۈزگەن" دېسە، مۇئەللىمنىڭ "سۆزلەپ بەر" دېيىشىنى بىلەتتى، شۇڭا:

- ئۆتكۈزمىدىم مۇئەللىم! — دېدى.

- بۇ قانداق گەپ ، - دېدى مۇئەللىم ، - ئادەم دېگەن ۋىجدان ئازابى چەكمەسلىكى مۇمكىنمۇ ؟

ياشار تېخىمۇ كەسكىن ھالدا:

- مەن چەكمىدىم مۇئەللىم! — دېدى.

نەشە يەنە شۇنداق كۆزگە كىرىۋېلىشقا تىرىشاتتى. ئۆزىدىن سورىسۇن دەپ، مۇئەللىمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ، ئورنىدا تۇرالماي قول كۆتۈرەتتى. ئۇ:

- مەن ئېيتىپ بېرەي مۇئەللىم، مەن ئېيتىپ بېرەي... دەپ تۇرۇۋالدى.

- ئېيتە نەشە ، - دېدى مۇئەللىم ، - ساڭا ۋىجدان ئازابى چەكتۈرگەن بىرەر ۋەقە بېشىڭدىن ئۆتكەنمۇ ؟

نەشە خۇشامەت قىلىپ:

- كۆپ ئۆتكەن مۇئەللىم ، - دېدى.

- ئۆتكەن بولسا سۆزلەپ بېرەي...

- قايسىسىنى سۆزلەي مۇئەللىم ؟

ئۇنىڭ گېپىگە ھەممىمىز كۈلۈپ كەتتۇق.

بىچارە نەشە نېمىنى توقۇپ چىقىشنى ئويلىۋېلىشقا ۋاقىت چىقىرىش ئۈچۈن بۇ بىمەنە سوئالنىسورىغانىدى.

مۇئەللىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

- بېشىڭدىن ساڭا ۋىجدان ئازابى چەكتۈرگەن شۇنچە كۆپ ۋەقە ئۆتكەنمىدى؟ قېنى ئۆزۈڭ خالىغان بىرىنى سۆزلە! — دېدى.

نەشە ھەر قېتىمقىدەك يەنە دۇدۇقلاشقا باشلىدى. ئۇ دۇدۇقلاپ يۈرۈپ ئاخىر سۆزلىدى .ئېسىڭدىدۇ، نەشە ھەمىشە دەرستە ئورنىدىن تۇرسا شۇنداق دۇدۇقلايتتى، ھەر بىر سۆزنى، ھەتتا ھەر بىر بوغۇمنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئاز دېگەندە بىر قېتىم دۇدۇقلىماي كەينىدىكى بوغۇمنى ئېيتالمايدۇ. ئۇ كۈنى تارتىنچاقلىقى تېخىمۇ ئېشىپ كەتكەنىدى.

ئۇ سۆزنى مۇنداق باشلىدى:

- بىز چوڭلارنى ھۆرمەت، كىچىكلەرنى ئىززەت قىلىشىمىز كېرەك.

نەشە توختىماي دۇدۇقلاۋەرگەچكە، مۇئەللىم:

- خوپ، ھە... ئاندىن؟ - دەپ ئۇنىڭغا مەدەت بەردى. نەشە دۇدۇقلىغان ھالدا دېدى:

- بىر ئانا بار ئىكەن. ئۇ ئوغلىغا نەسىھەت قىلىۋاتقان ئەسنادا دەرۋازا قېقىلىپتۇ. ئاندا دېرىزىدىن قارىسا، دەرۋازىنى قاققان قېيناتىسى ئىكەن. ئانا ئوغلىغا: "بوۋاڭ كەلدى، دەرۋازىنى ئېچىۋەت، بوۋاڭغا مېنىڭ ئۆيدە يوقلۇقۇمنى ئېيت!" دەپتۇ. بالا دەرۋازىنى ئېچىپ: "بوۋا، ئاپام تالاغا چىقىپ كەتتى "دەپتىكەن، ئۇ ياشانغان كىشى نەۋرىسىگە: "ئاناڭغا ئېيت، بۇنىڭدىن كېيىن تالاغا چىققاندا بېشىنى دېرىزىدە ئۇنتۇپ قالمىسۇن" دەپ، ئۆيگە كىرمەي كېتىپ قاپتۇ.

نەشە بىر نەچچە قېتىم دۇدۇقلىغاندىن كېيىن جىم تۇردى.

- بۇ ۋەقە سېنىڭ بېشىڭدىن ئۆتكەنمۇ؟ - سورىدى مۇئەللىم.

- ياق ، - دېدى نەشە ، - بىر ژۇرنالدىن ئوقۇغانىدىم.

- ئۇنداق بولسا، سەن نېمە ئۈچۈن بۇنىڭدىن ۋىجدان ئازابى ھېس قىلىسەن؟

- مەن ھېس قىلمايمەن، ھېلىقى بالىنىڭ ئانىسى ھېس قىلغاندۇ مۇئەللىم...

ئەمدى مۇئەللىم باشقا ساۋاقداشلاردىن سورىۋېدى، ھېچكىم ئۆزلىرى ھېس قىلغان ۋىجدان ئازابىنى ئېيتالماي، باشقىلار ۋىجدان ئازابى ھېس قىلىدىغان ۋەقەلەرنى ئېيتىشتى.

- چۈشىنىشلىك ، - دېدى مۇئەللىم ، - دېمەك، سىلەر ۋىجدان ئازابىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ياخشى چۈشەنمەيسىلەر. بىر كىشى ۋىجدان ئازابى ھېس قىلىشى ئۈچۈن بېشىدىن ئېچىنىشلىق بىر ۋەقەنى ئۆتكۈزگەن ۋە بىر ۋەقەدىن پۇشايمان ھېس قىلغان بولۇشى كېرەك ، - ئۇ بىر دەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن يەنە دېدى ، - ئەمدى مەن سىلەرگە ۋىجدان ئازابىغا مىسال قىلىپ، بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەي.

سىنىپنىڭ ئىچىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

- تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغۇچى ئىدۇق ، - دەپ باشلىدى مۇئەللىم ، - مۇدىرىمىز ناھايىتى قوپال ئادەم ئىدى...

ھەممىمىز بېرىلىپ ئاڭلاۋاتاتتۇق.

- يېڭى ئوقۇش يىلى ئەمدىلا باشلانغانىدى. بىزنىڭ سىنىپقا باشقا بىر مەكتەپتىن بىر يېڭىئوقۇغۇچى كەلگەنىدى، تېخى ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيتتۇق. بۇ بالىنىڭ سول قولى ھەمىشەبۇرۇلكىسىنىڭ يانچۇقىدىن چىقمايتتى. بىز تېخى ئۇنىڭ بىلەن ئۆزلىشىپ كېتەلمىگەنىدۇق، شۇڭا ئۇنىڭ نېمىشقا قولىنى يانچۇقىدىن چىقارمايدىغانلىقىنى سورالمايتتۇق.

چۈشلۈك دەم ئېلىشتا مەكتەپ باغچىسىدا ئويناۋاتاتتۇق، تۇيۇقسىز مۇدىر كېلىپ قالدى. ئۇ قولىنى يانچۇقىدىن چىقارماي ئايلىنىپ يۈرگەن ھېلىقى بالىنى چاقىردى. بالا يەنىلا قولىنى يانچۇقىدىن چىقارماي، مۇدىرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

ھەممەيلەن ئويۇننى تاشلاپ، نېمە قىلىدىكىن، دېگەن قىزىقىش بىلەن ئۇلارغا قاراپ تۇراتتۇق .

يۇقىرىدا دېگىنىمدەك، مۇدىر بەك قوپال ئادەم ئىدى. ئۇ بالىغا:

- نېمىشقا قولۇڭنى يانچۇقۇڭدىن چىقارمايسەن ؟ - دەپ ۋارقىرىدى.

بالا جاۋاب بەرمەي بېشىنى يەرگە ئېگىشتۇرۇپ تۇردى.

پۈتۈن بالىلار ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانىدۇق.

- قولۇڭنى يانچۇقۇڭدىن چىقار! — دەپ ۋارقىرىدى مۇدىر.

بالا قىمىرلىماي تۇراتتى.

- ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن، ئاڭلىمايۋاتامسەن ؟

- ئاڭلاۋاتىمەن ، - دېدى بالا.

- ئاڭلىغان بولساڭ نېمىشقا قولۇڭنى يانچۇقۇڭدىن چىقارمايسەن ؟ چاپسان چىقار!

بالا بېشىنى يەردىن ئاستاغىنا كۆتۈرۈپ، ئەتراپىغا توپلانغان ساۋاقداشلىرىغا، ئاندىن مۇدىرغا قارىدى، لېكىن قولىنى يەنە چىقارمىدى.

ئىنتايىن غەزەپلەنگەن مۇدىر:

- بۇ يەردە لۈكچەكلىك ئاقمايدۇ! چىقار قولۇڭنى دەيمەن! — دەپ ۋارقىرىدى. بالا يەنە شۇنداق تۇرغانىدى، مۇدىر ئۇنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى. شاپىلاق ناھايىتى قاتتىق تەگكەنىدى، تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان بالا يەرگە يىقىلدى. ئۇ يىقىلغاندا سول قولى بۇرۇلكىسىنىڭ يانچۇقىدىن چىقىپ كەتتى.

بىز بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدۇق. قورقۇنچلۇق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى ،ئاندىن پىچىرلاشلار ئاڭلاندى، مۇدىرمۇ قېتىپلا قالغانىدى. يەرگە يىقىلغان بالىنىڭ بۇرۇلكىسىنىڭ يانچۇقىدىن قولسىز بىلىكى چىققانىدى. بىچارە بالىنىڭ قولى يوق ئىكەن، سول بىلىكى تاياقتەك يەردە ياتاتتى. بىز ئۇنىڭ قولسىز بىلىكىنى ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن نومۇس قىلىپ، ھەمىشە سول قولىنى بۇرۇلكىسىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋالىدىغىنىنى شۇندىلا بىلدۇق.

مۇدىر كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، ئېگىشىپ بالىنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇزدى ۋە سىلىق ئاۋاز بىلەن:

- نېمىشقا بالدۇر ئېيتمىدىڭ ئوغلۇم ؟ - دېدى.

ئاندىن بالىنى قولتۇقلاپ ئۆز ئىشخانىسىغا ئېلىپ كەتتى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇ بالىنى مەكتەپتە قايتا كۆرمىدۇق. ئۇ شۇنداق ئىزا تارتقان ئىدىكى، باشقا مەكتەپكىمۇ بارماپتۇ. ئاڭلىشىمىزچە، مۇدىر ھەم بالىدىن، ھەم ئاتا-ئانىسىدىن كۆپ كەچۈرۈم سوراپتۇ ۋە بالىنى ھەر قاچان قوغدايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. لېكىن، بالا قايتا ھېچقانداق مەكتەپكە بارماپتۇ.

مانا بۇ ئېچىنىشلىق خاتىرىنى سۆزلەپ بەرگەن مۇئەللىمىمىز سۆزىنى ئاياغلاشتۇرغىنىدا، سىنىپتا چوڭقۇر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. بىزمۇ بۇ ۋەقەنىڭ تەسىرىگە چۆكتۇق.

تەنەپپۇسقا قوڭغۇراق چېلىندى. مۇئەللىمىمىز سىنىپتىن چىقماي تۇرۇپ:

- بىزنىڭ ئۇ مۇدىرىمىز بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەنىڭ ئازابىنى ئۆمۈر بويى چەككەن بولۇشى مۇمكىن ...

مانا بۇ ۋىجدان ئازابى دېيىلىدۇ، - دېدى.

مۇئەللىمىمىز سۆزلەپ بەرگەن بۇ ۋەقەنىڭ تەسىرىدىن ئەمدىلا قۇتۇلۇپ تۇراتتىم، نەشە:

- مۇئەللىمىمىز ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەنى سۆزلەپ بەرمىدىغۇ؟ - دېدى.

مۇئەللىممۇ ئۇ ساۋاقدىشىمىزدەك، باشقا بىرى ھېس قىلىشقا تېگىشلىك ۋىجدان ئازابىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

بۇ ھەقتە ئەڭ توغرىسىنى ياشار ئېيتتى:

- باللار، مەن چۈشەندىم. ۋىجدان ئازابى دېيىلگەن بۇ نەرسىنى ھېچكىم ئۆزى ئېسىگە ئالالمايدۇ، ھەر كىم باشقىلار چەككەن ۋىجدان ئازابىنى بىلىدۇ.

ئەتىسى مەكتەپكە كەلگىنىمىزدە، دېمىر:

- مەن دادامدىن سورىدىم، - دېدى، - دادام شۇنداق دېدى: "باللار ۋىجدان ئازابى چەكمەيدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ۋىجدان ئازابى چېكىدىغان ۋەقەلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدىغان ۋاقتى ئەمەس. ۋىجدان ئازابى چېكىدىغان ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن چوڭ بولۇشى، چوڭ ئادەم بولۇشى كېرەك".

بۇ سۆز مېنىڭمۇ ئەقلىمگە سىغىدۇ. بۇنى سەن قانداق چۈشىنىسەن؟

ھەر ئاخشىمى مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندە ئاپامدىن، ماڭا خەت كەلدىمۇ، دەپ سورايمەن. جاۋابىنى تېز يازساڭ مېنى خۇشال قىلىسەن. ساڭا خەيرلىك كۈنلەر تىلەيمەن، زەينەب.

ئەخمەت

تارىخ 1691-يىلى 7-دېكابىر،

ئىستانبۇل

**سەككىز قىزنىڭ ئاتىسى**

ئەخمەت:

7-دېكابىر يازغان خېتىڭنى تونۇگۈن تاپشۇرۇۋالدىم. مۇئەللىمىڭلار سۆزلەپ بەرگەن ئۇ ۋەقە ھەقىقەتەن ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئىكەن. قولسىز بالىنىڭ مۇدىرىنىڭ كاچىتى بىلەن يەرگە يىقىلىشى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ ئىنتايىن بىئارام بولدۇم.

ھېكمەت ئىسىملىك ساۋاقدىشىم ماڭا بىر سىرنى ئاشكارىلىدى. بۇنى ساڭا يازايمىكىن دەپ ئويلىدىم. يېزىشتىن قىينالمايمەن. ھېكمەت ئۆزى ماڭا ئېيتىپ بەرگەن ۋەقەنى سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ ئاڭلىشىنى خالىمايدۇ. مەنمۇ ئاغزىمنى چىڭ تۇتۇپ، ھېچكىمگە دېمىدىم. لېكىن سەن ھېكمەتنى تونۇمايسەن، ئۇنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىنى ساڭا يازسام، ئۇنىڭ سىرىنى ئاشكارىلىغان بولمايمەن. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ساۋاقدىشىمنىڭ سىرىنى ساڭا غەيۋەت قىلىپ بېرىۋاتقىنىم يوق، مېنى كۆپ ئويلاندۇرغان بۇ مەسىلە توغرىسىدا سېنىڭ نېمىنى ئويلىغانلىقىڭنى بىلمەكچىمەن.

مەن بۇ يەردىكى مەكتەپكە كىرگەن دەسلەپكى كۈنلەردە، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئىچىدە ھېكمەت زادى دىققىتىمنى جەلپ قىلمىغانىدى، چۈنكى ئۇ مۇلايىم، كەمسۆز بالا ئىدى. دەسلەپكى كۈنلەردە ئۇنى ئوغۇل بالا دەپ ئويلىغانىدىم، چۈنكى ئۇ ئوغۇل بالىلاردەك كىيىنىپ، چاچلىرىنىمۇ ئوغۇل بالىلارنىڭكىدەك قىسقا ياسىتاتتى. ناھايىتى ئاجىز... ئۇنىڭ ئۈستىگە، نە ئوغۇل بالىلار بىلەن، نە قىز بالىلار بىلەن دوست بولمايدىغان جىمغۇر بالا ئىدى. يەنە كېلىپ، ھېكمەت دېگەن ئىسىم قىزلارغىمۇ، ئوغۇللارغىمۇ قويۇلۇۋېرىدۇ-دە.

بۇگۈن تەنتەربىيە دەرسىدە مۇئەللىمىمىز قىزلارنى بىر تەرەپكە، ئوغۇللارنى بىر تەرەپكە ئايرىغاندا، ھېكمەت قىزلار تەرەپكە ئۆتتى. دەسلەپ بۇنىڭغا ئىنتايىن ھەيران بولدۇم ۋە ھېكمەتنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدىلا بىلدىم. بۇنىڭ بىلەن ھېكمەتكە قىزىقىپ قالدىم.

ئۆتكەن بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى ھېكمەت مەكتەپكە ناھايىتى خاپا كەلدى. نېمىگە خاپا بولغانلىقىنى سورىدىم. ئاۋۋال ئېيتقۇسى كەلمىدى، زورلىغىنىمدىن كېيىن:

- راستمنى ئېيتسام، مەنمۇ ئېيتشنى، بىر ئاز ئەركىن يۇرۇشنى خالايمەن. بىراق، يېيىلىپ كېتەرمىكىن دەپ، ئېيتىشتىن قورقىمەن، - دېدى.

ساۋاقداشلارغا دېمەسلىككە ۋەدە بەرگىنىمدىن كېيىن ئېيتتى.

ئۇلار سەككىز قېرىنداش بولۇپ، سەككىزىلىسى قىز ئىكەن...

لېكىن، ھېكمەت بەزى كۈنلىرى مەكتەپكە ئاكىسى بىلەن بىللە كېلەتتى. بۇنى دېگىنىمدە، ئۇ:
- ئۇ مېنىڭ ئاكام ئەمەس، ھەدەم. لېكىن ئۇ ئەرچە ياسىنىپ يۇرگەچكە، ئۇنى ھەممە ئادەم ئوغۇل دەپ ئويلايدۇ، - دېدى.

ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ھەممىسى ئەرچە كىيىنىدىكەن.
- نېمىشقا شۇنداق ؟- دەپ سورىدىم.
- چۈنكى، دادام شۇنداق يۇرۇشىمىزنى خالايدۇ، - دېدى ئۇ.
- ياخشى ئىكەن، بىراق بۇنىڭغا بىئارام بولۇشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟

دادىسى ئوغۇل بالىسى بولۇشنى ناھايىتى ئارزۇ قىلىدىكەن. تۇنجى بالىسى قىز بولغاندا ناھايىتخاپا بولۇپ، پۈتۈن ئۈمىدىنى ئىككىنچى بالىسىنىڭ ئوغۇل بولۇشىغا باغلاپتۇ. گويا بالا تۇغۇلماستائۇنىڭغا ئوغۇل بالىنىڭ ئىسمىنى قويسا، قورساقتىكى بالا ئوغۇل بولۇپ قالىدىغاندەك، تېخى بالاتۇغۇلماي تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئوغۇل بالىنىڭ ئىسمىنى قويۇپتۇ... بۇ ئادەمنىڭ تەلەيسىزلىكىدىنمۇ ياكى بىر تەتۈرلۈكمۇ، ئىككىنچىسىمۇ قىز تۇغۇلغاندا، خاپىچىلىقتىن نەچچە كۈنگىچە ھېچكىمگە گەپ قىلماي يۇرۇپتۇ. تونۇشلىرى: "تېخى ياشسەن، نۇرغۇن بالىلىرىڭ بولىدۇ" دېسە، "ئۇلارمۇ قىز بولسىچۇ "...
دەپ ھەسرەت چېكىدىكەن. خوتۇنى ئۈچىنچى بالىغا ھامىلدار بوپتۇ. "كەينى كەينىدىن ئۈچىلىسى قىز بولماس..." دېگەن ئوي بىلەن، تۇغۇلمىغان بالىغا يەنە ئوغۇل بالىنىڭ ئىسمىنى قويۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، خوتۇنى تۇغۇتخانىغا كەتكەندە، بۇ كېچە تۇغۇلىدىغان ئوغۇل ئۈچۈن دوستلىرىغا چوڭ زىياپەت بېرىپتۇ. زىياپەت ئارىلىقىدا تۇغۇتخانىغا تېلىفون بېرىپ، يەنە بىر قىزى تۇغۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ساراڭ بولاي دەپ قاپتۇ. ئۇ ئۈچىنچى بالىسىنىڭمۇ قىز بولغانلىقىدىن شۇنداق نومۇس قىلىپتۇكى، زىياپەت داستىخىنىدىكى مېھمانلىرىغا يالغاندىن ئوغۇل تۇغۇلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ناھايىتى خۇشال قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ. خوتۇنىغا ۋە ئۆيدىكىلەرگىمۇ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىشنى مەنئى قىلىپتۇ.

ئۈچىنچى قىزدىن كېيىن، خوتۇنىنىڭ ئوغۇل تۇغۇش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، خوتۇنىنى قويۇۋېتىپ، باشقا بىر ئايال بىلەن توي قىلىپتۇ. بۇ ئايالمۇ قىز تۇغۇپتۇ، يەنە كېلىپ قوشكېزەك ئىكەن... ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇۋەتكەن ئاۋۋالقى خوتۇنى باشقا بىرى بىلەن توي قىلىپ بىر ئوغۇل تۇغقان خەۋەرنى ئاڭلاپتۇ. بۇ ئادەم: "مەن نېمىدىگەن كالۋا، ئاۋۋالقى خوتۇنۇمنى دەل ئوغۇل تۇغۇش نۆۋىتى كەلگەندە قويۇۋېتىپتىمەن" دەپ پۇشايمان قىلسىمۇ، ئورنىغا كەلمەپتۇ.

كەينى-كەينىدىن بەش قىزنىڭ ئاتىسى بولۇش ئۇنىڭغا ناھايىتى ھار كەپتۇ. "ئەمدى ھېچكىمنىڭ يۈزىگە قارىيالمايمەن!" دەپ، ئۆيدىن چىقىپ يىراقلارغا كېتىپتۇ. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن كېلىپ ئىككىنچى خوتۇنىنىمۇ قويۇۋېتىپتۇ...

ھېكمەت بۇلارنى ماڭا باشقىلاردىن ئاڭلىغىنى بويىچە دەپ بەردى.

بەش قىزنىڭ ئاتىسى بولغان ئادەم بۇ قېتىم چوقۇم ئوغۇلنىڭ ئاتىسى بولۇشنى جەزملەشتۈرۈش ئۈچۈن، بۇرۇن ئۈچ ئوغۇل تۇغقان بىر تۇل ئايال بىلەن توي قىلىپتۇ. بۇ ئايال كەينى-كەينىدىن ئۈچ ئوغۇل تۇغقىنىغا قارىغاندا، ئوغۇل تۇغۇشقا كۆنۈپ قالغان، دەپ ئويلىسا كېرەك.

ئۇ توي قىلغاندىن كېيىن، تۇغۇلدىغان ئالتىنچى بالىسىغا يەنە ئوغۇل بالىنىڭ ئىسمىنى قويۇپتۇ. ھامىلدار خوتۇنىنى تۇغۇتخانىغا ئېلىپ بارغان كېچە يەنە دوستلىرىغا كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. ئۇ كۈنىمۇ ھە دېسىلا تۇغۇتخانىغا تېلېفون قىلىۋېرىپتۇ. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە، ئۇ ئۆيگە خاپا چىراي كىرىپتۇ. مېھمانلار قىزىقىپ:

- ئوغۇلمۇ، قىزمۇ؟- دەپ سورىشىپتۇ.

ئۇ ئادەم بۇرۇتلىرىنى تولغاپ:

- ئەر دېگەننىڭ ئەركەك بالىسى بولىدۇ-دە!- دەپ كۆرەڭلەپتۇ. بىراق، ئاچچىقىدا بۇرۇتلىرىنىتىرەپ كېتىپتۇ. ساۋاقدىشىم ھېكمەت شۇ كۈنى تۇغۇلغانىكەن. ئالتىنچىسىمۇ قىز بولغاندا، بۇ ئادەمپۇتۇن ئۈمىدىنى يەتتىنچىسىگە باغلاپتۇ، لېكىن ئۇمۇ قىز بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئايالى خېلىۋاقىتقىچە تۇغماپتۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ خوتۇنىنىمۇ قويۇۋەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ھېكمەتنىڭ ئاپىسى يەنە ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ. ئايال تۇغۇتخانىغا كېتىۋاتقاندا، ئېرى: "بۇ قېتىم قىز تۇغساڭ، ئۆيگە كەلگۈچى بولما، قويۇۋېتىمەن" دەپتۇ.

بىچارە ئايال تۇغۇتى يېقىنلاشقاندا، "خۇدا بۇيرۇسا ئوغۇل تۇغارمەن!" دەپ دۇئا قىلسىمۇ، يەنە قىز تۇغۇپتۇ. ئۇنىڭغىمۇ ئالدىنئالا "سۇئات" دەپ ئىسىم قويۇپتىكەن. ئەھ، بۇمۇ ھەم ئوغۇلنىڭ، ھەم قىزنىڭ ئىسمى ئىكەن.

بىچارە ئايال تۇغۇتخانىنىڭ باش سېستراسىغا يىغلاپ تۇرۇپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، ئېرى تېلېفوندا سورىسا، ئوغۇل تۇغدى، دەپ قويۇشنى ئېيتىپ يالۋۇرۇپتۇ.

ئايالغا ئىچى ئاغرىغان باش سېسترا ئۇ ئادەم تېلېفون قىلغاندا:

- خۇش خەۋەر، قاۋۇل بىر ئوغلىڭىز بولدى...- دەپتۇ.

ھېكمەتنىڭ دادىسى تۇغۇتخانىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

- خۇدا ھەققىدە ئوغلۇمنى كۆرەي!- دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

بالىنى كۆرسىتىپتۇ، بىراق زاكىداقلىق ھالدا كۆرسىتىپتۇ.

- ئۈچ ئايغىچە ئائىلىمىزدە ناھايىتى خۇشال-خۇراملىق بولدى، - دېدى ھېكمەت ماڭا، - دادام سۇئاتنى دائىم "تەخت ۋارىسى" ياكى "شاھزادە" دەپ ئەركىلىتەتتى، ئاپامغىمۇ خانىشلارچە مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇنىڭغا قىممەت باھالىق ھەدىيىلەرنى ئېلىپ بەردى، بىزگىمۇ قىز دەپ بۇرۇنقىدەك ئاچچىقلانمايدىغان بولدى. ئۆيدە ھەممىمىز ئامال-چارە قىلىپ سۇئاتنى دادامغا يالىڭاچ كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن تىرىشاتتۇق. ئاپام دادام ئۆيدە يوق چاغلاردا سۇئاتنىڭ تېگىنى قۇرۇقداپ ،زاكىلىرىنى ئالماشتۇرۇۋالاتتى. دادامنىڭ يېنىدا ئۇنى يۇمايتتى. قانداقلا بولمىسۇن، دادام بىر كۈنى ئەھۋالدىن خەۋەر تاپاتتى. لېكىن، بىز ئۇ چاغنى كەينىگە سۈرۈشكە تىرىشاتتۇق، ئۇ ۋاقىتقىچە دادامنى يۇمشىتىشنى ئۈمىد قىلاتتۇق.

دادام ئېغىر كەيپ بولغان چاغلىرىدا، بىزگە: "ھەممىڭلار ئوغلۇمغا تاق تۇرۇپ قاراڭلار!" دەيتتى ، ھە دېسىلا: "شاھزادەمنى ئۆزۈم يۇياي!" دەپ تۇرۇۋالاتتى. ئۇ چاغدا ئاپام قورقۇپ بالىنى قولىدىن تارتىۋېلىپ: "ۋاي، بولمايدۇ، سوغۇق تېگىپ قاپتۇ..." دېگەندەك باھانىلەر بىلەن كەينىگە سۈرەتتى .ئاھ... ئىككى كېچىنىڭ ئالدىدا، ئاخىر بولغۇلۇق بولدى. ھەممىمىز يېتىپ ئۇخلاپ قالغاندۇق ،قورقۇنچلۇق بىر ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن ئويغىنىپ كەتتۇق. ۋارقىراپ-جارقىراۋاتقان دادام ئىدى، ئاپام بولسا يىغلاۋاتاتتى. ئۇ كېچە دادام سۇئاتنىڭ ئوغۇل ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ بالىنى يۆتىدىن

تۇتۇپساڭگىلتىۋېلىپ: "مېنى ئالداپسىلەر... كۆزۈمنى بوياپسىلەر... بۇ ئوغۇل ئىدىغۇ؟ نەگە كەتتى؟" دەپۋار-ۋار ۋارقىرايتتى، بالىمۇ قىرقىراپ يىغلاۋاتاتتى.

بالىنى ئاپامنىڭ قۇچىقىغا پىرقىرىتىپ ئاتقان دادام: "يوقال، ئوغۇل دەپ مېنى ئالداپ ،بىكاردىن-بىكار ماڭا شۇنچە چىقىم قىلدۇرۇشتۇڭ، ھەممىڭ ئۆيدىن چىقىش!" دەپ بىزنى قوغلاپ چىقاردى.

ئۇ كېچىنى بىر قوشنىمىزنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزدۇق...

ھېكمەت بۇلارنى دېگىنىدە يىغلاشقا باشلىدى. دادىسى ئاپىسىنى قويۇۋېتەرمىش.

سەككىز قىزنىڭ ئاتىسى بولغان ئۇ ئادەم كۆز ئالدىمغا كەلگەندە، ئاۋۋال كۈلكەم قىستىدى ،كېيىن مەنمۇ ھېكمەت بىلەن بىللە يىغلىدىم.

ئۇ كۈنى مەكتەپتىن ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىمدە، ئاپامدىن:

- ھەدەم تۇغۇلغاندا دادام خۇش بولغانمىدى؟- دەپ سورىدىم.
- خۇش بولماي قالامدۇ، ئەلۋەتتە خۇش بولغان!- دېدى ئاپام.
- كەيىندىن مەن تۇغۇلغاندىچۇ؟
- يوقىلاڭ گەپنى قىلما!- دەپ ۋارقىردى ئاپام.

مەن يەنە تەكرارلىدىم:

- مېنىڭمۇ قىز بولغانلىقىمنى بىلگەندە يەنە خۇش بولدىمۇ؟
- ئوغۇل ئارزۇ قىلىپتىكەن.
- لېكىن، مەندىن كېيىن مەتىن تۇغۇلغاندا، ئوغۇل تۇغۇلدى دەپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتكەندۇ، شۇنداقمۇ؟
- شۇنداق، ناھايىتى خۇشال بولۇپ، دوستلىرىغا چوڭ زىياپەتمۇ بەرگەندى.
- ئۈچىنچى بالاڭلار قىز بولۇپ قالغان بولسا قانداق بولاتتى؟
- ئامالىمىز قانچە، بولسا بولۇۋېرەتتى...
- دادام ئوغۇل بولسۇن دەپ يەنە بىر بالا تېپىشنى ئويلارمىدى؟
- بەلكىم ئويلايتتى... سەن نېمدەپ بۇلارنى سۈرۈشتۈرۈپ كەتتىڭ؟
- ئۆزۈمچە سوراپ باقتىم.

گېلىمغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولۇپ، ئاپامنىڭ يېنىدىن چىقىپ كەتتىم.

ھېكمەتنىڭ دەپ بەرگەنلىرى مېنى ئىنتايىن تەسىرلەندۇردى. قىز بولۇش تۇغما تەلەيسىزلىكمۇ؟ سەن ئوغۇل بالا بولغانلىقىڭ ئۈچۈن تۇغما تەلەيلىك ئوخشايسەن، بۇ ھەقتە سېنىڭ كۆز قارىشىڭنى بىلگۈم بار.

ئاپام باياتىن بېرى: "لامپىنى ئۆچۈرۈپ يات ئەمدى" دەپ كوتۇلداۋاتىدۇ. دېمىسىمۇ بەك كەچ بولۇپ كەتتى. ئەمدى ياتىمەن. ئەتە مەكتەپتىن قايتىشىمدا بۇ خەتنى پوچتىغا سالىمەن.

خەير-خوش، ساۋاقدىشىم ئەخمەت.

زەينەب

يالقىر 1691-يىلى 11-دېكابىر، ئەنقەرە سەن تېخى چۈشەنمەيسەن

زەينەب:

خېتىڭنى ئوقۇپ ھەم كۈلدۇم، ھەم بىئارام بولدۇم، ساۋاقدىشىڭ ھېكمەتكە ئىنتايىن ئېچىندىم . بىچارە قىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيمەن. ھېكمەتنىڭ ئاپىسى بىلەن دادىسىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق ھالغا كەلگەنلىكىنى بىلسەڭ، ماڭا خەت يازارسەن.

قىز ياكى ئوغۇل تۇغۇشنىڭ تەلەيدىن بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى زادى ئويلىماپتىكەنمەن. بۇ سوئالنى دادامدىن سورىدىم. ئۇلار ماڭا ئۇزۇن سۆزلەپ چۈشەندۈردى. خۇلاسە مۇنداق: ئىنسان پەقەت ئەر ۋە ئايال بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدە بولىدۇ.

- ناھايىتى ياخشى ئېيتتىڭ، دادا، ئايال بولۇشنى خالايتتىڭمۇ؟- دەپ سورىدىم مەن دادامدىن.

دادام بىردىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ:

- بۇ قانداق دېگەن ئەخلاقسىزلىق؟- دېدى سەل ئاچچىقلاپ.

ئۇ گويا شۇنداق بىر ئېھتىماللىق باردەك، بۇ سوئالىمغا خاپا بولۇپ كەتتى.

لېكىن، بۇ سوئالنى ئاپامدىن سورىغىنىمدا، ئۇ:

- ئەر كىشى بولۇپ قالسامچۇ!- دېدى ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ.

تۇنۇگۈن مۇئەللىمىمىز بىزنى مۇزېيغا ئېلىپ بارغانىدى. قايتىپ كېلىۋېتىپ بۇ سوئالنى ئۇنىڭدىن سورىدىم، مۇئەللىم كۈلۈپ تۇرۇپ:

- بۇ گەپ قانداقچە ئەقلىڭگە كېلىپ قالدى؟- دېدى.

مەن ئۇنىڭغا سېنىڭ خېتىڭدە يازغانلىرىڭنى قىسقىچە ئېيتىپ بەردىم.

- بۇ سىلەر دېمەتلىكلەر سۆزلىشىدىغان ئىشلار ئەمەس، - دېدى مۇئەللىم.

بۇ جاۋاب ئىچىمنى بەكلا پۇشۇردى. ئۇلار بىزنى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدۇ دەپ ئويلايدىغان ئوخشايدۇ.

بىر كۈنى ئىنىم دادامدىن بىر ئىشنى سورىغانىدى، دادام:

- سەن تېخى چۈشەنمەيسەن. چوڭ بولغاندا سورا، - دېدى.

- مۇمكىن بولسا سەن چۈشەندۈرۈپ قويغىن، مەن ئۇنچىلىك دۆت باللاردىن ئەمەس، - دېدى ئىنىم دەرھاللا.
دادام ئىنىمنىڭ بۇ گېپىنى ھازىرغىچە كۈلۈپ دەپ بېرىدۇ.

نېمە ئۈچۈن ئۇلار بىزگە چۈشەندۈرۈپ قويماي، چۈشەنمەيسىلەر، دەپ گەپنى ئۈزۈۋېتىدۇ؟

قارا، ئۆتكەندە قانداق ئىشلار بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەي: ئاپام ئىنىمنى ئېلىپ بىر قوشنىمىزنىڭكىگە كىرىپتۇ. ئۇ يەردە قوشنا ئاياللار جەم بولۇپ قاپتىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ھامىلدار ئايال بار ئىكەن. لېكىن، ئۇ تۇغۇشنى خالىمايدىكەن. ئۇلار مانا شۇ ئىش ئۈستىدە پاراڭلىشىپ، ئۇ ئايالغا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. شۇ چاغدا ئىنىم ئاياللارنىڭ گەپ-سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئۆزى يالغۇز ئويناۋېتىپتىكەن. بىر چاغدا ئاياللاردىن بىرى: "كىچىك بالىنىڭ يېنىدا بۇنداق گەپلەرنى قىلىشمايلى" دەپتۇ. يەنە بىر ئايال: "ۋېيەي، ئۇ تېخى نېمىنى بىلەتتى!" دەپتۇ. بۇ گەپتىن ئاچچىقى كەلگەن ئىنىم "مانا ئەمىسە "دېگەندەك، ئاياللارنىڭ قىلىشقان پاراڭلارنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلاپتۇ. ئاياللار ئۆزلىرىچە بىر-بىرىگە: "بالا ئاڭلاپ قالدۇ"، "تېخى كىچىك، ئەقلى يەتمەيدۇ..." دېيىشىپتۇ.

ئىنىم ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ يۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى كېچىسى قوشنىلار بىزنىڭكىگە كىرگەندى، ئىنىم ئۇشتۇمتۇت قورسىقى يوغان بىر ئايالدىن:
- ھاما، ھامىلدار ئوخشىمامسىز؟- دەپ سورىماسمۇ!
باشتا ئۆي ئىچى جىمجىت بولۇپ كەتتى، ئاندىن ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشتى.
- شۇنداق، بالام، - دېدى ئۇ ئايال.
- بالا تۇغامسىز؟- دەپ سورىدى ئىنىم يەنە.

ئاپام بىلەن دادام بىر-بىرىگە قاراشتى. ئىنىم "چۈشەنمەيدۇ" دەپ سەل چاغلاپ يېنىدا قىلىشقان گەپ-سۆزلەرنى چۈشەنگەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن:
- بىر ھامام بار، ئۇمۇ ھامىلدار، لېكىن ئۇ تۇغۇشنى خالىمايدىكەن، - دېدى، ئارقىدىنلا ئاپامدىن سورىدى، - شۇنداق ئەمەسمۇ، ئاپا؟
ئاپام ھوپپىدە قىزىرىپ كەتتى. ئەرلەر ئاپامنى ئوڭايسىز ئەھۋالدىن قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن گەپنى باشقا ياققا بۇراشتى. لېكىن، ئىنىم ئاياللاردىن ئاڭلىۋالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلەرمەنلەرچە ئېيتقىلى تۇردى.

- بولدى ئەمدى، ئاغزىڭنى يۇم!- دېدى ئاپام ئاچچىقلاپ.

لېكىن، ئىنىم گەپتىن توختايدىغاندەك ئەمەس. مېھمانلار ئەدەپ يۈزىسىدىن كۈلۈمسىرەپ جىم تۇرۇشتى. ئاخىر ئاپام ئۇنى قولىدىن سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئىنىم بولسا يىغلاپ تۇرۇپ گېپىنى قىلىۋەردى:

- ھە، نېمە... چۈشەنمەيدۇ دەۋاتاتتىڭلارغۇ... ھەممىسىنى چۈشەندىم، چەشەنمەمدىكەنمەن ؟- ئۇ ۋارقىراپ ئۆيىنى بېشىغا كىيدى.

ئىچكىرىدىكى ئۆيدە ئىنىمنىڭ ئاۋازى بېسىلغاندا، ئاپام قايتىپ چىقتى.

ھامىلدار ئايالنىڭ ئېرى:

- بۇ زاماننىڭ باللىرى يامان، ھەممىگە ئەقلى يېتىدۇ، - دېدى.

مەن ئاستاغىنە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. راستىنى ئېيتقاندا، ئىنىمنىڭ ئاغزىغا كەلگىنىنى دېگىنىگە خۇش بولدۇم.

بىزنىڭ مۇئەللىم ئىچىمدە ئويلىغانلىرىمنى بىلىۋالغاندەك:

- جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەر-ئاياللار باراۋەر بولدى، ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق قالمىدى، - دېدى.

"ھېچقانداق پەرق قالمىدى" دېگەن گەپ ياشارنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى. ئۇ:

- ھېچقانداق پەرق يوقمۇ، مۇئەللىم ؟- دەپ سورىدى جىددى تەرزدە.

- يوق.

- كىچىككىنە پەرقمۇ يوقمۇ ؟

- يوق!- دېدى مۇئەللىم قوپاللىق بىلەن.

- شۇنداق، لېكىن، مۇئەللىم،- دېدى ياشار ئۆزىنى بېسىۋېلىپ،- "ئاياللار ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش جەمئىيىتى" بار، ئۇنداقتا ئەرلەرمۇ ئاشۇنداق جەمئىيەتتىن بىرنى قۇرماپتىغۇ ؟ ئاپام ئاياللار ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش جەمئىيىتىگە ئەزا...

نەشە ياشارنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ھېچ مۇناسىۋەتسىز بىر ئىشنى دېدى:

- ھايۋانلارنى قوغداش جەمئىيىتىمۇ بار...

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۆيدە ئولتۇراتتۇق، دادام گېزىت ئوقۇۋاتاتتى. نېمىشقىدۇر، ئۆزۈممۇبىلمەيمەن، كۆزۈم گېزىتتىكى بىر قاۋاقخانىنىڭ ئېلانىغا چۈشۈپ قالدى. ئېلانغا قاۋاقخانىدىكى ئۇلپەتچى مۇلازىم قىزلارنىڭ يېرىم يالىڭاچ سۈرەتلىرى بېرىلگەنىدى.

- دادا، ئەرلەر نېمىشقا ئۇلپەتچىلىك مۇلازىمىتى قىلمايدۇ؟- دەپ سورىدىم.

دادام گېزىتنى پەسكە چۈشۈرۈپ، ماڭا بىر هازا تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن:

- سەن مېنى ئەخمەق قىلىۋاتامسەن نېمە؟ ئەرلەر ئۇلپەتچىلىك مۇلازىمىتى قىلسا بولاتتىمۇ؟- دېدى زەردە بىلەن.

- بۇگۇن مۇئەللىمىمىز، ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق، دېدى. پەرق بولمىسا، ئەرلەرمۇ نېمە ئۈچۈن ئۇلپەتچىلىك مۇلازىمىتى قىلمايدۇ؟

- ئەر دېگەن ئەر، ئايال دېگەن ئايال... ئەلۋەتتە، ئۇلار ئارىسىدا پەرق بار،- دېدى دادام.

ئاپام يىڭنە ئىشىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

- چوڭ پەرق بار،- دېدى،- مەسىلەن، ئەرلەر كېچىچە سىرتتا تاماشا قىلىپ يۈرۈۋېرىدۇ، لېكىن ،ئاياللار ئۆزى يالغۇز تۈن يېرىمىدا كوچىغا چىقسا ئەيىب بولىدۇ... نېمىشقا شۇنداق؟

مېنىڭ بۇ سوئالىم بىلەن تەڭ دادام بىلەن ئاپام مۇنازىرىلىشىشكە باشلىدى. سوئالىم ھەممەيلەننىڭ كاللىسىنى قايمۇقتۇرۇۋەتكەنىدى. مەن شۇنداق ئويلايمەن، ئايالنىڭ ئايال سۈپىتىدە ،ئەرنىڭمۇ ئەر سۈپىتىدە ئايرىم-ئايرىم بەخت-تەلەيلىرى بار. تارىختا نۇرغۇن مەشھۇر ئاياللار ئۆتكەن .ئەجەبا، ئۇلاردىن: "ئەر بولۇشنى خالامسىز؟" دەپ سورالسا، ئۇلار ئەر بولۇشنى خالايتتىمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئەر بولۇشنى خالايدىغانلىقىغا زادى ئىشەنمەيمەن. ئەر بولايلى، ئايال بولايلى، ئۆز-ئۆزىمىزدىن رازى بولساق، تەلەي دېگەن شۇ.

ساڭا چىن قەلبىمدىن مۇۋەپپەقىيەت تىلەپ:

ئەخمەت

تارىباي 1691-يىلى 19-دېكابىر،

ئىستانبۇل

**ئوقۇرەك سۆڭكى**

ساۋاقدىشىم زەينەپ:

سەندىن ئىككى-ئۈچ كۈندە بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئۆگىنىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، ھەر كۈنى كۆزۈم پوچتىنىڭ يولىدا ، ھەر كۈنى كەچقۇرۇن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ ئاپامدىن: "خەت كەلدىمۇ؟" دەپ سورايمەن، خېتىڭ كەلمىسە بەك بىئارام بولىمەن. ھەر قېتىم مەن خەت يوللاپ تۆت-بەش كۈندىن كېيىن سېنىڭ خېتىڭ كېلەتتى. ئەمما، بۇ قېتىم توققۇز كۈن بولدى، سەندىن خەۋەريوق، ئەنسىرەپ قالدىم. شۇڭا، جاۋاب خېتىڭنى كۈتمەيلا بۇ خەتنى يازدىم.

ئۆتكەنكى خېتىمنى يوللاپ ئەتىسى، تەبىئەت بىلىملىرى دەرسىدە مەكتەپ مۇدىرى بىلەن يەنە بىركىشى سىنىپقا كىردى. ئۇ كىشى مۇپەتتىش ئىكەن، ئوقۇتقۇچىمىز بىلەن بىردەم سۆزلەشكەندىن كېيىن ،ئوغۇزنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى. سەن ئوغۇزنى تونۇمايسەن. ئۇ مەكتىپىمىزگە بۇ يىل دەرس باشلىنىپ كەتكەندىن كېيىن كەلدى. شەھەر سىرتىدا بىر مەكتەپتە ئوقاتتىكەن، كېيىن ئىستانبۇلغا كۆچۈپ كەپتۇ. مەكتەپكە كەلگەن كۈنى ھەممىمىز ھەيران قالدۇق. نېمىشقا دېسەڭ، مۇشۇكتەك چاققان بىر بالا ئىكەن... بايقۇش كېكەچلەپ گەپ قىلىدىكەن. دەسلەپ بەزى ساۋاقداشلار ئۇنى دوراپ زاڭلىق قىلىسىمۇ ،خۇددى بۇرۇندىن كۆنۈپ قالغاندەك زادى تېرىكمىدى، زاڭلىق قىلغانلارغا كۈلۈمسىرەپ ئۆتكۈزىۋەتتى ،بالىلار ئۇنى تېرىكتۈرەلمەي، ئاخىر زاڭلىق قىلمايدىغان بولدى. ئوغۇزنىڭ ئۆزىنى زاڭلىق قىلغانلارغا كۈلۈمسىرىگىنىگە ھەيران بولغاندىم، ئەسلىدە ئۆزىگە ئىشەنچىسى بار ئىكەن.

تەنەپپۇستا مەكتەپ باغچىسىغا چىققاندۇق، ئۇ: "كىم مەن بىلەن دەرەخكە چىقىش مۇسابىقىسىگە چۈشىدۇ؟" دەپ، ھەممىمىزگە جەڭ ئېلان قىلدى. بىچارە ئوغۇز بۇ سۆزنى دۇدۇقلاپ دېيەلمىدى، خېلى ئۇزۇن كېكەچلىگەندىن كېيىن ئاران ئۇقتۇرالىدى. بالىلار مېنى كۆرسىتىپ ئالدىغا ئىتتىرىشتى. لېكىن، مەن بۇ كېكەچ بالىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن مۇسابىقىلىشىشنى خالىمىغاندىم. بىردىنلا چىنگىز ئېتىلىپ چىقىپ:

- سەن كېكەچلەپ، بىر سائەتتىمۇ چىقالمايسەن، - دەپ مەسخىرە قىلدى.

بالىلار كۈلۈشۈپ كەتتى.

سۇ تۇرۇبىسىنىڭ ئالدىدا كاشتان دەرىخى بار ئىدىغۇ، مانا شۇ دەرەخنىڭ ئالدىغا بىر سىزىق سىزدۇق. ئوغۇز بىلەن چىنگىز سىزىققا كەلدى. مەن: "بىر، ئىككى، ئۈچ" دېيىشىمگە، ئۇلار دەرەخكە ئۇچقاندەك ئۆزىنى ئاتتى. چىنگىز دەرەخكە ياماشقۇچە، ئوغۇز دەرەخنىڭ ئۇچىغا چىقىپ

ئۆرە تۇرۇۋېلىپ بىر نېمىلەرنى دەپ كېكەچلىگىلى تۇرغاندى، نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاران ئۇقتۇق. ئۇ دەرەخنى قۇچاقلىۋالغان چىنگىزگە:

- قۇچاقلىۋالغىنىڭغا قارىغىنا، بۇ دەرەخنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئوخشىمامسەن؟- دەپ چاقچاق قىلىۋاتاتتى.

چىنگىز ھەپىلىشىپ دەرەخنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە بارغاندا، ئۇچىغا چىقالىشىغا كۆزى يەتمىدى . ئوغۇز دەرەختىن مۇشۇكتەك چاققانلىق بىلەن چىنگىزنىڭ يېنىغا چۈشۈپ، ئاندىن غىرلا قىلىپ سىيرىلىپ يەرگە چۈشتى ۋە:

- قېنى، يەنە كىم چىقىدۇ؟ كارامىتى بارلار چىقسۇن!- دەپ يەنە بىر قېتىم جەڭ ئېلان قىلدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئوغۇز بىردىنلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى.

مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئۇ مازارلىقتىكى قارىياغاچقا چىقىپ ئويۇن كۆرسەتتى.

ئوغۇز مىنە بىلەن بىر قاتاردا ئولتۇراتتى. مىنە بۇنداق كارامىتى بار بالا بىلەن بىر قاتاردائولتۇرغىنىدىن ماختىناتتى.

ئوغۇز ئاردا ئىككى كۈن ئاغرىپ قېلىپ مەكتەپكە كەلمىدى. ئۇ مەكتەپكە كەلمىگەن كۈنى، مىنە:

- باللار، ئوغۇزنىڭ قانداقچە كېكەچ بولۇپ قالغىنىنى بىلەمسىلەر؟- دېدى.
- قانداقچە ئىكەن؟- دەپ سوراشتۇق ھەيرانلىق بىلەن.

مىنە ئوغۇزنىڭ بۇ سىرىنى بىلىدىغانلىقىدىن ماختىنىپ:

- ئۇ ماڭا دەپ بەرگەن،- دېدى،- دادىسى ئۇنى كۆپ ئۇرىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن... كىچىك ۋاقتىدا تاياقتىن قورقۇپ كېكەچلەپ گەپ قىلىدىغان بوپقاپتۇ.

مىنە تېخىمۇ كۆرەڭلەپ يەنە:

- قانداقچە دەرەخلەرگە بۇنداق مۇشۇكتەك يامىشىپ چىقالايدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟- دېدى.
- ياق.
- دادىسىنىڭ ئاچچىقى تۇتسىلا، ئۇ تاياق يېيىشتىن قورقۇپ قاچىدىكەن. دادىسى قوغلاپ تۇتۇۋالاي دېگەندە، دەرەخلەرگە چىقىۋېلىشقا مەجبۇر بولىدىكەن. ئۇ ئېگىز دەرەخلەرگە

چىقىۋالسا ، دادىسى ئۇ يەرگە چىقالمىغانلىقتىن، تاياقتىن قۇتۇلۇپ قالىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، دەرەخكە چىقىش ئۇستىسى بولۇپ قاپتۇ...

تەبىئەت بىلىملىرى دەرسىدە مۇپەتتىش ئورنىدىن تۇرغۇزغان مانا شۇ ئوغۇز ئىدى. تامدا ئادەم ئىسكىلىتى، مۇسكۇللار ۋە ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنى كۆرسىتىدىغان ئۈچ ئاسما رەسىم بار ئىدى . مۇپەتتىش ئىسكىلىت رەسىمىدىن بىر سۆڭەكنى كۆرسىتىپ:

- بۇ قايسى سۆڭەك ؟- دەپ سورىدى.

ئوغۇز زۇۋان سۈرمىدى.

- بۇ قايسى سۆڭەك ؟

يەنە جىمجىت.

ئوغۇزنىڭ كەينىدىكى مىنە ئېڭىشىپ تۇرۇپ:

- ئوقۇرەك سۆڭىكى، - دەپ پىچىرلىدى.

ئوغۇز بىر نەچچە قېتىم: "ئو... ئو... ئو..." دەپ زورۇققاندىن كېيىن:

- ئوقۇرەك سۆڭىكى!- دەپ ۋارقىرىدى.

مۇپەتتىش يەنە بىر سۆڭەكنى كۆرسىتىپ:

- ئەمىسە، بۇ نېمە ؟- دېدى.

"ئەمىسە، بۇ نېمە" دەپ سورالغىنىغا قاراپ، ئوغۇز، بايا خاتا جاۋاب بەرگەن ئوخشايمەن، ئەسلىئوقۇرەك سۆڭىكى بۇ ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، يەنە:

- ئوقۇرەك سۆڭىكى، - دېدى.

مۇپەتتىش ئاياغ سۆڭىكى پارچىلىرىنى كۆرسىتىپ سورىدى:

- خوپ، بۇچۇ ؟
- ئۇ... ئۇ... ئوقۇرەك سۆڭىكى...

مۇپەتتىش بۇ قېتىم بويۇن مۇسكۇللىرىنى كۆرسەتكەندى.

- ئوقۇۋرەك سۆڭكى، ئەپەندى...

ئوغۇز ھەر قېتىم، مۇشۇ ئوقۇۋرەك سۆڭكى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، نېمىنى كۆرسەتسە: "ئوقۇۋرەك سۆڭكى" دەۋەرگەندى. ئۇ كېكەچلەپ تەرگە چۆمدى. مۇپەتتىشنىڭ شۇنداق ئاچچىقى كەلدىكى، ئۇمۇ ئاخىرىدا ئوغۇزغا ئوخشاش كېكەچلەپ:

- خو... خو... خوپ، ئەمىسە بۇ نېمە؟- دەپ ۋارقىرىدى.
- ئوقۇ... ئوقۇۋرەك سۆڭكى...
- بولارمىكىن!- دېدى مۇپەتتىش،- ئادەم بەدىنىدە ئوقۇۋرەك سۆڭكىدىن باشقا نەرسە يوقمۇ؟ ئولتۇر!

كېيىنكى بىر نەچچە كۈندە بولغان ۋەقە مانا شۇ.

ئۆتكەنكى خېتىمگە بۈگۈنگىچە جاۋاب ئالالمىغانلىقىم ئۈچۈن، سېنى ئاغرىپ قالدىمۇ يا، دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن. خەۋەرلىرىڭنى كۈتىمەن.

ئەخمەت

تارىخ: 1691-يىلى 19-دېكابىر، ئىستانبۇل

**تۇغۇلغان كۈن**

ئەخمەت:

19- ۋە 88- دېكابىردا ئەۋەتكەن خەتلىرىڭنى تاپشۇرۇۋالدىم. ساڭا كۆپتىن-كۆپ رەھمەت .ئاغرىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن خەتلىرىڭگە ۋاقتىدا جاۋاب يازالمىدىم. كېسىلىم ئانچە ئېغىر ئەمەس، بىر ئاز سوغۇق تېگىپ قاپتۇ. ئاغرىق بولسامۇ، ساڭا خەت يېزىۋەتتىم، بىراق خېتىمنى ئاپام ياكى ھەدەم ئارقىلىق پوچتىغا سالدۇرۇشنى خالىمىدىم. مەتنىمۇ ماڭا ئوخشاش ئاغرىپ قالمىغان بولسا، خېتىڭنى ئۈنىڭدىن پوچتىغا سالدۇراتتىم، بىراق ئۇمۇ ئاغرىق ئىكەن. تۈنۈگۈن خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم ،بۈگۈن مەكتەپكە باردىم. مەكتەپتىن قايتىپ ساڭا خەت يازماقچى بولۇپ تۇرسام، ئاپام:

- زەينەب، خەت كەلدى،- دېدى. ئۇ كونۋېرتتىكى ئادرېسنى ئوقۇغان بولسا كېرەك،-ئەخمەتتىن كەپتۇ. ئۇ ۋاپادار ساۋاقدىشىڭ بولسا كېرەك، ساڭا خەت يېزىشنى زادى توختاتمىدى،-دەپ قوشۇپ قويدى.

خېتىڭنى ئوقۇپ بولۇپ مەتنىنىڭ يېنىغا باردىم. تېرمومېتىرنى قويسام، قىزىتمىسى 8.12 گرادۇسقا چىقىپتۇ.

قاراپ تۇرۇپ ئۆزىمىزگە كېسەل تېپىۋالغىنىمىزنى قارىمامدىغان... سىنىپىمىزدىكى ئاتامان ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارغانىدۇق، كېسەلنى شۇ يەردە يۇقتۇرۇۋاپتۇق. ئۇ يەرگە بارغان ساۋاقداشلىرىمىزدىن يەنە ئۈچى كېسەل بولۇپ قاپتۇ.

ئاپام مەكتىپىمىزنىڭ مەكتەپ-ئائىلە ھەمكارلىقى يىغىنىدا ئاتاماننىڭ ئاپىسى بىلەن تونۇشۇپ قاپتىكەن، ئۇ خانىم بىزنى ئوغلىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن چايغا تەكلىپ قىلىپتۇ ۋە بىزنىڭ ئۆينىڭ ئادرېسىنى ئېلىپ: "ماشىنا ئەۋەتىپ سىلەرنى ئېلىپ كېتىمىز" دەپتۇ. ئاپام: "باللار بېرىپ كېلەر" دېسىمۇ، "سىزنىمۇ، ئەپەندىمنىمۇ كۈتىمىز" دەپ تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا، ئاپام ماقۇل دېيىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

دادام بۇنى ئاڭلاپ: "كىچىك بالىنىڭ تۇغۇلغان كۈن چېيىدا بىزگە نېمە بار؟" دېسىمۇ، ئاپام بېرىشقا ۋەدە بەرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئاتاماننىڭ ئاپىسى: "سىزمۇ كەلمىسىڭىز رەنجىيمەن" دەپتىمىش.

تۇغۇلغان كۈنگە سوۋغات قىلىش ئۈچۈن مەن بىر كىتاب ئالدىم، مەتىن قېرىنداش ئالدى.

ئاتاماننىڭ دادىسى چۈشتىن كېيىن بىزنىڭ ئۆيگە ماشىنا ئېلىپ كەلدى. دادام بىلەن ئۇ كىشىماشىنىدا تونۇشتى. بۇ ماشىنا ئۇلارنىڭ خۇسۇسىي ماشىنىسى ئىكەن.

مېنى باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىۋاتىدۇ، دەپ، بەلكىم يازغانلىرىمنى ياقتۇرماسسەن. لېكىن، مەنكۆرگىنىمنى يازىمەن.

ئاتامانلارنىڭ دۆلەتمەن ئائىلە ئىكەنلىكىنى بىر قاراشتىلا بىلگىلى بولاتتى. ئاپامنىڭ دادامنىڭ قۇلىقىغا: "ۋىيەي، نېمدىگەن تېتىقسىزلىق... بۇ ئۆي بىساتلىرىنىڭ بىر-بىرىگە ماس كەلمىگەنلىكىگە قاراڭ!" دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم.

ئاتامانىنىڭ دادىسى ھەر بىر سۆزىنى "كەمىنىلىرى"، "ئالىيلىرى" دەپ باشلايتتى.

ئۆي ناھايىتى چوڭ بولغىنى بىلەن، بەكلا قالايمىقان ئىدى. بىر ياقتىن مېھمانلار كېلىشىۋاتاتتى. بىز ئۈن بەشچە بالا ئىدۇق. چوڭلار ئوتتۇزدىن ئاشاتتى. باشقا بالىلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئاتا-ئانىلىرى بىلەن كەلگەنىدى. مەتىن ئاپامدىن:

- ئاتامانىنىڭ دادىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىمكەن؟- دەپ سورىدى.

مەن كىشىلەرنىڭ ئىچىدە بىرەر نامۇۋاپىق سۆز قىلىپ قويسا، ئاپام ئۇنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي چىمدىۋالاتتى. ئاپام بۇگۈنمۇ ئۆتكۈزىۋەتمەي ئۇنى چىمدىۋالدى، مەتىن شۇندىلا ئۆزىنىڭ نامۇۋاپىق گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى بىلىپ جىم بولدى.

-قىستىلىپ قالدىڭلارمىكىن، مېھمانلار، - دېدى ساھىبخانا خانىم، - ئۆي كىچىك، كۆڭلۈڭلارغا ئالمىغايسىلەر. دوست-يارەنلەر كۆپ، چاقىرمىساق تېخى بولمايدۇ، رەنجىپ قالىدۇ. بىزنىڭ كىشىگە ئېيتتىم، كېلەر يىلى ئوغۇلنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى چوڭ بىر زالدا ئۆتكۈزىمەن. بىزنىڭ كىشنى ماقۇل قىلدىم. سادىغاڭ كېتەي، بىزنىڭ كىشى زادى سۆزۈمدىن چىقمايدۇ.

خانىم ئېرىنى "بىزنىڭ كىشى"، ئاتامانىنى "ئوغۇل" دەپ ئاتايتتى. ئۇ ئاپامدىن:

- بىزنىڭ كىشى نېمە دېسەم ماقۇل دەيدۇ، سىزنىڭ قانداق؟- دەپ سورىدى.

شۇ زامات ئاپامنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ خاپا بولغانلىقىنى سەزدىم.

- سىزنىڭ دېگىنىڭىز كىم؟- دەپ سورىدى ئاپام.

ئاتامانىنىڭ ئاپىسى كۈلۈمسىرەپ:

- سىزنىڭ، قەدىرلىكىم، سىزنىڭ ئەپەندىمچۇ، يەنى سىزنىڭكىمۇ يۇمشاقباشمۇ، دېمەكچىمەن.

ئاپام ئۆزى ياقتۇرمىغان بۇ پاراڭنى باشقا ياققا بۇراش ئۈچۈن:

- ئۆيۈڭلار ئىسسىق ئىكەن-ھە!- دېدى.

- ئوغۇلنىڭ تۇغۇلغان كۈنى كەپ رادىياتورنى ياخشىراق ئىسسىتقۇزدۇق-دە... بىزنىڭ كىشىنىڭ قولى بەك ئوچۇق، ئوغۇلنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنىڭ شەرىپىگە رادىياتور تازا قىزىپ كەتسۇن، دېدى. ھېچ ھاجىتى بولمىسىمۇ، ئىشخانىسىغا كاتىپ دەپ ئىككى-ئۈچ قىز ئىشلىتىدۇ. ئەر كىشى دېگەن شۇنىمەسمۇ، قېرىنداشىم...

قاپاقلىرى تۇرۇلگەن ئاپام مەتىن بىلەن ئىككىمىزگە:

- تۇرۇڭلار، داداڭلارنىڭ يېنىغا چىقىڭلار!- دېدى.

ئەر مېھمانلارنى چوڭ سارايغا باشلاشقانىدى. ئۈستەلدە نازۇ-نېمەتلەر ۋە ئىچىملىكلەر مول ئىدى. ئاتامانىنىڭ دادىسى بىلەن ئۆرە تۇرۇپ سۆزلىشىۋاتقان دادام بىزنىڭ كىرىشىمىزنى ئانچە ياقتۇرمىدى.

- ئاپاڭلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرماي، نېمىشقا بۇ يەرگە چىقتىڭلار؟- دېدى ئۇ.

- ئاپام داداڭلارنىڭ يېنىغا بېرىڭلار دېگەنىدى،- دېدى مەتىن.

ئاتامانىنىڭ دادىسى بىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، دادامدىن:

- بۇلار ئالىيلىرىنىڭكىمۇ؟- دەپ سورىدى.

- شۇنداق...

- ئاللا ئۆمرىنى بەرسۇن! ھە... نېمە دەۋاتاتتىم... كەمىنىلىرى بېخىللىق بىلەن خوشۇم يوق .

ئامال قانچە، خوتۇن كىشى دېگەن ناھايىتى پىششىق بولىدىكەن... مۇشۇ بىزنىڭ خوتۇننى ئالساق ،ئەرزان بولسۇن دەپ، خىزمەتچىلەرگە ئايرىم ناچار ئاپلېسىن ئالىدۇ. بولمايدۇ، سۆيۈملۈكۈم، سەن نېمە يېسەڭ، خىزمەتچىلەرمۇ شۇنى يېيىشى كېرەك، دەپ، كەمىنىلىرى بۇنى بىزنىڭ خوتۇنغا زادى ئاڭلىتالمىدىم. بۇنداق قىلىش ئىنسانىيەتچىلىككە زىت، دېسەممۇ قۇلاق سالمىدى. سەن ئاپلېسىندىن ئون خۇرۇش ئىقتىساد قىلىمەن دېگەنىبىلەن، خىزمەتچىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالسا ،811 لىرالىق تەخسىنى، قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى، دەپ، يەرگە تاشلاپ سۇندۇرۇۋېتىدۇ-دە! بىزنىڭ خوتۇن بۇنى چۈشەنمەيدۇ...

دادام بىزگە:

- مېڭىڭلار، ئاپاڭلارنىڭ يېنىغا چىقىڭلار!- دەپ ھەيدىدى.

باشقا باللارمۇ بىزگە ئوخشاش زېرىكىپ كەتكەندى. بىر ئايال باللارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭىدىن ئاغرىنىپ:

- كىچىك بالا بىلەن بىر يەرگە بارغىلى بولمايدۇ...- دېدى يېنىدىكى ئايالغا.

دادام ئاپامغا:

- ئەمدى قايتساق بوپتىكەن...- دېۋىدى، ئاپام:
- سەت بولىدۇ، بىردەم چىشىڭىزنى چىشلەپ تۇتۇڭ، - دېدى.

شۇ ئەسنادا ئاتامانىڭ دادىسى قولىدا گېزىت، دادامنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

- كەمىنىلىرى نامرات باللارغىمۇ ياردەم قولۇمنى سوزدۇم،- دېدى،- ھەر ھېيت-بايرامنىڭئالدى-كەينىدە نامرات باللارغا ئەئانە تارقىتىپ تۇرىمەن... قاراڭ، مانا گېزىتلەرگىمۇ يېزىپتۇ...

ساھىبخانا باللارنى بىر ئۆيگە يىغدى، بىر ئۇستەلنىڭ ئۈستىگە ئاتامانغا ئېلىپ كەلگەنسوۋغاتلار دۆۋىلىنىپ كەتكەندى. ئۆي ناھايىتى ئىسسىپ كەتكەچكە، دېرىزىنى ئېچىۋەتكەندى .
مەتىن ئىككىمىز ئوچۇق دېرىزە ئالدىدا تۇرغاندۇق، ئىسسىقتا تەرلەپ كەتكەچكە، ئۇ يەردە تۇرۇپ سوغۇق تەگكۈزۈۋاپتۇق. دادام قايتىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىغاندى، ئاتامانىڭ دادىسى:
- تېخى تاماق تارتىلمىدى، ئىككى قەدەھمۇ ئىچىلمىدى...- دېدى.

دادام ئىشى بارلىقىنى دەپ ئۆزرە قويدى.

كوچىغا چىققىنىمىزدا ئاپام ئىچى پۇشۇپ كەتكەن دادامغا:
- كەچۈرىسىز، - دېدى، - بۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەپتىمەن. خانىم ناھايىتى زورلاپ كەتكەچكە رەت قىلالمىغانىدىم...

ئەتىسى قىزىتمام 16 گرادۇسقا چىقتى...

ئالدىنقى كۈنى خېتىڭدە مەندىن ھېكمەت توغرۇلۇق خەۋەر بېرىشىمنى سوراپتىكەنسەن. ھېكمەت بىر ھەپتىدىن بېرى مەكتەپكە كەلمىدى. بىچارىنىڭ نېمە بولغىنىنى بىلمەيمەن

.ساۋاقداشلاردىن ئۆيىنى بىلدىغانلارمۇ يوق. ئۇنىڭ ئەھۋالى مېنى ناھايىتى بىئارام قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خەۋەرنى ئاخىرىغا قالدۇردۇم.

جاۋابىڭنى ماڭا ئوخشاش كېچىكتۈرمەسلىكىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

زەينەب يالقىر
1691-يىلى 81-دېكابىر، ئەنقەرە

بىر داھىي يېتىشتۈرۈلمەكتە

ساۋاقدىشىم زەينەب:

سەن ۋە ئىنىڭمۇ ياخشى بولۇپ قالغانسىلەر، ئاپاڭنىڭ مېنى ئەسلىگىنىگە ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم.

ساۋاقدىشىڭ ئاتامانىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش چېيىنى ياخشى يېزىپسەن.

بىلەمسەن، بۈگۈنگىچە مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم زادى تەبرىكلەنگەن ئەمەس، ئائىلىمىزدە بۇنداق ئادەت يوق. مەنمۇ باشقا ساۋاقداشلىرىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش چايلىرىغا بارمايمەن .لېكىن، يازلىق تەتىلدە ئاپام بىلەن بىر تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بېرىپ ئۈچ كۈن تۇرغانىدۇق، شۇ كۈنلەردە تۇغقىنىمىزنىڭ قىزىنىڭ بىر ساۋاقدىشىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش چېيى بوپتىكەن، مېنىمۇ تەكلىپ قىلدى.

شۇ كۈندىكى ئىككى ئىش زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بۇلاردىن بىرى، ناھايىتى شوخ بىر بالىنىڭ ئىشى. ئۇ ئۆيىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەنىدى. بىر چاغدا ھاجەتخانىنىڭ ئىشكى ئىچىدىن «گۇم-گۇم» قىلىپ ئۇرۇلۇشقا باشلىدى، پۈتۈن مېھمانلار ھاجەتخانا ئىشىكى ئالدىغا توپلاندى .
ھاجەتخانىنىڭ ئىچىدە بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئايال ئىشىكنى ئۇرغاچ:
- بىرى ئىشىكنى سىرتىدىن تاقاپ قويۇپتۇ، ئېچىۋېتىڭلار!- دەپ ۋارقىرايتتى.
ئۆي ئىگىسى ھاجەتخانىنىڭ ئاچقۇچىنى ئىزدەشكە باشلىدى. پاكار بويلۇق سېمىز بىر ئادەم قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ:
- چوقۇم مېنىڭ ئوغلۇمنىڭ قىلغان ئىشى. قېنى ئۇ ؟- دېدى.
سېمىز ئادەم ئوغلىنى ھېچ يەردىن تاپالمىدى، لېكىن ھەدەپ ئوغلىنى ماختاپ توختىمىدى:
- كۆز تەگمىسۇن، ئۇ ناھايىتى ئەقىللىق... جىم تۇرالمايدۇ... خانىمنى ھاجەتخانىغا جەزمەن ئۇ سولاپ قويغان گەپ...

بىچارە ئايال ھاجەتخانا ئىچىدە ئىشىكنى مۇشتىلاۋاتسا، سېمىز ئادەم ناھايىتى ئەقىللىق ئوغلى ھەققىدە مېھمانلارغا دوكلات بېرىۋاتاتتى:
- كۆز تەگمىسۇن، ئۇ بەك ئەقىللىق... دەرسلىرىنى زادى تەكرار قىلمايدۇ، ئىمتىھان ئالدىدىغان كۈنى كىتابقا بىر قاراپلا بىلىۋالىدۇ. مەنمۇ بالا ۋاقتىمدا شۇنداق ئىدىم، زادى دەرس تەكرارلىمايتتىم .مېنى دوراپتۇ، شەيتان... ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى دەرس تەكرارلايدۇ، مېنىڭ ئوغلۇم تەكرارلىمىسىمۇ سىنىپتىن كۆچەلەيدۇ. بۇ ئالقانات بەك ئەقىللىق. مەن ئۇنداق باش كۆتۈرمەي دەرس تەكرارلايدىغانلارنى ياخشى كۆرمەيمەن...

ھەممەيلەن ئۆيلەرنى ئارىلاپ بۇ ئەقىللىق بالىنى ئىزدىشىۋاتاتتى، سېمىز ئادەم بەخىرامان تۇرۇپ:
- كارىۋاتنىڭ تېگىگە قاراڭلار، ئۆيدە دائىم شۇ يەرگە مۆكۈۋالاتتى، - دەپ ۋارقىرىدى.

ساھىبخانا ئېڭىشىپ كارىۋاتنىڭ تېگىگە قاراۋاتقاندا، يۇقىرىدىن بېشىغا بىر نەرسە چۈشتى، ئۇ ئاچقۇچ ئىدى. ئاندىن كىيىم ئىشكابىنىڭ ئۈستىدىن كارىۋاتقا بىر بالا سەكرەپ چۈشتى. سېمىز ئادەم:
- مانا، مەن بايا مېنىڭ ئوغلۇم دېدىمغۇ... ئۇنىڭ شوخلۇقى ئەقىللىقلىقىدىن بولغان...

دادىسىنىڭ خىزمىتى بىلەن ماختىنىدىغان بۇ بالا ئۇ كۈنى ھەممەيلەننى بىئارام قىلدى.

شۇ كۈنى «داھىي نامزاتى» دېيىلگەن يەنە بىر بالىنىڭ ئىشى زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

بىز مېھمان بولۇپ بارغان تۇغقىنىمىزنىڭ قىزى مېنى بىر بالا بىلەن تونۇشتۇردى. ئۇ جۇدەڭ ،ئالىغاي، كۆزەينەك تاقىۋالغان بالا ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ، ئىسمىنى سورىدىم. گاس بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، تېخىمۇ قاتتىق ئاۋاز بىلەن يەنە بىر قېتىم سورىدىم. گويا ناھايىتى قىيىن بىر مەسىلە ئۇستىدە پىكىر يۈرگۈزىۋاتقاندەك، بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن ئىسمىنى ئېيتتى. قانچىنچى سىنىپتا ئىكەنلىكىنى سورىدىم. يەنە ئۇزۇن ئويلانغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى. ئۇ ئۆزلۈكىدىن گەپ قىلمايتتى، بىرى گەپ سورىسا، ئۇزۇن ئويلىنىپ ئاندىن جاۋاب بېرەتتى. بۇ بالىدىن ئىچىم پۇشتى ،ئاخىر ئۇنىڭدىن يىراقلاشتىم. مېنى ئۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن تۇغقىنىمىزنىڭ قىزىدىن:

- بۇ بالا گالۋاڭمۇ نېمە؟- دەپ سورىدىم.

قىز كۈلۈپ تۇرۇپ:

- نېمە دەۋاتىسىز، ئۇنى دادىسى داھىي قىلىپ تەربىيىلەۋاتىدۇ، - دېدى.

يېنىمىزغا كېلىپ سۆزگە ئارىلاشقان باشقا بىر قىز:

- ئۇنى بىزنىڭ سىنىپتا «داھىي نامزاتى» دېيىشىدۇ، - دېدى.

- ئىسمىنى سورىسا ئىككى مىنۇت ئويلىنىپ جاۋاب بېرىدىغان كىشى قانداق داھىي بولسۇن؟

- داھىيلىقىدىن شۇنداق بولمامدۇ، دادىسى شۇنداق ئۆگەتكەن-دە .«ئىسمىڭنى سورىسىمۇ ئويلىماي جاۋاب بەرمە» دېگەندۇ ھەقچان، چۈنكى داھىيلار كۆپ ئويلارمىش.

بۇ ئىككى قىز بىر-بىرىنىڭ سۆزىنى تولۇقلاپ ،«داھىي نامزاتى» بولغان بۇ بالىنى ماڭا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. بۇ بالىنىڭ دادىسى ناھايىتى ئەقىللىق ئادەممىش، پۈتۈن داھىيلارنىڭ قانداق يېتىشتۈرۈلگەنلىكىنى تەتقىق قىلغانمىش، ئۆزىمۇ بىر داھىينىڭ ئاتىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلارمىش. تەتقىقاتلىرىنىڭ نەتىجىسىگە قارىغاندا، داھىيلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ ئاتىلىرى ياشانغان كىشىلەرمىش. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىشى خېلىلا ياشىنىپ قالغاندىن كېيىن ئۆيلەنگەنمىش...

- سىز بۇلارنى قانداق بىلىسىز؟ ئۇ بالا دەپ بەرگەن ئوخشىمامدۇ؟- دەپ سورىدىم مەن.

بۇ ئىشنى مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدىكەن. ھەممە ئۆيدە بۇ ھەقتە گەپ بولىدىكەن ،ئۇلارمۇ چوڭلاردىن ئاڭلاپتىكەن.

بۇ كىشى ئۆيلىنىپتۇ، لېكىن پەرزەنت يۈزى كۆرمەپتۇ. داھىينىڭ ئاتىسى بولۇش ئۈچۈن يەنە بىر ئاز ياشىناي دەپ، يىللارنى كۆپرەك ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولسا كېرەك. بۇ ئىشتىن ئوشۇقچە بىئارام بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ،خوتۇنى ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئادەم، بالا ئاۋاق، ئاجىز تۇغۇلسۇن ،دەپ خۇدادىن تىلەپتۇ. چۈنكى داھىيلارنىڭ كۆپچىلىكى ئاغرىقچان، ئاجىز بالىلاردىن يېتىشەرمىش .

ئاخىر بالا تۇغۇلۇپتۇ. ئۇ شۇ قەدەر ئاۋاق تۇغۇلۇپتۇكى، مۇبارەكلەپ كەلگەنلەر باشلىرىنى چايقىشىپ ،بۇ بالا ئەي بولمايدۇ، دېيىشىپتۇ. ھەر ھالدا ئۇ ئەي بوپتۇ. ئۇ ئادەمنىڭ بىر كىتابتىن كۆرۈشچە ،ناھايىتى مەشھۇر تالانتلىق بىر شائىر ئۆتكەنمىش، بۇ شائىر ئانا سۈتىدىن ناھايىتى بالدۇر ئايرىلغانلىقى ئۈچۈن تالانتلىق بولغانمىش. بۇ ئادەممۇ بالىسىنى داھىي قىلىش ئۈچۈن بىر ئايلىق ۋاقتىدىلا ئانا سۈتىدىن ئايرىۋېتىپتۇ. بالا بىر ياش ۋاقتىدا سەگۈنچەكتىن يىقىلىپ چۈشۈپ، بىر كۆزى ئالىغاي بولۇپ قاپتۇ، بۇنىڭدىن دادىسى ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۆز زامانىسىدا ئۆتكەن مەشھۇر بىر يازغۇچى ئالىغاي ئىكەن... ھازىر كىچە-كۈندۈز، بالام پاكار بوي ئادەم بولسىكەن ،دەپ خۇدادىن تىلەيدىغان بوپتۇ، چۈنكى داھىيلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بويى پاكار ئىكەن.

مەن بۇلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بالىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىسمىنىمۇ ئويلىنىپ ئېيتىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. مېنىڭچە، بالا ئويلىمايدىكەن، بەلكى ئىسمىنى ئېسىگە ئالالماي تۇرۇپ كېتىدىكەن...

دوستۇڭ ھېكمەتنىڭ مەكتەپكە كەلمىگەنلىكىگە ناھايىتى بىئارام بولدۇم. ئۇ بىچارە قانداق بولغاندۇ...

بىز تۈنۈگۈن مەكتەپتە ۋاكسىنا سالدۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن مەكتەپكە بارالمىدىم. بۇ خەتنى ھازىر پوچتىغا سالىمەن. ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ھېساب تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەيمەن. ۋاكسىنا سېلىنغان سول قولۇم ئاغرىۋاتقاچقا مىدىرلىتالمايۋاتىمەن.

خەير-خوش، زەينەب، ساڭا خەيرلىك ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمەن.

ئەخمەت

تارباي 1691-يىلى 86-دېكابىر،

ئىستانبۇل

## تاما-تاما كۆل بولار

ساۋاقدىشىم ئەخمەت:

ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا خېتىڭنى، خېتىڭدىن بىر كۈن ئاۋۋال يېڭى يىلمنى تەبرىكلەپ ئەۋەتكەن ئاتكىرتكاڭنى تاپشۇرۇۋالدىم. ھەر ئىككىلىسىگە كۆپتىن-كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن. مەنمۇ ساڭا ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرقى كۈنى يېڭى يىلنى تەبرىكلەپ بىر دانە ئاتكىرتكا ئەۋەتكەنىدىم. ھەر ھالدا تاپشۇرۇۋالغانسەن. لېكىن، سېنىڭ ئاتكىرتكاڭ بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن. ساڭا ئوخشاش، مەنمۇ ساڭا بىر پارچە رەسىم سىزىپ ئەۋەتىش زادى ئەقلىمگە كەلمەپتۇ. راستىمنى ئېيتسام، ساڭا ئوخشاش چىرايلىق رەسىم سىزالمايمەن-دە... ئاتكىرتكىغا سىزغان رەسىمىڭنى بۇ يەردىكى ساۋاقداشلىرىمغا كۆرسەتتىم، ئۇلار ناھايىتى ياقتۇردى.

يېڭى يىلنىڭ بىرىنچى كۈنى بىزنىڭ ئۆيدە يېڭى يىل كېچىسىدىنمۇ قىزىق بىر كۈن بولدى، بۇنى ساڭا يېزىشىمغا ئەرزىيدۇ.

ئاپاممۇ، داداممۇ ئىنتايىن ئىقتىسادچىل. خاتا چۈشىنىپ قالمىغىن، ئۇلارنى پىخسىق دېمەكچى ئەمەسمەن. لېكىن، ھەر ئىككىلىسى، يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنىمىز، دەپ ئويلايدۇ. سىياھ قەلىمىمنىڭ قالپىقىنى سېلىشنى ئۇنتۇپ ئۇستەل ئۈستىگە تاشلاپ قويسام، دادام ماڭا: «قەلىمىڭنىڭ قالپىقىنى سالمىساڭ، ئۇچىدىكى سىياھى قۇرۇپ كېتىپ يازالماي قالىسەن. يەرگە چۈشۈپ كەتسە ئۇچى سۇنىدۇ .
بۇلارنىڭ ھەممىسى زىيان. ئادەم ئىقتىسادچىل بولۇشى كېرەك» دەپ نەسىھەت قىلىپ كېتىدۇ.

ئىنىم دەپتەر ۋارىقىنىڭ بىر بېتىگىلا يازسا ياكى بىر-ئىككى ۋاراقنى تاشلاپ كەتسە، ئاپام ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ: «زىيانداش بولما، ئوغلۇم، تاما-تاما كۆل بولىدۇ. ھەر كۈنى مۇشۇنداق بىر ۋاراقتىن زايە قىلساڭ، يىلدا يوغان بىر توپلام بولىدۇ. بۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئەمەسمۇ ؟» دەيدۇ.

مەتىن قېرىندىشىنى كۆپ يىتتۇرىدۇ. بۇنداق چاغلاردا، ئاپام: «ساڭا قېرىنداش ئېلىشتىن زېرىكتىم!» دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ.

ئىقتىسادچىللىق ئەلۋەتتە ياخشى ئىش. لېكىن، بىزنىڭ ئۆيدىكى ھەددىدىن زىيادە ئىقتىسادچىللىق ئىچىمنى پۇشۇرۇشقا باشلىدى. مومام مېنىڭ ئىقتىسادچىل بولمىغانلىمىدىن ئاغرىنىپ:
«قىزىم، بىر بولمىسا، مىڭ بولماس... تاما-تاما كۆل بولار» دەيدۇ.

بوۋام ماڭا پارچە پۇل يىغىدىغان تۆشۈكلۈك قۇتا ئېلىپ بەرگەنىدى، ئۇنى بېرىدىغان چاغدا:
«ئۇنتۇما، تاما-تاما كۆل بولار. قېنى دەپ باققىنا، قانداق بولىدىكەن؟» دېگەنىدى.

بوۋام ھەمىشە شۇنداق، بىزگە بىر نەرسە ئېلىپ بەرسە، كەينىدىنلا: «تاما-تاما نېمە بولاتتى؟» دەپ سورايدۇ .«كۆل بولىدۇ، بوۋا» دەپ جاۋاب بېرىمىز بىز. ئاندىن ئۇ سوزۇپ تۇرۇپ: «ئاپىرىن!» دەپ كېتىدۇ.

مەن «تاما-تاما كۆل بولار» دېگەن بۇ ماقالنى تولا ئاڭلاپ زېرىكتىم. بىزنىڭ ئۆيدە بۇ ماقالنىڭ بىر كۈندە بىر نەچچە قېتىم تەكرارلانمايدىغان كۈنى يوق.

يېڭى يىل كېچىسى ئاپام بىلەن دادام قوشنىلىرىمىز بىلەن بىر كۈلۈۋىقا بېرىشتى. ئىلگىرىكى يېڭى يىل كېچىلىرىنى ھەممىمىز بىللە ئۆيدە ئۆتكۈزەتتۇق.

دادامنىڭ ساۋاقدىشى بولغان قوشنىلىرىمىزدىن بىرى كۈلۈبتا ئالدىنئالا ئورۇن تۇتۇپ قويۇپتىكەن .

ئۇلار كۇلۇبقا كەچلىك تاماق ۋاقتىدا كېتىشتى. دادام بىزنىڭ يېڭى يىل كېچىسى ئۆتكۈزۈش ئادىتىمىزنى بۇزمىدى، ھەممىمىز بىرلىكتە كەچلىك تاماقنى يېدۇق، بىللە كۆڭۈل ئاچتۇق. خېلى كەچ بولغاندا، ئاپام بىلەن دادام ھەدەمنى ئېلىپ كېتىشتى. بوۋام، مومام ئىككىسى بىز بىلەن ئۆيدە قالدى. بىز قارتا ئوينىدۇق ۋە باشقا ياخشى ئويۇنلارنى ئورۇنلاشتۇردۇق.

يېڭى يىل كىرگەندىن كېيىن يېتىپ قالدۇق.

ئەتىسى ئويغانسام، ئۆيدە ھېچكىم يوق. ئاپاملار تېخىچە قايتىپ كەلمىگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، ئورنۇمدا ئويغاق ياتتىم. بىر ئازدىن كېيىن مەتىن ھۇجرامغا كىرىپ:

-ئۇلارغا نېمە بولغاندۇ؟- دېدى.
-نېمە بولدىكىنتاڭ؟

-قاراپ باققىنا، ھەدەم كىيىملىرى بىلەنلا سافادا ئۇخلاپ قاپتۇ، دادام گىلەمنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاۋېتىپتۇ، ئاپام يوق تۇرىدۇ.

ئورنۇمدىن تۇرۇپ قارىسام، بوۋام بىلەن مومام ئۆيگە كېتىپتۇ، ھەدەم مېھمانلىق كىيىملىرىنى سالمايلا ساپادا يېتىپتۇ. چاچلىرىدا قەغەز قىيىقچىلىرى، بويىنىغا رەڭگارەڭ قەغەز لېنتىلار ئورالغان ،گىلەمنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاۋاتقان دادامنىڭ يۈزىدە قىزىقچىلىق نىقابى بار، بىر پۇتىغا قەغەز قالپاق كىيىلىپ قاپتۇ. يالغۇز ئاپاملا ئورۇن ئىچىدە يېتىپتۇ. لېكىن توپلىيىنىڭ بىر پېيى كارىدوردا، بىر پېيى ھۇجرىسىدا تۇراتتى...

ئاپامنىڭ ئۈستىنى يېپىپ قويدۇم، ھەدەمنى ئاران دېگەندە ئويغىتىپ كارىۋىتىغا ياتقۇزدۇق . بىراق دادامنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئويغىتالمىدۇق.

چۈشتىن كېيىن ئۈلار بىر-بىردىن ئويغىنىپ ئېسىگە كېلىشتى. باشتا ئويغانغان ئاپام ئىدى، ئۇ دادامنى ئويغاتتى. ھەدەم ھەممىدىن كېيىن ئۇيقۇسىنى ئاچتى، بىر ئازدىن كېيىن بوينىدىكى زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ يوقلىقىنى ئېيتتى، كېچىدە بىر يەردە چۈشۈرۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن.

ئاپام بىلەن دادامنىڭ يېڭى يىل كىرگەندە تەلىيىنى سىنىغانلىقى ۋە نۇرغۇن پۇلدىن ئايرىلغانلىقىنى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن بىلدىم. بىر چاغدا ئاپام دادامغا:

-خوش، بۇ ئاينى قانداق ئۆتكۈزىمىز ؟- دېدى.

-شىركەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى ئالىمەن، - دېدى دادام.

ئادەتتە بىزنىڭ ئۆيدە بۇنداق گەپلەر بولمايتتى. چۈشتىن كېيىن بوۋام بىلەن مومام كەلدى . موموم:

-ياخشى ئوينىدىڭلارمۇ ؟- دەپ سورىدى.
-يا ئاللا، ئەمدى بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن يېڭى يىل كېچىسىنى ئۆيۈمدىن باشقا يەردە ئۆتكۈزمەيمەن، - دېدى ئاپام.

ئاپام مەتىن بىلەن ئىككىمىزنى بىر چەتكە تارتىپ:

-باللار، پۇلۇڭلار بولسا بېرىپ تۇرۇڭلار، ئەتە قايتۇرۇپ بېرىمەن، - دېدى.

پۇللىرىمىزنى ئاپامغا بەردۇق. بىر ئازدىن كېيىن ئىشىك قېقىلدى. قوشنىمىزنىڭ قىزى نۇرتەن دادامغا دادىسى يېزىپ بەرگەن بىر باغاقچىنى ئېلىپ كىرگەنىكەن. باغاقچىنى دادامغا ئەكىرىپ كېتىۋېتىپ ئوقۇپ باقتىم:

«دوستۇم، تۈنۈگۈن كېچىدىكى ئەھۋالدىن خەۋىرىڭ بار، مەندە بىر تىينىمۇ قالماپتۇ. ئۆيگە قانداق كەلگەنلىكىمنى بىلمەيمەن. ھەر ھالدا سىلەر ئەپكەلدىڭلار. ماڭا يۈز لىرا بېرىپ تۇرالامسەن؟ ساڭا كۆپ رەھمەت»...

خەتنى دادامغا بەرسەم، ئاپام بىلەن بىر نېمىلەرنى دېيىشتى، دادام دوستىغا: «پۇل يوق، بېرىپ تۇرالمايمەن» دەپ قاندىق ئېيتالىسۇن؟ ئاخىر كەلگۈلۈك ھەدەمنىڭ پۇل قاپچۇقىغا كەلدى. ئۇلار بۇ ئىشنى بىزگە ئۇقتۇرماي ھەدەمگە ئېيتتى. ئاندىن ئۇنىڭ پۇل قاپچۇقىنى ئېچىپ، ئىچىدە بارىنى مەتىندىن نۇرتەنىنىڭ دادىسىغا چىقىرىپ بەردى.

شۇ كۈنى مەتىن قېرىندىشىنى ئىزدەپ تاپالمىدى. ئۇ يەنە ھەر قېتىمقىدەك قېرىندىشىنى يىتتۇرۇپ قويغانىدى. ئاپام ئاچچىقلاپ:

-بۇ بالىزە، ئەزەلدىن بەتخەج، ئەمدى ساڭا قېرىنداش ئېلىشتىن زېرىكتىم!- دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

بوۋاممۇ ھەر قېتىمقىدەك نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى:

-بىر بولمىسا، مىڭ بولماس! ئېيتىپ باققىنا، نېمە بولمىسا، نېمە بولماس؟

-بىر بولمىسا، مىڭ بولماس!- دېدى مەتىن.
-ئاپىرىن! تاما-تاما كۆل بولار، ئېيتىپ باقە، قانداق بولىدىكەن؟

مەتىندىن ئاۋۋال مەن جاۋاب بېرىۋەتتىم:

-كۆل بولماس!

-نېمە؟ كۆل بولماس دېدىڭمۇ؟

-شۇنداق، بوۋا.

-ھە... ئەمسە نېمە بولىدۇ؟- دېدى بوۋام قاپىقىنى تۈرۈپ.

-تامچىلار چۈشكەن يەر چوڭقۇر بولسا كۆل بولىدۇ، بىراق چوڭقۇر بولمىسا... تاما، تاما، تاما...

-ھە... ئاندىن ؟

-سەل بولۇپ ئېقىپ كېتىدۇ...

دادام ماڭا ھومىيىپ قارىدى.

يېڭى يىلنى مۇشۇنداق باشلىدۇق. ئاپام بىلەن دادام كېلەر يىلقى يېڭى يىل كېچىسىنى ئۆيدە بىز بىللە بىللە ئۆتكۈزمەكچى .

سەن يېڭى يىل كېچىسىنى قانداق ئۆتكۈزدۈڭ ؟

يېڭى يىلدا ساڭا مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەخت تىلەيمەن.

زەينەب
ياڭقىر 1699-يىلى 8-يانۋار،
ئەنقەرە

يېڭى يىلنى ياخشى باشلىدۇق

زەينەب:

يېڭى يىللىق ئاتكىرتكاڭنى ئالغىنىمغا خېلى بولدى، رەھمەت ساڭا.

بىز يېڭى يىل كېچىسىنى چوڭ دادامىلارنىڭكىدە ئۆتكۈزدۇق. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆيى چوڭ، كىچىك دادامىلارمۇ كەلدى.

مەن بالدۇر يېتىشقا ئادەتلەنگەنلىكىم ئۈچۈن، يېڭى يىل كىرگۈچە تەستە ئولتۇردۇم، رادىئونى ئاڭلاپلا ئۇخلاپ قاپتىمەن.

ئەتىسى بىزنىڭ ئۆي خۇددى باشقا كۈنلەردىكىدەكلا ئىدى. لېكىن، يېڭى يىل كۈنى سىلەرنىڭ ئۆيىدە بولغان ئىشلار بىزنىڭ ئۆيىدە ئادەتتىكى ئىشلار ھېسابلىنىدۇ. دادام سىرتتا كۆپ پۇل خەجلىۋەتسە، دەردىنى ئۆيدە چىقارماقچى بولاتتى.

ئۇ بەزى كېچىلىرى كەچلىك تاماقنى دوستلىرى بىلەن سىرتتا يەيدۇ. ئەتىسى ئىستاكانغا تولدۇرۇپ قۇيغان سۇنىڭ ھەممىسىنى ئىچىۋەتمىسەم، ئاچچىقى كېلىپ: «ئىستاكانغا سۇنى ئىچىپ كېتەلىگۈدەك قۇي! سۇنى ئىسراپ قىلما!» دەيدۇ.

ئەگەر ئىستاكاننىڭ تۈۋىدە ئىككى ئىلىك سۇ ئېشىپ قالسا، ئۇنى ئىسراپ بولمىسۇن دەپ، گۈل قاچىسىغا تۆكىدۇ. بۇنداق چاغلاردا دادامنىڭ ئالدىنقى كېچە دوستلىرىغا خېلى كۆپ ئىلتىپات قىلىۋەتكەنلىكىنى چۈشىنىمەن.

«چىش چوتكىسىغا پاستىنى ئانچە كۆپ سىقما! ئىسراپ بولىدۇ!» دەپ ۋارقىرىغىنىدا، دادامنىڭ بىر كىملەرگە زىياپەت بەرگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

بىرەر بولاق نەرسىنىڭ يېپىنى يېشەلمەي كەسكىلى تۇرسام: «تانىنى زايە قىلما، ئاۋايلاپ يېشىپ بىر يەرگە ئېلىپ قوي!» دەپ تەلىم بېرىدۇ. بۇنداق چاغدا، دادامنىڭ دوستلىرىنى مېھمان قىلغانلىقىنى چۈشىنىمەن.

دادام باشقىلار بىلەن بىللە تاماق يېسە، بىر يەردە چاي ئىچسە، پۇلنى چوقۇم ئۆزى تۆلىۋەتمىسە ئۇنىمايدۇ. يېنىدىكىلەرگە: «ھەرگىز ئۇنداق قىلما، بولمىسا رەنجىيمەن... پۇلنى ئۆزۈم تۆلەيمەن...» دەپ تۇرۇۋالغانلىقىنى كۆپ قېتىم كۆرگەنىدىم.

لېكىن، بۇ تالاش-تارتىشنىڭ ئەتىسى، ئۆيدە: «كونا گېزىتلەرنى ئىسراپ قىلماي ساقلاپ قويۇڭلار، بىر نەرسە يۆگىسەڭلار كېرەك بولىدۇ، يىغىپ قويساڭلار ساتىسىلەر، ھېچبولمىغاندا ئوچاققا تۇتۇرۇققا بولسىمۇ ئەسقاتىدۇ!...» دەيدۇ.

سىلەرنىڭ ئۆيدە ئەڭ كۆپ ئېيتىلىدىغان ماقال «تاما تاما كۆل بولار» بولسا، بىزنىڭ ئۆيدىمۇ «ساقلا سامانىنى، كېلەر زامانى» دېگەن ماقال ئەڭ كۆپ ئېيتىلىدۇ. لېكىن، دادام سىرتتا ئورۇنسىز پۇل خەجلىمىسە، ئۆيدە بىزگە ناھايىتى مەردلىك قىلىپ كېتىدۇ. يېڭى يىل كۈنى ۋە ئۇنىڭ ئەتىسى شۇنداق بولدى. ماڭا يېڭى يىللىق سوۋغات قىلىپ بىر يۇرۇش سۇ بوياق ئېلىپ بەردى. فېۋرالدىكى ئىككى ھەپتىلىك تەتىلدە رەسىم سىزىشنى مەشىق قىلىمەن.

يېڭى يىلدا پۈتۈن ئائىلەڭلەرگە بەخت تىلەيمەن.

ئەخمەت
تارباي 1699-يىلى 1-يانۋار،
ئىستانبۇل

بولۇمسىز قىز

قەدىرلىك ساۋاقدىشىم ئەخمەت:

ئالدى بىلەن ساڭا ھېكمەت توغرۇلۇق خەۋەر بېرەي. ھېكمەت مەكتەپكە كېلىشكە باشلىدى . دادىسى ئاپىسى بىلەن يارىشىپ قاپتۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بەكمۇ خۇشال.

يەنە بىر خەۋەرنى ئېيتاي، ماڭا ئەۋەتكەن خەتلىرىڭنى توپلاپ ھەممىسىنى چېسلاسى بويىچە رەتلەپ چىقتىم. بۇ ئىشنى ئۆز ئەقلىم بىلەن قىلغىنىم يوق. قارا، قانداق بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەي .بىزنىڭ ئۆيدە مېنىڭ يەنە بىر ئىسمىم «بولۇمسىز قىز». ئاپام، دادام، ھەدەملەر مېنىڭ

رەتسىزلىكىمنى ،بىپەرۋالىقىمنى ئەيىبلەيدۇ. رەتلىك بولۇشقىمۇ قىزىقمەن، بىراق قولۇمدىن كەلمەيدۇ.

يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە، تاپشۇرۇق دەپتىرىمنى نەگە قويغىنىمنى بىلمەي، ئۆينىڭ ئىچىنى ئوڭتەي-توڭتەي قىلىۋاتاتتىم، ئاپام: «قىزىم، ساڭا نېمە بولدى؟ تۇتقانلىقى نەرسەڭنى يوقىتىسەن ... » دەپ كايىپ كەتتى.

ئۆز-ئۆزۈمگە: «مەن نېمىشقا شۇنداق؟ » دەپ بىئارام بولۇپ تۇرسام، دادامۇ كايىشقا باشلىدى. بوۋام بىلەن مومام بىزنىڭ ئۆيدە ئىدى، ئۇلارمۇ چېچىلاڭغۇلۇقۇمدىن ئاغرىنىشتى، ھەددەممۇ ئۇلاردىن قېلىشمىدى. پەقەت مەتىن مەن تەرەپ بولغاچقا، يېنىمغا كېلىپ:

- بۇ ئۆينىڭ ئىچىدە ئادەم ئۆزىنىمۇ يىتتۈرۈپ قويىدۇ ...- دېدى.

ھەممەيلەننىڭ بەس-بەستە ئەيىبلەپ كېتىشلىرى ماڭا شۇنچىلىك ئېغىر كەلدىكى... دەرھال ئۈستىلىمنى، كىتابلىرىمنى، ھۇجرامدىكى نەرسە-كېرەكلىرىمنى رەتلەشكە باشلىدىم. ئۈستىلىمنىڭ تارتمىسىدىن، كىتابلىرىمنىڭ ئارىسىدىن بىر تال لەۋ گىرىمى، ئىككى ئاتكىرتكا ۋە ئەرلەرنىڭ بىر پاي پايپىقى چىقتى. بۇلارنىڭ ئېلىپ مېھمانخانىغا كىردىم. ئۇلار مېھمانخانىدا ئولتۇرۇپ تېخىچە مېنى ئەيىبلىشىۋاتاتتى.بىر پاي ئەرلەر پايپىقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

- بۇ پايپاق كىتابلىرىمنىڭ ئارىسىدا تۇرىدۇ، كىمنىڭ؟- دەپ ۋارقىرىدىم.

دادام ئاپامغا:

- ھە... تۈنۈگۈن ئەتىگەندە سەن ئىزدەپ تاپالمىغان پايپىقىم ئەمدى چىقتى، - دېدى.

- بۇ لەۋ گىرىمى كىمنىڭ؟- دەپ سورىدىم ئارقىدىنلا يەنە.

- قەيەردىن چىقتى؟ مەنمۇ ئۇنى ئىزدەپ تاپالماي تۇراتتىم، - دېدى ئاپام.

- بىرى ئۈستىلىمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويۇپتۇ...

- ھە... ئۆتكەن كۈنى شۇ يەردە ئۇنتۇپ قاپتىكەنمەن-دە، - دېدى ئاپام.

مەن ئاتكىرتكىلارنى كۆتۈرۈپ:

- بۇلار كىمنىڭ؟- دېدىم.

ھەدەم شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى.

- ئۇلارنى قەيەردىن ئالدىڭ؟- دېدى ئۇ.

- بىرى كىتابلىرىمنىڭ ئارىسىغا سېلىپ قويۇپتۇ، كەينىدىكى خەتلەرنى ئوقۇمىدىم- دەپ ئاتكىرتكىلارنى ئۇنىڭغا بەردىم.

ئاندىن دەرس تەكرارلاش ئۈچۈن ئۈستىلىمدە ئولتۇردۇم، قېرىنداشقاندەك قەلىمىمنى تاپالمىغاندىم، ئاپام سەل ئاچچىقلاپ:

- يەنە نېمىنى ئىزدەۋاتىسەن ؟ نېمەڭ يوق تۇرىدۇ ؟- دېدى.

- قەلىمىمنى كۆردۈڭلارمۇ ؟- دېدىم.

- بىر تال قەلىمىڭگە ئىگە بولالمايسەن، - دەپ، ئاپامنىڭ ئېچىلدى ئاغزى، يۇمۇلدى كۆزى.

- هەي قىز، سەن بولۇمسىزلىقىڭنى قاچان تاشلايسەن ؟- دېدى موماممۇ كايىپ.

- قىزىم، ساڭا هەممە نەرسەڭنى جاي-جايىغا قوي دەپ قانچە قېتىم ئېيتتىم ؟ سەن زادى گەپ ئاڭلىمامسەن ؟- دېدى دادام.

هەدەممۇ ئۇلارغا يان بېسىپ چىشىمغا تەگدى.

- هازىرچە مېنىڭ قەلىمىمنى ئىشلىتىپ تۇر، لېكىن بۇنىمۇ يوقىتىپ قويما يەنە!- دېدى ئۇ.

هەدەم قەلىمنى ئاچقىپ بېرىش ئۈچۈن هۇجرىسىغا كىرىپ كېتىپ، ئۇ يەردىن ۋارقىرىدى:

- مېنىڭ قەلىمىمنى كىم ئالدى ؟ كۆرگەن كىشى بارمۇ ؟

پەرىشان بولۇپ كەتكىنىمنى كۆرگەن مومام چاچلىرىمنى سىلاپ:

- قىزىم، سەن دېمەتلىك قىزلار چوڭ بىر ئۆينى چۆرۈۋاتىدۇ. سەن بولساڭ تېخىچە دەپتەر-قەلىمىڭنىمۇ جايلاشتۇرالماي يۈرىسەن... چېچىلاڭغۇلۇق ياخشى ئىش ئەمەس، - دېدى.

بىر ياقتىن ئاپام كوتۇلدىغىلى تۇردى:

- ئائىلىمىز بويىچە هېچكىم بىپەرۋا ئەمەس ئىدى، توۋا خۇدايىم، بۇ قىز كىمنى دورىدىكىنتاڭ...

بۇلار بىزنىڭ ئۆيدە هەمىشە ئاڭلاپ كېلىۋاتقان سۆزلەر ئىدى، هازىر ئۇنىڭغا كۆنۈپ قالدىم. مەن هەممىدىن بەك بوۋامدىن تەپ تارتاتتىم، مەنلا ئەمەس، هەممەيلەن تەپ تارتاتتۇق. پېنسىيىگە چىققان پولكوۋنىك بوۋام ناهايىتى قوپال ئادەم ئىدى، ئاپام ئۇنىڭدىن تېخىمۇ قورقاتتى، دادامىمۇ تەپ تارتاتتى.

- هاياتلىقتا مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ شەرتى تەرتىپلىك بولۇش، - دېدى بوۋام.

بوۋامنىڭ مىجەز-خۇيىنى ئۆتكەن قېتىمقى خېتىمدە ساڭا يازغانىدىم. ئۇ بىرىگە گەپ قىلدىمۇ ، جاۋابىنى ئالماي قويمايدۇ.

- دەپ باققىنا، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ شەرتى نېمىكەن ؟- دەپ سورىدى ئۇ مېنىڭدىن.

- تەرتىپلىك بولۇش، بوۋا.

- ئاپىرىن! هەر نەرسىنىڭ قويىدىغان ئايرىم ئورنى بولۇشى كېرەك. قېنى، نېمىسى بولۇشى كېرەك ؟

- هەر نەرسىنىڭ ئورنى بولۇشى كېرەك.

- ئاپىرىن! قولۇڭنى ئۇزاتتىڭمۇ، ئىزدىگەن نەرسەڭنى «شارتتىدە» قولۇڭغا ئالىسەن. قېنى، دەپ باققىنا، قانداق قىلىدىكەنسەن؟

- قولۇڭنى ئۇزاتقان هامان ئىزدىگەن نەرسەڭنى ئۆز جايىدىن ئالالايسەن...

دادامنىڭ دېيىشىچە، بوۋامنىڭ دېگەن ھەربىر سۆزىنى قايتۇرۇپ سورىشى ھەربىيلىكتە قېلىپ قالغان ئادىتى ئىكەن. ئەرلەرگە دەرس بەرگەندەك گەپ قىلىشى ھەربىيلىكتە ئادەت بولۇپ قالغانمىش.

- راست ئېيتىسىز، - دېدى دادام بوۋامغا، - مەن بىرەر نەرسەمنىڭ نەدىلىكىنى كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپ تاپالايمەن، چۈنكى ھەممە نەرسەمنى بەلگىلىك يەرگە قويىمەن. قولياغلىقىمنىڭ، چاقمىقىمنىڭ قايسى يانچۇقۇمدا ئىكەنلىكىنى يادا بىلىمەن. پۇل قاپچۇقۇم ھەر دائىم بىر يانچۇقۇمدا تۇرىدۇ.

- ناھايىتى ياخشى، مانا شۇنداق بولۇش كېرەك، - دېدى بوۋام.

مەتىن بىلەن ماڭا تەلىم بېرىش ۋە ئۈلگە بولۇشنى ئويلايدىغان دادام:

- قاراڭلار، ھازىر سىناپ باقايلى، - دېدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ كۆزلىرىنى يۇمدى، - ياخشى قاراڭلار، كۆزلىرىم يۇمۇقلۇق، نېمەمنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى تاپىمەن. چاقمىقىم ھەر دائىم پىنجىكىمنىڭ سول تەرەپ پەستىكى يانچۇقىدا تۇرىدۇ... ئىشەنمىسەڭلار قاراپ بېقىڭلار.

ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ، سول قولىنى ئۆزى ئېيتقان يانچۇقىغا سالدى، خېلى ئاختۇرۇپ چاقمىقىنى تاپالمىدى.

- بۇ قانداق گەپ؟ - دېدى بىر چاغدا ئۇ ئاچچىقلاپ، - ھەيران قالارلىق ئىشقۇ... - يانچۇقلىرىنى يەنە بىر ھازاغىچە ئاختۇرۇپ چاقمىقىنى تاپالمىدى، ئاخىر چاندۇرماسلىق ئۈچۈن سۆزىنى ئۆزگەرتتى، - مەسىلەن، قەلىمىمنى ھەر دائىم قويىدىغان يېرىمدىن كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپ تاپالايمەن... قەلىمىم كاستيۇمۇمنىڭ سول تەرەپ قويۇن يانچۇقىدا تۇرىدۇ. ئىشەنمىسەڭلار قاراپ بېقىڭلار...

لېكىن، دادام ئوڭ قولىنى كاستيۇمىنىڭ سول تەرەپ قويۇن يانچۇقىغا سېلىپلا قەلىمىنى ئەمەس ،تېرمومېتىرنى ئالدى ۋە:

- مانا دېمىدىممۇ... - دېگىنىچە كۆزلىرىنى ئاچتى-دە، قولىدىكى تېرمومېتىرنى كۆرۈپ ھەيران بولغىنىدىن ئاچچىق كۈلۈپ قويدى، - ئۆتكەندە مەتىن ئاغرىپ قالغانىدى، ئەتىگەنلىكى ئىشقا

ماڭغۇچە قىزىتمىسىنى كۆرۈپ باققاندىم. شۇ چاغدا تېرمومېتىر يانچۇقۇمدا قاپتۇ. ئەمدى خاتىرە دەپتىرىمنى تاپاي... خاتىرە دەپتىرىم ھەر دائىم كاستيۇمۇمنىڭ مەيدە يانچۇقىدا تۇرىدۇ...

ئۇ يەنە كۆزلىرىنى يۇمۇپ قولىنى يانچۇقىغا سالدى-دە:

- مەيدە يانچۇقۇم نەدە قالدى؟- دەپ كۆزلىرىنى ئاچتى.

- ئۇ كاستيۇمىڭىزنى ماشىنىچىغا ئۆرۈتكەنىدىڭىزغۇ،- دېدى ئاپام،- سول تەرەپتىكى مەيدە يانچۇق ئوڭ تەرەپكە ئۆتۈپ قالغىنىنى تېخىچە بىلمەيدىكەنسىز-دە؟

دادام ئۆزىنىڭ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىرەر نەرسىنى بولسىمۇ ئۆز جايىدىن ئېلىپ كۆرسەتمەكچى بولدى:

- توغرا، كىچىك خاتىرە دەپتىرىم ھەمىشە كاستيۇمۇمنىڭ قولياغلىق سالىدىغان يانچۇقىدا، يەنى مانا بۇ يەردە...

ئۇ ئۆرۈتۈپ تىكتۈرگەن كاستيۇمۇمنىڭ ئوڭ تەرەپكە ئۆتۈپ قالغان مەيدە يانچۇقىدىن بىر غالتەك يىپنى ئالدى.

چاقچاقچى بوۋام:

- ئېيتىڭلارچۇ، داداڭلارنىڭ خاتىرە دەپتىرى قەيەردىن چىقىپتۇ؟- دېدى. بىز گەپ قىلغۇچە ،ئاپام:

- بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا كاستيۇمۇمنىڭ سۆكۈلۈپ كەتكەن ئەسترىنى تىككەنىدىم، شۇ چاغدا يىپنى يانچۇقىدا ئۇنتۇپ قاپتىكەنمەن-دە،- دېدى.

قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن دادام نېمىلا بولسۇن يانچۇقىدىن بىر نەرسە تېپىش ئۈچۈن قولىنى كاستيۇمىنىڭ قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ سىنچىلاپ ئاختۇرۇشقا باشلىدى. بوۋام:

- نېمانچە كولايسەن، يانچۇقۇڭ تېشىلىپ كەتمىسۇن يەنە؟- دېدى چاقچاق قىلىپ.

بوۋام قاتتىق كۈلگىنىدىن ئاخىر يۆتىلىپ ۋە ئۆزىنى ئاران بېسىۋېلىپ:

- پەلتويۇمنىڭ يانچۇقىدىن قولياغلىقىمنى ئېلىۋېتىڭلار، ئوڭ يانچۇقىدا،- دېدى.

يۈگۈرۈپ بېرىپ كىيىم ئاسقۇچتىكى پەلتوسىنىڭ ئوڭ يانچۇقىغا قارىدىم، قولياغلىق يوق ئىدى.

- بوۋا، ئوڭ يانچۇقىڭىزدا يوق ئىكەن...
- دېگەن گەپىڭىزنى ئاڭلىمايسىلەر... مەن ئوڭ يانچۇقتا دېمىدىم، سول يانچۇققا قارا!
- سول يانچۇقىڭىزدىمۇ يوق...
- يوق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس... پەلتونى ئەپكەل! قىرىق يىلدىن بېرى قولياغلىق شۇ يەردە...

پەلتوسىنى ئەپكەلدىم. ئىككىلا يانچۇقىغا قاراپ قولياغلىقنى تاپالماي:

- بىرى قولياغلىقىمنى يانچۇقۇمدىن ئېلىۋاپتۇ، - دېدى.

بۇ چاغدا ئاپام يۈگۈرۈپ چىقىپ، بىر پاكىزە قولياغلىقنى بوۋامنىڭ پەلتوسىنىڭ ئوڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويغاندى ، بوۋام:

- ھە، مەن دېدىممۇ، مانا بۇ يەردە ئىكەن، - دېدى.

يۈتلى توختىغان بوۋام ئۇ يەر-بۇ يېرىنى ئاختۇرۇپ تاماكا قۇتىسىنى تاپالمىغاندىن كېيىن:
-ئەمدى تاماكا قۇتام يوققۇ؟ تاماكامنى كىم ئالدى؟ چاپسان تېپىڭلار!- دەپ ۋارقىرىدى.

بوۋامنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ھەممىمىز ئۆينىڭ ئىچىگە تارقىلىپ تاماكا قۇتىسىنى ئىزدەشكە باشلىدۇق. شۇ ئەسنادا ئىشىك قوڭغۇرىقى چېلىنىپ، دادامنىڭ قوشنىسى ئەر-ئايال ئىككىسى كىرىپ كەلدى. ئۇلار بىزنىڭ ناھايىتى جىددىي ھالدا تاماكا قۇتىسىنى ئىزدەۋاتقىنىمىزنى كۆرۈپ، بىز بىلەن تەڭ تاماكا قۇتىسىنى ئىزدەشكە باشلىدى.

بىر چاغدا بوۋام غەزەپلەنگەن ھالدا:

- چاپسان تېپىڭلار تاماكامنى، بولمىسا ئاربلاشمايمەن-ھە!- دەپ ۋارقىرىدى.

دادامنىڭ دوستى ئۆز تاماكىسىنى سۇنۇپ:

- ھازىرچە بۇنى چېكىپ تۇرامسىز؟- دېدى. لېكىن دېگىنىگە تويدى.

بوۋام تېخىمۇ ئاچچىقلاپ ۋارقىراپ كەتتى:

- تاماكامنى چاپسان تېپىش!

مەتىن ئاياللارنىڭ بىر چۆپ پايپىقىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ:
- بۇلار كىمنىڭ ؟- دەپ سورىدى.
- ۋىيەي، ئۇزۇندىن بېرى ئۇنى ئىزدەپ يۈرەتتىم، نەدىن تاپتىڭ ؟- دېدى ئاپام.
- بوۋامنىڭ تاماكا قۇتىسىنى ئىزدەۋاتسام، ئاشخانىدىكى توڭلاتقۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپتۇ، - دېدى مەتىن.

بوۋامنىڭ تاماكا قۇتىسىنى ئىزدەۋاتقاندا، ئويلىمىغان يەردىن مۇھىم نەرسىلەر تېپىلىپ قالدى.

مېھمان خانىم سافانىڭ تېگىدىن رادىئونىڭ ئىسچوتىنى تېپىۋالدى.
- بىر ئايدىن بېرى بۇ ئىسچوتنى ئىزدەپ يۈرەتتىم، - دېدى دادام.

دادامنىڭ قەلىمى چىنە-قاچا جاۋىنىدىن چىقتى، ئەخلەت ساندۇقىدىن خاتا تاشلىنىپ قالغان پىچاق تېپىلدى.

كىم بىر نەرسىنى تاپسا ، «بۇ كىمنىڭ ؟ بۇ كىمنىڭ» دەپ سورايتتى.

شۇ ئارىدا بوۋام:
- يائاللا، بۇ قۇتىنى مېنىڭ تېگىمگە كىم تىقىپ قويغاندۇ ؟ قۇتىنى مېنىڭ تېگىمگە تىقىپ قويغان قايسى ئەخلاقسىز ؟- دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

بوۋام بىز باياتىن ئىزدەۋاتقان قۇتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋالغانىكەن.

بوۋام ئاچچىقلاپ بىر ھازا كوتۇلدىدى، ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى...

مانا شۇ كۈندىكى گەپلەر ماڭا ئېغىر كېلىپ، ھۇجرامنى باشتىن-ئاياغ رەتلىۋالدىم. راستىمنى ئېيتسام، ھەممە نەرسەم قالايمىقان ئىكەن. ئەمدى «بولۇمسىز قىز» دەپ ئەيىپلىنىشتىن قۇتۇلماقچىمەن. سىنىڭ خەتلىرىڭمۇ ئۇيەر-بۇيەردە چېچىلىپ يېتىپتىكەن، ئۇلارنىمۇ يىغىشتۇرۇپ چىسلاسى بويىچە بىر ئارخىپقا سالدىم.

ئۇ يەردىكى ساۋاقداشلىرىم ئىچىدە باشقىلارغا قارىغاندا سەندىن كۆپ خەت تاپشۇرۇۋالىمەن . دېمىر بىلەن ياشارمۇ بىردىن ئاتكىرىتكا ئەۋەتىپتىكەن، ھەممىسىگە جاۋاب يازدىم.

پات-پات خەت يېزىپ تۇرغىن.

ساڭا مۇۋەپپەقىيەت تىلەپ:

زەينەب
يالقىر 1699-يىل 2-يانۋار،
ئەنقەرە

بىر سەت گەپ

قەدىرلىك ساۋاقدىشىم زەينەب:

بىز سېنى تۆت يىللىق ساۋاقداشلىقىمىز جەريانىدا سىنىپىمىزنىڭ ئەڭ تەرتىپلىك ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى دەپ تونۇيتتۇق. شۇنداق تۇرۇقلۇق ، «بولۇمسىز» دېگىنىڭگە ھەيران بولدۇم . بىزنىڭ ئۆيدە مېنىڭ ئىسمىمۇ «ئىقتىدارسىز» غا ئايلىنىپ قالدى. لېكىن، مېنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىم راست. ھەر كۈنى ناشتا قىلغاندا، چاي ئىستاكىنىنى ئۆرۈۋەتمەي ئورنۇمدىن تۇرغان ۋاقتىم ناھايىتى ئاز. لېكىن، شۇنداق دىققەت قىلىمەنكى...

ئاپاڭنىڭ مەتنىگە ھەمىشە «ئاغزىڭغا ئوت ياقمەن» دەيدىغانلىقىنى يازغانىدىڭ. ھەممە ئانىلارنىڭ سۆزى شۇ... مېنىڭ ئاپامىمۇ سىڭلىم پاتوشقا ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا شۇنداق دەيدۇ . پاتوش تېخى مەكتەپكە كىرمىدى، ئىككى يىلدىن كېيىن كىرىدۇ. مەن كىچىك ۋاقتىمدا ئاپام ماڭىمۇ: «ئاغزىڭغا ئوت ياقمەن» دەيتتى. لېكىن، ھېچقاچان بۇنداق قىلىپ باقمىدى. ئۆتكەندە ئاپام پاتوشقا ناھايىتى خاپا بولۇپ: «ھېلى ئاغزىڭغا ئوت ياقمەن» دەپ ۋارقىرىغانىدى، پاتوش، راستتىنلا ئاغزىمغا ئوت ياقىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ قاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى ساڭا باشتىن سۆزلەپ بېرەي.

دادامنىڭ ئاغزى ئۆگىنىپ قالغان بولسا كېرەك، ھەر قانداق گەپنىڭ بېشىغا «ئەبلەخ»، «ھارىمى»، «ۋاي ئانىسىنى» دېگەن سەت تىللارنى قوشۇۋالىدۇ. پاتوشمۇ كىمدىن نېمە ئاڭلىۋالغان بولسا، تۇتى قۇشتەك شۇنى تەكرارلايدۇ، نېمە كۆرسە شۇنى قىلىدۇ. پاتوش دادامنى دوراپ «ئەبلەخ»، «ۋاي ئانىسىنى!» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلسا، بىزنىڭ ئۆيدە ھەممەيلەننىڭ مەستلىكى كېلىدۇ. ئۇنى بەك تاتلىق دەپ قارايدىغانلار: «گويا چوڭ ئادەمنى كىچىك قىلىپ قويغاندەك» دېيىشىدۇ.

بىر كۈنى كەچتە بىزنىڭكىگە بىر قوشنىمىز مېھمان بولۇپ كىردى. ئۇ ناھايىتى قىزىقچى ئادەم ئىدى، نېمىلا گەپ قىلسا كىشىنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋېتەتتى. ھەممىدىن بەكرەك كۈلىدىغىنى يەنە شۇ پاتوش ئىدى. ئۇ دېيىلگەن گەپلەرنى ئانچە چۈشەنمىسىمۇ، ھەممەيلەن كۈلۈۋاتىدۇ، دەپ ،ھەممىمىزدىن كۆپرەك كۈلەتتى. كۆزەينەكلىك ئۇ مېھمان بىزگە ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلار ئىشلەيدىغان يەرگەن بىر گېرمانىيە مۇتەخەسسىسى كەپتۇ. بىر كۈنى مۇتەخەسسىس نېمىسچە شۇنداق دەپتۇ:

- بۇ يەردە ھەممە كىشى بىر-بىرىنى ھەمىشە «ئەبلەخ» دەيدىكەن. كىشلەرنىڭ بىر-بىرىنى «ئەبلەخ» دەپ چاقىرىشى مېنى ھەيران قالدۇردى. تىلىڭلاردا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۆز «ئەبلەخ» بولسا كېرەك. لېكىن، مەنىسىنى كىمدىنلا سورىسام چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىدى. «ئەبلەخ» نېمە دېگەنلىك بولىدۇ؟

كۆزەينەكلىك قوشنىمىز ئۇ مۇتەخەسسىسنىڭ سۆزلىرىدىن ناھايىتى خىجالەت بوپتۇ. راستىنى ئېيتسا، چەت ئەللىكنىڭ ئالدىدا سەت بولىدۇ، شۇڭا ئۇ باشقىچە چۈشەندۈرۈپتۇ.

- شۇنداق، - دەپتۇ ئۇ، - بىزدە «ئەبلەخ»سىز گەپ بولمايدۇ. دېھقىنى، ئىشچىسى، كادىرى بولسۇن، ھەممىسى «ئەبلەخ» دەيدۇ. تىلىمىزدا «ئەبلەخ» دېگەن سۆز «ھۆرمەتلىك» دېگەنگە ماگىدۇ. بىز بىر-بىرىمىزنىڭ ئىسمىنىلا ئاتىمايمىز، ئىسمىمىزنىڭ ئالدىغا «ئەبلەخ»نى قوشۇپ ئاتايمىز.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ كارخانىدا باش رەھبەرلىك ھەيئىتىنىڭ يىغىنى بوپتۇ. كەنان ئىسىملىك باش مۇدىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىپتۇ. نېمىس مۇتەخەسسىس ئۇ يىغىندا رەھبەرلىك ھەيئىتى ئەزالىرىغا ئىزاھات خاراكتېرلىك سۆز سۆزلەپتۇ.

نېمىس مۇتەخەسسىسى يىغىندىكى تۈركلەرگە يېقىنلىق ئىزھار قىلىش مەقسىتىدە نېمىسچە سۆزلەۋېتىپ، يېڭى ئۆگىنىۋالغان بىر قانچە تۈركچە سۆزنى ئارىغا قىستۇرۇۋاپتۇ. ئۇنىڭ ئۆگىنىۋالغان تۈركچە سۆزلىرى «مەرھابا»، «بەگ»، «بەك گۈزەل» ۋە ئاخىرىدا ئۆگەنگەن «ئەبلەخ» دېگەن سۆزلەر ئىكەن.

مۇتەخەسسىس سۆزنىڭ ئەڭ مۇھىم يېرىگە كەلگەندە، بىردىن:
- ئەبلەخ كەنان بەگ...- دېگىنىدە ،ئۇ يەردىكىلەر ھاڭ-تاڭ قاپتۇ.

مۇتەخەسسىس پات-پات: «ئەبلەخ كەنان بەگ» دەۋېرىپتۇ. باش مۇدىر ئۆزىنى «ئەبلەخ» دېگىنىگە خاپا بوپتۇ، لېكىن چاندۇرماپتۇ. ئۇ بىرەيلەننىڭ مۇتەخەسسىسكە خاتا بىر سۆزنى ئۆگىتىپ قويغانلىقىنى سېزىپتۇ. مۇتەخەسسىس ھە دېسىلا «ئەبلەخ كەنان بەگ» دەۋېرىپتۇ، ئەزالارمۇ خىرىلداپ كۈلگىلى باشلاپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن باش مۇدىرنىڭ ئىسمى «ئەبلەخ كەنان بەگ» بولۇپ قاپتۇ.

كۆزەينەكلىك مېھمان بۇ ۋەقەنى شۇنداق قىزىق ئېيتىپ بەردىكى، ھەممىمىز قاقاقلاپ كۈلۈپ ،ئۈچىيىمىز ئۈزۈلەي دەپ قالدى. بۇ قېتىممۇ ھەممىدىن قاتتىق كۈلگىنى يەنە پاتوش ئىدى. ئۇ بىر نەرسىنى چۈشەنگەنلىكىدىن ئەمەس، ھەممەيلەن كۈلدى دەپ، ھەممىدىن بەكرەك كۈلەتتى.

شۇ كۈنى يەنە بىر مېھمانىمۇ بار ئىدى، ئۇ:
- بىز شۇنداق ئادەتلىنىپ كېتىپتۇقكى... مەسىلەن، مەنمۇ «ئەبلەخ»، «ھەي»سىز گەپ قىلالمايمەن...- دېدى.

دادام ئۇ مېھماننىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، بېشىدىن ئۆتكەن بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى: دادام ئىشلەيدىغان زاۋۇتقا يېڭى ئەكەلگەن ماشىنىلارنى قوراشتۇرۇش ئۈچۈن بىر ئامېرىكىلىق ئىنژېنېرنى تەكلىپ قىلىپتۇ. زاۋۇتتىكىلەر بىر-بىرىگە ھەمىشە سەت بىر سۆزنى قىلىشىدىكەن. دادام بۇ سەت گەپنىمۇ ئەينى بويىچە دېدى، بۇ ئادەتتىكى بىر سەت گەپ ئىدى.

ئامېرىكىلىق ئىنژېنېر دادامدىن ھەممە يەردە كىشلەردىن ئاڭلايدىغان بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى سوراپتۇ. دادام راستىنى ئېيتىشتىن خىجىل بولۇپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ سۆزنىڭ ئىنگلىزچىسىنى بىلمەيدىكەن، شۇڭا:
- بۇ سۆز «رەھمەت» دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ، - دەپ قويۇپتۇ.
ئامېرىكىلىق بۇ گەپكە ئىنتايىن ھەيران بوپتۇ.
- پاھ، - دەپتۇ ئۇ، - سىلەر ئىنتايىن تەربىيە كۆرگەن ئادەملەر ئىكەنسىلەر. بىز يەر يۈزىدىكى ئەڭ قائىدە-يوسۇنلۇق ئادەملەر دەپ جوڭگولۇقلارنى بىلەتتۇق. ئىنگلىزلارنى ياۋروپانىڭ ئەڭ قائىدە-يوسۇنلۇق ئادەملىرى دەپ بىلىمىز. ئۇلارمۇ ھەمىشە بىر-بىرىگە ھەر قانداق ئىش ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىدۇ. لېكىن، سىلەر بىر-بىرىڭلارغا تېخىمۇ ياخشى رەھمەت ئېيتىدىكەنسىلەر. مەن كۆپ يەرلەرگە

باردىم، لېكىن ھېچ يەردە سىلەردەك رەھمەت ئېيتىدىغان كىشىلەرنى ئۇچراتمىدىم. بۇنىڭدىن كېيىن نەگىلا بارسام سىلەرنىڭ قائىدە-يوسۇنلۇق ئىكەنلىكىڭلارنى سۆزلەپ بېرىمەن.

دادام، يالغان سۆزلۇم بىر ياخشى ئىشقا سەۋەب بولىدىغان بولدى، دەپ خۇشال بوپتۇ.

بۇ سۆھبەتنىڭ ئەتىسى ئامېرىكىلىق ئىنژېنېر تۆت كۈن زاۋۇتقا كەلمەپتۇ. قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار ئىكەن، قوراشتۇرۇلىدىغان ماشىنىلار قورۇدا چېچىلىپ يېتىپتۇ. زاۋۇتتىكىلەر ئەنسىرىشىپ ئۇنى ئىزدىشىپتۇ، ئىنژېنېر چۈشكەن مېھمانخانىغا بېرىپتۇ، بارىدىغان يەرلىرىنىمۇ ئاربلاپ چىقىپتۇ .ئەمما ئىنژېنېرنىڭ قارىسىنىمۇ ئۇچرىتالماپتۇ. تۆتىنچى كۈنى بولغاندا، ئىنژېنېر زاۋۇتقا ئۆزى كەپتۇ ، لېكىن قولى، يۈز-كۆزلىرى داكا بىلەن تېڭىلغان ئامېرىكىلىقنى كۆرگەن زاۋۇتتىكىلەر، ئۇنى ئېغىر بىر قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچرىغان ئوخشايدۇ، دەپ قاپتۇ.

ئەسلىدە، ئامېرىكىلىق ئىنژېنېر زاۋۇتتىن چىقىپ، ئۆزى چۈشكەن مېھمانخانىغا قايتىش ئۈچۈن بىر تاكسىغا چۈشۈپتۇ. كىشىلەر يېڭى ئۆگەنگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە قىزىققاندەك، ئامېرىكىلىقمۇ شوپۇرغا پۇل بەرگەندە تۈركچە رەھمەت ئېيتماقچى بوپتۇ. نەتىجىدە، ئۇ دادامدىن مەنىسىنى ئۇققۇۋالغان ھېلىقى گەپنى ئېيتقاندا، شوپۇر ئۇنىڭغا:

- ئۆزۈڭ!- دەپ ۋارقىراپتۇ.

شوپۇرنىڭ خاپا بولغىنىنى چۈشىنەلمەي قالغان ئامېرىكىلىق ھېلىقى سەت گەپنى يەنە بىر قېتىم دەپتۇ. بۇ سۆز ئاغزىدىن چىقىشى بىلەنلا، شوپۇر ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا كېلىشتۈرۈپ بىر مۇشت ئۇرۇپتۇ .نېمە بولغىنىنى بىلەلمەي ھاڭ-تاڭ بولغان ئامېرىكىلىق شوپۇرغا خۇشامەت قىلىپ، توختىماي ھېلىقى سۆزنى تەكرارلاۋېرىپتۇ. شوپۇر ئۇنىڭ گەدىنىگە يەنە بىر مۇشت ساپتۇ. ئاخىر ئىلاجسىز قالغان ئامېرىكىلىقمۇ ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن مۇشتۇملىرىنى ئىشقا سالپتۇ. يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار ئامېرىكىلىقنى شوپۇرنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇۋاپتۇ. ئامېرىكىلىق ياخشىلىق قىلغان كىشىلەرگە ھېلىقى گەپنى تەكرارلاپ رەھمەت ئېيتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئارىغا چۈشكەنلەر شوپۇرغا يان بېسىپ، بىرلىكتە ئامېرىكىلىقنىڭ ئەدىپىنى بېرىپتۇ. مۇشت، تېپىك ئاستىدا قالغان ئامېرىكىلىق تاياقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇلارغا يەنە تۈركچە سۆز بىلەن رەھمەت ئېيتىۋېرىپتۇ. كۆپچىلىك ئۇنى تېخىچە ھوشىنى تاپمىدى دەپ، بولۇشىغا ئۇرۇپتۇ.

ساقچىلار يېتىپ كېلىپ ئامېرىكىلىقنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ. ئامېرىكىلىق ساقچىغىمۇ ئاشۇ سەت گەپنى قىلىپ رەھمەت ئېيتماسمۇ! ئۇ خەلقئالەم ئالدىدا ساقچىنى ھاقارەتلەپتۇ...

ساقچى ئامبرىكىلىقنى تۇتۇپ ساقچى ئىدارىسىگە ئېلىپ كېتىپتۇ. كومىسسار جىنايەتچىنىڭ چەت ئەللىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ، قويۇۋېتىپتۇ. لېكىن، ئامبرىكىلىق كومىسسارغىمۇ شۇ سۆز بىلەن رەھمەت ئېيتىپتۇ. ھەر ھالدا ئامبرىكىلىق ئاخىر قۇتۇلۇپ چىقىپتۇ. ساقچىدىن چىقىپ ئۇدۇل دوختۇرخانىغا بېرىپ، تۆت كۈن بالنىستتا يېتىپتۇ.

دادام ئېيتىپ بەرگەن بۇ قىزىق ۋەقەگە ھەممىمىز قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

بىر كۈنى دادام ئاپامغا، ئەتە كەچتە ئۆيىمىزگە مېھمان كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كېلىدىغان مېھمانلار مۇھىم كىشىلەر ئىكەن. ئاپام كاتتا داستىخان ھازىرلىدى. ئۈچ ئەر-ئايال مېھمان ئىكەن .ئۇلار سىڭلىم پاتوشنى ئەركىلىتىپ: «ۋاي، نېمىدىگەن ئوماق، نېمىدىگەن ئەقىللىق قىز...» دېيىشتى ۋە پاتوشنى بۇنداق ئەدەپلىك تەربىيىلىگەن ئاپامغا ئاپىرىن ئېيتىشتى. بۇ چاغدا، دادام:

- ئەپەندىلەر، - دېدى، - بالىلىرىمىزنى ئانىلىرى تالاغا چىقارمايدۇ. ئۇلار ئۆزى يالغۇز تالاغا چىقالمايدۇ، شۇڭا ئۇلار ئەدەپلىك چوڭ بولىدۇ، - دېدى.

- كوچا بالىلىرىدىن سەت گەپلەرنى ئۆگىنىۋالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كوچىغا چىقارمايمەن، - دېدى ئاپامۇ.

مېھمان ئاياللاردىن بىرى:

- راست دەيسىز، خانىم، - دېدى، - ھەتتا مەكتەپتىمۇ بالىلىرىمىزنىڭ تەربىيىسى ياخشى ئەمەس ،كۆز تەگمىسۇن، ھەر ھالدا ناھايىتى ئەدەپلىك قىزىڭىز بار ئىكەن.

بۇ ماختاشلاردىن مەغرۇرلىنىپ كەتكەن پاتوش مېھمانلارغا ئۆزىنى تېخىمۇ ماختىتىش ئۈچۈن پۈتۈن ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆرسەتكىلى تۇردى. ئۇشتۇمتۇت دادامغا:

- ئەبلەخ دادا!- دېدى ئۇ.

شۇ زامات ئۆي ئىچىدە كۆڭۈلسىز بىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. دادام نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى. پاتوش ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن كۈلمىگەنلىكىنى چۈشەنمەي، سەت گەپنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. ئاندىن كۈلۈمسىرەپ، قاراڭلار، مەن نېمىلەرنى دەپ كەتتىم، دېگەندەك قىلىپ ،مېھمانلارنىڭ چىرايلىرىغا قارىدى. دادام قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئاۋازىنى ئاران سىلىقلاشتۇرۇپ دېدى:

- ئاپئاق قىزىم...
- ئەبلەخ دادا...

قاپاقلىرى تۈرۈلگەن دادام:

- ئېيت، قوزام، نېمە دەيسەن ؟- دەپ ۋارقىرىدى.

لېكىن، پاتوش، ئۆيدىكىلەر نېمە ئۈچۈن ئىلگىرىكىدەك كۈلمەيدىغاندۇ، دەپ ئويلىنىپ قالدى.

- دادا، يائاللا... ئەبلەخ دادا...

ئاپام سوغۇق كۈلۈپ قويدى. پاتوشنىڭ مېھمانلارنى كۈلدۈرگۈسى بار ئىدى. تېخى ئۇ دادام ئامېرىكىلىق ئىنژېنېرغا ئۆگەتكەن ھېلىقى سەت سۆزنىمۇ دەۋەتتى...

ئۇ ئاخىر غەلىبە قىلدى. مېھمانلار ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. لېكىن ،دادامنىڭ ئاچچىقى ئۇبدانلا كەلگەنىدى. ئۆزىنى قالتىس ھېسابلىغان پاتوش سەت گەپنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىدى. ئاخىر ئاپام ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي:

- تىنچ تۇر، ئەمدى ئاغزىڭغا ئوت ياقمەن!- دېدى ئاچچىقلاپ.

پاتوش ماختىلىشنىڭ ئورنىغا، ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا ئازار يەپ يىغلاشقا باشلىدى. يىغلاش بىلەنلا قالماي، ئاغزىغا كەلگىنىنى دېگىلى تۇردى. ئۇنى زادىلا باسقىلى بولمىدى. ئاپام قولىدىن سۆرەپ ئاچىقىپ ئورنىغا ياتقۇزۇپ قويدى. لېكىن، ئۇ يەردىنمۇ يىغىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

مېھمان ئاياللاردىن بىرى ئاپامغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن:

- خاپا بولماڭ، خانىم، سىزنىڭ تېخى ياخشىكەنغۇ، بىزنىڭكىلەرنى ئاڭلىسىڭىز نېمە دەپ كېتەرسىز... تېخى كىچىك ئەمەسمۇ، نېمىنى بىلىدۇ،- دېدى.

دادام پاتوشنىڭ سۆزلىرىگە ھەيران بولغاندەك قىياپەتتە:

- بۇ سۆزلەرنى كىمدىن ئۆگىنىۋالغاندۇ!- دېدى.

- كوچىغا زادى چىقارمايمىز. شۇنداقتىمۇ بۇ گەپلەرنى قەيەردىن ئاڭلاپ ئۆگىنىۋالدىكىنە...- دېدى ئاپام.

- ئۆيدە دېيىلگەچكە ئاڭلاپ ئۆگىنىۋالدۇ-دە،- دېدىم مەن.

دادام بىردىن چېچىلىپ:

- ئەبلەخ، بىزنىڭ ئۆيدە بۇنداق گەپ نەدىن بولسۇن-ھە!- دەپ ۋارقىرىغاندا، مېھمانلار ئۆزلىرىنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتى. داداممۇ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى.

مېھمانلار قايتقاندا، دادام مېنى خېلى ئەدەپلىدى. مەنمۇ:

- مەن نەدىن بىلەي، سىزنى راستتىن سوراۋاتامدىكىن دەپتىمەن...- دېدىم.

زەينەب، خېتىمنى قىسقىراق يازاي دېگەنىدىم، قارا، يەنە ئۇزىراپ كەتتى.

يازلىق تەتلىدە ئىستانبۇلغا كېلەمسىلەر ؟ كەلسەڭ كۆرۈشەرمىز. سەن ھېچبولمىغاندا ئەنقەرەنى كۆردۈڭ، مەن ئىستانبۇلدىن باشقا يەرنى بىلمەيمەن.

ئامانلىقىڭنى تىلەپ، خېتىمنى مۇشۇ يەردە ئاياقلاشتۇرىمەن.

ئەخمەت

تارباي 1699-يىلى 11-يانۋار،
ئىستانبۇل

ۋەتەنپەرۋەر بولۇڭلار

ساۋاقدىشىم ئەخمەت:

تەتىلدە بىزنىڭ ئىستانبۇلغا بېرىش-بارماسلىقىمىزنى سوراپسەن. دادام يىللىق دەم ئېلىش رۇخستى ئالالمايدىكەن. چۈنكى، بۇ يەردە يېڭى ئىشقا ئورۇنلاشقىلى تېخى بىر يىل توشمىدى. ئاپام بىلەن بىزنى يازدا بىر ئاي تۇرۇپ كېلىشكە ئىستانبۇلغا ئەۋەتمەكچى بولدى. لېكىن، چوقۇم ئەۋەتىدۇ دېيەلمەيمەن، چۈنكى دادام بارمىسا، ئاپامنىڭ بارغۇسى يوق. دادام بۇ يەردە ئۆزى يالغۇز قالسا قىينىلىپ قالىدىكەن. ئەگەر بارساق ھاماملارنىڭكىدە تۇرىمىز. ئۇ چاغدا ئەلۋەتتە سېنى يوقلاپ بارىمەن.

مەن ئۆتكەندە تولىمۇ قاملاشمىغان بىر ئىش قىلىپ قويدۇم، بۇنى ساڭا دېمىسەم زادى كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ. بۇ ئىشنى پەقەت مەتىنلا بىلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئىشنى ئىككىمىز قىلغان، ئەمدى سەن بىرىنچى بولۇپ ئاڭلايسەن.

ئۆتكەن يەكشەنبە بوۋاملارنىڭكىگە بارغانىدۇق. ئۇلار بىزدىن خېلى يىراق بىر يەردە ئولتۇرىدۇ .بوۋام ياشىنىپ قالغاچقا، ئېگىز پەلەمپەيلەردىن چىقالمايدۇ. شۇڭا، ئۆزلىرىگە لايىق بىرىنچى

قەۋەتتىن ئۆي ئىزدەپ تاپالمىغاچقا، بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە ئولتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئون سەككىز باسقۇچلۇق پەلەمپەي بىلەن چىقىدىكەن. مەن باشقۇچلارنى سانىمىدىم، لېكىن بوۋام ھەمىشە: «ئون سەككىز باسقۇچتىن نەچچە يەردە دەم ئېلىپ ئاران چىقتىم» دەيدۇ... نېمە ئۈچۈن پەلەمپەي باسقۇچلىرىنىڭ گېپىنى قىلغىنىمنى كېيىن چۈشىنىپ قالىسەن. ھېلىمۇ ياخشى، بوۋام تېخىمۇ ئۈستۈنكى قەۋەتتە ئولتۇرماپتۇ، بولمىسا، گېزىتلەر بەلكىم ئۇ يەكشەنبە كۈنى بوۋاملارنىڭ بىناسىدا چوڭ بىر ھادىسە بولغانلىقىنى يېزىشار بولغىيدى.

ھەدەم ئۇ كۈنى دوستلىرى كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن بىز بىلەن بىللە بارمىغانىدى. ئاپام، دادام ،مەتىن تۆتىمىز ئاپتوبۇس بىلەن باردۇق. مومام بىزگە ناھايىتى ياخشى تاماقلارنى تەييارلاپتۇ. تاماقتىن كېيىن بوۋام بىلەن دادام ھەر قېتىمقىدەك سافادا بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ قەھۋە ئىچىشىۋاتاتتى .چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۆز-ئارا قىلىشقان پارىڭىغا قىزىقىپ يېنىدا ئولتۇردۇم. مېھمانخانىدا ئۈچىمىزدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. مەن گويا گېزىت ئوقۇۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ سۆزىگە قۇلاق سالغاچ، ئۇلارغا كۆز قىرىمدا قاراپ قوياتتىم.

بوۋام سىياسەتكە ناھايىتى قىزىقىدۇ. قاچانلىكى دادام بىلەن يالغۇز قالسا، سىياسەتتىن سۆز ئاچىدۇ. بولۇپمۇ چۈشلۈك تاماقلاردىن كېيىن شۇنداق. بوۋام چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن قەھۋەسىنى ئىچىۋېتىپ، ئىستاكاننى تۇتقان پېتى تۇرۇپلا ئۇيقۇغا كېتىدۇ. لېكىن، ئۇخلاشتىن ئاۋۋال دادامدىن سىياسەتتىن بىرەر نەرسىنى سوراپ قويىدۇ-دە، دادام جاۋاب بەرگۈچە خورەكنى باشلايدۇ. دادام بوۋامنىڭ ئۇخلىغىنىنى كۆرۈپ توختاپ قالىدۇ، لېكىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، بېشى مەيدىسىگە چۈشكەن، يېنىغا قىيسايغان، ياكى كەينىگە غادايغان بوۋام يا بىر، يا ئىككى مىنۇتتىن كېيىن ئۆز خورىكىدىن ئويغىنىپ كېتىدۇ ۋە كۆزىنى ئېچىپلا: «ھە... ئاندىن ؟» دەيدۇ.

دادام يېنىدا بولمىسا، ھۆرمەتسىزلىك قىلدى دەپ، ناھايىتى خاپا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بوۋام ئۇيقۇغا كەتكەندە، دادام ئورنىدىن مىدىرلىمايدۇ.

بوۋام ئۆزى بىر نەرسە دەۋېتىپ ئۇخلاپ قالغان بولسا، ئويغانغاندا، دادامدىن: «قەيەرگە كەلگەندۇق ؟» دەپ سورايدۇ. دادام سۆزنىڭ نەگە كەلگەنلىكنى بىلىشكە مەجبۇر. ئۇ بەزىدە ئادىشىپ قالسا، بوۋام يەنە: «ياق، ئۇ يەرگە كەلمىگەن... نېمە دەۋاتاتتىم، نەگە كەلگەندۇق ؟» دەپ سورايدۇ.

شۇڭا، ئۇلار بەزىدە تالىشىپمۇ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ چۈشلۈك تاماقتىن كېيىنكى بۇ سۆھبىتى ماڭا بەكمۇ قىزىق تۇيۇلىدۇ. لېكىن، دادامنىڭ بۇ سۆھبەت بىلەن خۇشى يوق، ئامال قانچە، چىداپ ئولتۇرىدۇ.

دادامنىڭ بوۋامغا ناھايىتى چوڭ ھۆرمىتى بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ. ئۇ بوۋامنىڭ قول ئاستىدا زاپاس ئوفىتسېر بوپتىكەن. ھەيران قالارلىقى شۇكى، بوۋام پېنسىيىگە چىققان بىر پېشقەدەم بولسىمۇ، باشقىلار ئۇنىڭغا گويا ھازىرمۇ پولكوۋنىكتەك مۇئامىلە قىلىدۇ.

بۇ يەكشەنبە كۈنىمۇ چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، بوۋام بىلەن دادام مېھمانخانىدا قەھۋە ئىچىشىپ ئولتۇراتتى، بوۋام:

- نېمە يېڭى خەۋەر بار؟ دۆلەت ئەھۋالىغا قانداق قارايسەن؟- دېدى.

دادام بىر نېمىلەرنى دەۋاتقىنىدا، بوۋام ھەر قېتىمقىدەك خورەك تارتىپ ئۇخلىغىلى تۇردى. بىر پەستىن كېيىن بېشى مەيدىسىگە چۈشۈپ كەتكەندە، چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى-دە، خۇددى ئۇخلاپ قالغىنىنى چاندۇرغۇسى كەلمىگەندەك:

- خوپ، بۇ ئەھۋالدا سېنىڭچە گېرمانىيىلىكلەر قانداق قىلار؟- دەپ سورىدى.

ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدە گېرمانىيىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغانىدى. دادام گويا گېرمانىيىلىكلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر مەسىلىنى سۆزلىشىۋاتقاندەك، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

- گېرمانلار ناھايىتى كۈچەيدى، چۈنكى گېرمانلار...

بوۋام يەنە ئۇيقۇغا كەتكەنىدى، دادام توختاپ قالدى. ئۇ قولىدىكى گېزىتنى كەلگەن يېرىدىن ئوقۇشقا باشلىغانىدى، بوۋام ئۆز خورىكىدىن چۆچۈپ كېتىپ:

- بۇنىڭغا نىسبەتەن ئامېرىكىلىقلار قانداق قىلار؟- دەپ سورىدى.

مەن گېزىتنى دالدا قىلىۋېلىپ، كۈلۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆزۈمنى تەستە تۇتۇۋالدىم. دادام ناھايىتى جىددىي سۆزلەيتتى:

- ئامېرىكىلىقلار دۇنياغا ھاكىم. ئامېرىكا ئارمىيىسى...

پاراڭ مانا مۇشۇنداق داۋاملىشىپ كېتىۋېرەتتى. بوۋام بەزىدە ئويغىنىپ، ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان بىر دۆلەتنىڭ ئىسمىنى ئېيتقاندا، داداممۇ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالاتتى.

- بۇ ئىشقا پاپا نېمە دەيدۇ؟ سەن پاپىغا قارا، ئۇ نېمە دەۋاتىدۇ؟
- ھە... پاپا... يەنى پاپا ھاكىمىيىتى، ئۇ ناھايىتى كونا ھاكىمىيەت. كېيىن ئۇ...

ھەر ھالدا بوۋامنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلغان بولسا كېرەك، سۆزىنى ئۆزگەرتىپ، تۈركىيىنىڭ قانداق تەرەققىي قىلىشىنى سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ تۈركىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى ئېكسپورتى بىلەن تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. ئۇ خېلى ئۇزۇن سۆزلەپ بىر يەرگە كەلگەندە ئاچچىقلاپ:
- قۇلۇلە ئېكسپورتى بىلەن تەرەققىي قىلالمايدۇ، قۇلۇلە...- دېدى.

ئۇ بىر-ئىككى قېتىم «قۇلۇلە» دەپ تەكرارلىدى، ئاندىن ئاۋازى ئاستىلاپ يەنە ئۇيقۇغا كەتتى ۋە دادام گېزىتنى قولىغا ئېلىشىغا يەنە ئويغىنىپ:
- قەيەرگە كەلگەندۇق؟- دەپ سورىدى.
- قۇلۇلگە كەلگەندۇق.
- نەنىڭ قۇلۇلسى؟
- بىزنىڭ قۇلۇللىرىمىز... چەت ئەلگە ساتىدىغان...
- ھە، شۇنداق... قۇلۇلە... قۇلۇلچىلىك بىلەن تەرەققىي قىلغىلى بولمايدۇ. بىز ئەسلىدە تاماكا ،پاختا، ئورمان ياغىقىغا ئوخشاش نەرسلەر... ۋە ئاشلىق... چۈنكى بىز ئاشلىق، تاماكا، ئورمان ياغىقى ئىشلەپ چىقىرىمىز...
بوۋامنىڭ يەنە بېشى چۈشۈپ كەتتى ۋە ئويغىنا-ئويغانماي:
- نەگە كەلگەندۇق؟- دەپ سورىدى.
- ئورمان ياغىقى ئىشلەپ چىقىرىش ھەققىدە سۆزلىشىۋاتاتتۇق...

شۇ چاغدا دەرۋازىنىڭ قوڭغۇرىقى چېلىندى. يۈگۈرۈپ چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتىم، چىرايلىق كىيىنگەن مويسىپىت بىر كىشى دەرۋازا ئالدىدا تۇراتتى. بوۋامنى سورىۋىدى، مەن دەرھال بارلىقىنى ئېيتتىم ۋە بوۋامغا خەۋەر قىلدىم. دەرۋازا ئالدىغا كەلگەن بوۋام:
- مەرھەمەت، ئەپەندى، ئۆيگە كىرىڭ... سىزنى بۈياققا قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى!- دەپ مېھماننى قارشى ئالدى.

مېھمان قولىدىكى قىزىل لېنتا بىلەن چىرايلىق تېڭىلغان يوغان بىر قۇتىنى ماڭا بەردى. ئۇلار مېھمانخانىغا كىرىشتى. مەن قۇتىنى مومامغا بەردىم. شۇ چاغقىچە كۆرۈنمىگەن مەتىن بىردىن پەيدا بولۇپ قالدى. قۇتىنى ئاچتۇق، كاشتان كونسېرۋاسى ئىكەن... خۇش بولۇپ كەتتىم.

كەلگەن كىشىنى دەرۋازىدا كۆرۈپ تونۇغاندەك قىلغانىدىم، لېكىن كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئاڭقىرالمىدىم. مېھمانخانىغا كىرىپ بىر چەتتە ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدىم. بۇ كىشىنى قەيەردە كۆرگەندىمەن، دەپ ئويلاپ، ئاخىر ئاۋازىدىن تونۇۋالدىم. ھازىر ئېيتسام، ئۇنى سەنمۇ تونۇيسەن. كىملىكىنى بىلەمسەن؟ ئۆتكەن يىلى جۇمھۇرىيەت بايرىمىدىن ئىلگىرى مەكتەپكە بىر ئاخبارات خادىمى كېلىپ بىزگە جۇمھۇرىيەت توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنىدى، ئېسىڭدە بارمۇ؟ بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئىككىنچى سىنىپىدا ئۇ كىشىنىڭ نەۋرىسى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كەپتىكەن. ئۇ ناھايىتى مەشھۇر ئاخباراتچى ئىكەن. بىزنىڭ مۇدىر ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، قىزغىن قارشى ئالدى. شۇ كۈنى قىلغان سۆزلىرى تېخىچە ئېسىمدە. ئۇ: «باللىرىم، ۋەتەنپەرۋەر بولۇڭلار، ۋەتىنىڭلارنى ئىنتايىن سۆيۈڭلار، ۋەتىنىڭلارنى ياخشى چۈشىنىڭلار، چوڭ بولغاندا ئاناتولىينى يېزىمۇ-يېزا ئارىلاپ چىقىڭلار ،نامرات جايلاردا ئىشلەڭلار. بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ ئۈمىدى سىلەردە.» دېگەنىدى. بۇ سۆزلەر ھازىرغىچە قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇرىدۇ. ئۇ يەنە: «نامرات ئاناتولىيىگە مەدەنىيەت چىرىقىنى سىلەر ياقىسىلەر» دېگەنىدى. ئۇ سۆزلىگەندە شۇنچىلىك ھاياجانلىنىپ كەتتىمكى...

بۈگۈن كەلگەن مېھماننىڭ شۇ كىشى ئىكەنلىكى ئېسىمگە كەلگەندە، ئۆزۈمنى تۇتالماي:

- مەن سىزنى تونۇيمەن، ئۆتكەن يىلى سىز ئىستانبۇلدا مەكتىپىمىزگە كەلگەنىدىڭىز...- دېدىم.
- شۇنداق... نەۋرەم ئوقۇۋىدىغان مەكتەپ.

ئاغزىدىن بال تامدۇرۇپ سۆزلەيدىغان بۇ كىشىنىڭ سۆزىنى يەنە ئاڭلاش ئۈچۈن بىر چەتكە ئۆتتۇم. ئاندىن نېمە بولغانلىقىنى بىلەمسەن، ئەخمەت؟ ماڭا نىسبەتەن بىر قورقۇنچلۇق چۈش... بۇ كىشىنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ ھەربىيدە زاپاس ئوفىتسېرلار ئوقۇتقۇچىسى بوپتىكەن. ئۇ شەھەر بالىسى بولغاچقا، يېزا ھاياتىغا كۆنەلمەپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆيلەنگەن بولۇپ، خوتۇنى ئامېرىكىلىق ئىكەن .ياش خوتۇننى ئاناتولىيە يېزىلىرىغا ئېلىپ بېرىشنى لايىق تاپماپتۇ. شۇڭا، بۇ كىشى مۇھىم ئورۇنلاردىكى تونۇشلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئوغلىنى ئىستانبۇلدىكى بىر مەكتەپكە يۆتكەپتۇ. بىراق ،ئۆيى بىلەن مەكتەپنىڭ ئارىلىقى ماشىنا بىلەن بىر سائەتلىك يول بولغاچقا، ھەر كۈنى ئۆيدىن مەكتەپكە بېرىش-كېلىش ئوغلىغا بەك تەس كېلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۆيىگە يېقىن بىر نەچچە مەكتەپ بار ئىكەن. بۇ كىشى ئوغلىنى بۇ يېقىن مەكتەپلەرنىڭ بىرەرىگە يۆتكەش ئۈچۈن ئەنقەرەگە كەپتىكەن .شۇڭا، بوۋام بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ. ئۇ ئەنقەرەدە بۇ ئىشنى قىلالايدىغان بىرىنىڭ بوۋامنىڭ يېقىن بۇرادىرى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ. بوۋام ئۇ بۇرادىرىگە دەپ قويسا، بۇ ئىش ئاسان ھەل بولىدىكەن.

بۇ كىشى بۇلارنى دېگەندە قېنىم قىزىدى، ئەخلاقسىزلىق بولامدۇ، نېمە بولسا بولسۇن ،چىدىيالماي:

- بىراق، ئەپەندى، نامرات ئاناتولىيىگە مەدەنىيەت چىرىقىنى كىم ياقىدۇ؟- دېدىم.

يا ئاڭلىمىدى، يا ئاڭلىماسقا سالدى بولغاي:

- نېمە دېدىڭىز، قىزىم؟- دېدى.

دادام ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ:

- يۈگۈر، قەھۋە ئەپكىر!- دەپ مېنى يېنىدىن كەتكۈزىۋەتتى.

قەھۋەنى ئەكىرىپ بېرىپ چىقىپ كەتتىم.

قارىسام، مۇنچىدا كىر يۇيۇلۇۋېتىپتۇ. ھېچكىمگە كۆرسەتمەي، ئىككى توقاچ سوپۇننى قىزىق سۇ قۇيۇلغان ساپال كۈپكە تاشلىۋەتتىم. سوپۇنلار بىر پەستىلا سۇدا ئېرىپ بولدى. ئاندىن ھېچكىمگە تۇيدۇرماي كۈپنى ئىشىك ئالدىغا ئاچىقىپ، پەلەمپەي باسقۇچلىرىغا سوپۇن سۈيىنى بولۇشىغا تۆكتۈم ،تۆككەندىمۇ، ئۆزۈم تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشمەي دەپ، تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ تۆكتۈم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، مەتىن يۇقىرىدا ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ.

- پەلەمپەينى سۈرتۈۋاتامسەن؟- دېدى ئۇ.

- قانداق بولىدىغانلىقىنى بىر ئازدىن كېيىن بىلىسەن. لېكىن، ھەرگىز بىرىگە دېگۈچى بولما!- دېدىم.

باشقا بىرى كەلسە، ئۇنى خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئوچۇق ئىشىكنىڭ ئالدىدا كۈتۈپ تۇراتتۇق.

مېھمان چىقىپ كېلىۋاتاتتى. بىز ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتۇق. بوۋام بىلەن دادام مېھماننى ئۇزىتىپ ئىشىككىچە كېلىپ قول ئېلىشىپ خوشلاشتى.

- خۇداغا ئامانەت، ئەپەندى...

- خەي-خوش...

- خىزمىتىڭىز بولسا كۈتىمەن، ئەپەندى.

مېھمان «ئەپەندى»نى تولۇق ئېيتالماي، سۆزىنىڭ يېرىمى ئاغزىدا قالدى. ئۇ خوشلىشىش ئۈچۈن بىر قولىنى ھاۋاغا كۆتۈرۈۋېدى، دەل شۇ چاغدا تېيىلىپ كېتىپ، ئۈسسۈل ئوينىغاندەك، قوللىرىنى ھەررەڭ-سەررەڭ پۇلاڭلىتىپ يىقىلىپ چۈشتى. بوۋام بىلەن دادام ئۇنىڭ يىقىلىپ چۈشكىنىنى كۆرمەي ئۆيگە كىرىپ كەتكەندى. بوۋام دادامدىن:

- ئوغلۇم، ئۇياق پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ ئۈسسۈل ئوينىغاندەك قىلىپ كەتتىغۇ، نېمە بولدى؟- دەپ سورىدى.

- ئشنى هەل قلسپ بېرىدىغان بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن خۇشاللىقتا ئۇسسۇل ئوينىپ كەتكەن بولسا كېرەك، - دېدىم مەن شۇئان.

ھېلىقى كىشىنىڭ كېيىنكى ئەھۋالىنى كۆرۈش ئۈچۈن مەتىن ئىككىمىز بالكونغا چىقىپ قارىدۇق ،بىنانىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ يەرگە سۇنايلىنىپ يېتىپتۇ. خۇسۇسىي ماشىنىسى دەرۋازىدا كۈتۈپ تۇرۇپتۇ .شوپۇرى ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشتى-دە، بۇ چوڭ يازغۇچىنى ياتقان يېرىدىن تۇرغۇزۇپ، قولتۇقلاپ ماشىنىغا سالدى. بۇ چاغدا مەتىن كۈلۈپ يەردە دومىلاپ كەتتى. مەتىنگە ئىشىنىمەن، ئۇ ھېچكىمگە ئېيتمايدۇ. لېكىن، بولغۇلۇق بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئىچىمگە بىر قورقۇنچ كىرىۋالدى. بۇ ئادەمنىڭ بېشى يېرىلغان بولسا... نېمىلا بولسۇن ئاسان قۇتۇلدۇق.

كېيىن مېھمانخانىغا كىرسەم، بوۋام يەنە ئۇخلاۋېتىپتۇ. دادام بولسا گېزىت ئوقۇپ ئولتۇرۇپتۇ . بوۋام ئويغىنىپ:

- قەيەرگە كەلگەندۇق ؟- دەپ سورىدى.
- ھېچ يەرگە كەلمىدۇق، - دېدى دادام، - سىز ھېچنېمە دېمىگەندەك قىلىسىزغۇ ؟
- شۇنداق، مەن گەپ قىلمىغاندىم. خوپ، سېنىڭچە بۇ ئاتوم ئۇرۇشى بولامدۇ ؟

دادام بىر نېمىلەرنى دېگەندىن كېيىن بايىقى كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىدى.

- قوي ئۇنى، - دېدى بوۋام، - ھەر دەۋردە تۆت پۈتلاپ...

مەنمۇ دەرھال سۆز ئارىلاپ:

- بوۋا، ئۇنىڭ ئوغلى ھەققىدە بۇرادىرىڭىزگە ئېيتامسىز ؟- دەپ سورىدىم.
- كىشىنىڭ يۈزى چىدىمايدۇ، قىزىم، ۋەدە بەردىم، ئېيتىمەن-دە...

بوۋام ئورۇندۇقتا ئازادە تاشلىنىپ ئولتۇرۇپ، قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. دادامنىڭ پۈتىنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ مېھمانخانىدىن چىقتى...

ئۆتكەن قېتىم خەتنى ئۇزۇن يازغىنىڭنى ئېيتقانىدىڭ، قارا، مەن سېنىڭكىدىنمۇ ئۇزۇن يېزىۋەتتىم.

ساڭا ۋە پۈتۈن ساۋاقداشلىرىمغا سالام، ھەممىڭلارغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

زەينەب يالقىر
1699-يىلى 19-يانۋار، ئەنقەرە
ئىزاھات:

مەن ئېيتقان مەشھۇر ئاخباراتچى ئۆتكەن يىلى مەكتىپىمىزدە سۆزلىگەندە شۇنداق ھاياجانلانغان ئىدىمكى، ئۆزۈمنى تۇتالماي يىغلىۋەتكەنىدىم، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق نۇتۇقلارنى مەيلى كىم سۆزلىسۇن، ئىككىنچى يىغلىمايمەن.

شېئىرنى قانداق ئوقۇش كېرەك

قەدىرلىك ساۋاقدىشىم زەينەب:

خېتىڭدە ئېيتقان ھېلىقى مەشھۇر كىشىنى تونۇماسلىقىم مۇمكىنمۇ؟ مەكتەپتە بىزگە بەرگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى مېنىڭمۇ ئېسىمدە.

خېتىڭنىڭ ئاخىرىدا: «بۇنداق نۇتۇقلارنى مەيلى كىم سۆزلىسۇن، ئىككىنچى يىغلىمايمەن» دەپ ئىزاھات بېرىپسەن. يەنە يىغلايسەن، زەينەب. يىغلىماسلىق سېنىڭ ئىختىيارىڭدا ئەمەس. بىر ئايال پىياز توغراۋاتقاندا ھەر قانچە يىغلىغۇسى بولمىسىمۇ يىغلايدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇ خاپىلىقتىن يىغلىمايدۇ ، پىيازنىڭ كۆزنى ئېچىشتۇرىدىغان ئاچچىقىدىن كۆزدىن ئىختىيارسىز ياش چىقىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئاۋازلىرىدا پىيازنىڭ كۆزدىن ياش چىقىرىشىغا ئوخشاش تەسىرى بار دېسىمۇ بولىدۇ .
بۇنداق ئىش مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن. رادىئودا بىر دىكتور بار. ئۇ قاچانلا سۆزلىسە ئۆزۈمنى تۇتالماي ، شۇئان يىغلىۋېتىمەن. بىر كۈنى يەنە رادىئونىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى يوقاتقان ھالدا يىغلاپ كېتىپتىمەن .
دادام كۆزلىرىمدىن ئاققان ياشنى كۆرۈپ:
- ئەخمەت، ئۇ كىشى سېنى يىغلاتقۇدەك نېمە سۆزلەۋاتىدۇ؟- دېدى.

مانا بۇ سوئالدىن چۆشەندىمكى، مەن ئۇ دىكتورنىڭ رادىئودا نېمە سۆزلەۋاتقانلىقىنىمۇ پەرق ئەتمەپتىمەن، بىر جۈملىسىنىمۇ چۈشەنمەي تۇرۇپ يىغلاپ كېتىپتىمەن. بۇ بىمەنىلىك ئەمەسمۇ؟ بۇ راست بولغان ئىش. نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ، نېمىشقا يىغلىدىم، دەپ كېيىن كۆپ ئويلىدىم. مەن دىكتورنىڭ سۆزلىرىگە، سۆزلىرىنىڭ مەنىسىگە ئەمەس، ئاۋازىغا يىغلايتتىم، مېنى ئاۋازىنىڭ تەسىرى يىغلىتاتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئاۋازنىڭ تەۋرىنىشلىرى خۇددى پىيازنىڭ ئاچچىقىدەك كۆزدىن ياش چىقىراتتى.

پىياز توغراپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىۋاتقان بىر ئايالدىن: «پىيازدىن سىزنى يىغلاتقۇدەك نېمە ئاڭلىدىڭىز؟» دەپ سوراش ئاۋازى دولقۇنلىنىپ چىقىدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا: «يىغلاپ كەتكۈدەك نېمە ئاڭلىدىڭ؟» دېگەن بىلەن ئوخشاش گەپ.

بوۋام مېنى بۇرۇن بىر مەسچىتكە ئېلىپ بارغانىدى. نامازدىن كېيىن ئىمام ئەرەبچە دۇئالارنى ئوقۇدى. ئىمام دۇئا قىلىۋاتقاندا بوۋام شۇنداق يىغلاپ كەتتىكى... بوۋام يىغلىغاندا، مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتالماي يىغلاپ كەتكەنىدىم. مەسچىتتىن چىقىپ ئۆيگە كېتىۋېتىپ:

- ئىمامنىڭ دېگەنلىرىگە يىغلاپ كەتتىڭ، قارىغاندا ئەرەبچە بىلىدىغان ئوخشىمامسەن، بوۋا؟- دەپ سورىدىم.
- ئىمامىمۇ ئەرەبچە بىلمەيدۇ، مەنمۇ بىلمەيمەن...- دېدى بوۋام.
- ئۇنداقتا نېمىگە يىغلىدىڭ؟
- يىغلىمىسا بولامدۇ؟ ئىمام قانداق ئوقۇدى، ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ كىم بىلسۇن، قانچىلىك ئېچىنىشلىق ۋە ياخشى نەرسىلەرنى سۆزلىگەندۇ.

بوۋام ئىمامنىڭ ئاۋازىنى ئېسىگە ئېلىپ يىغلىۋاشتىن يىغلىغىلى تۇرۇۋېدى، مېنىڭمۇ كۆزلىرىم نەملەشتى. بەلكىم ئىمام كىشى كۆڭلىنى ئەزگۈدەك مۇڭلۇق بىر دۇئا ئوقۇغان بولسا كېرەك. بۇ ئىش زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

بىر چار بازارچى بولۇپ، كەچقۇرۇن بىزنىڭ كوچىدىن ئۆتەتتى. ئۇ ئادەتتە كۆكتات ساتاتتى. مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسام، شۇئان كۆزلىرىمگە ياش كېلىدۇ. لېكىن، ئۇ ئادەم يا: «ھەي...ي، پەمدۇر ،لازا ...» دەپ، ياكى: «ھە...ي، پىياز، سامساق... » دەپ ۋارقىرايدۇ. بۇنداق ۋارقىراشلارغا كىمنىڭمۇ يىغلىغۇسى كەلسۇن؟ دېمەك، مەن ئۇ ئادەمنىڭ ئاۋازىدىن تەسىرلىنىدىكەنمەن.

مۇئەللىمىمىزمۇ بىزگە ئوقۇش كىتابىمىزدىكى شېئىرلارنى مانا شۇنداق ئاۋاز بىلەن ئوقۇتتىدۇ .

«ماتەملىك باردىم، خۇشال كەلدىم» دېگەن بىر شېئىر بار ئىدىغۇ، مۇئەللىم بىزگە ئۇنى قانداق ئوقۇشنى ئۆگەتتى .«باردىم» بىلەن ، «كەلدىم» سۆزلىرىنىڭ ئاخىرقى بوغۇملىرى ئاۋازنى تىترىتىپ سوزۇپ ئېيتىلىدىكەن.

سىنىپتا بۇ شېئىر ئوقۇلغاندا، مەن دائىم يىغلىۋېتىمەن. ئويلاپ باققىنا، بىرى ماڭا «خۇشال كەلدىم» دېسە، سەن كۆزلىرىڭگە ياش ئالسەن.

سىنىپتا مۇئەللىمىمىز بۇ شېئىرنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنى ئۆگىتىۋاتاتتى.
«ماتەملىك بار...دىم، خۇشال كەل...دىم» دېگەندە، كەينى پارتىلاردىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:
- خۇش كەپ...سەن ... تۆۋەنكى ئىشككە، خۇدا بەر ... سۇن...
- كىم ئۇ؟ تېز ئورنىدىن تۇرسۇن، - دېدى مۇئەللىم.
كەينى پارتىدىن ياشار تۇردى:
- كەچۈرۈڭ، مۇئەللىم، ئۆزۈمنى تۇتالماي ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتى.
مۇئەللىم كەچۈردى. كېيىن شېئىرنىڭ داۋامىنى ئۆگەندۇق:
« ماڭا بىر يۇتۇم سۇ بەر، ناھايىتى
يىراق يولدىن كەلدىم...»

«بىر يۇتۇم سۇ بەر» دېگەندە، خۇددى سۇ تەلەپ قىلماي، بەلكى قاراقچى كېلىپ جېنىڭنى ئالىمەن دەۋاتقاندەك، ئاۋاز بىردىن تۇم چىقىپ كەتتى.

كىشىلەرنىڭ ئاۋازىدىن ياخشى پايدىلىنىش كېرەك. دادامنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، ئۇ ئىشلەيدىغان زاۋۇتنىڭ خوجايىنىمۇ ئاۋازنى ناھايىتى تەسىرلىك چىقىرارمىش. دادام ئۆيىمىزگە كەلگەن مېھمانلارغا دائىم زاۋۇت خوجايىنىنىڭ تەسىرلىك ئاۋازى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىدۇ .ئىشچىلارنىڭ كۆڭلۈك ئىش ھەققىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىشچىلار ۋەكىللىرى، ئۇستىلىرى زاۋۇت خوجايىنىغا: «تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تارتىۋاتىمىز، ئىش ھەققىمىزنى ئارتتۇرۇپ بېرىڭ» دەپ تەلەپ قىلىدىكەن. زاۋۇت باشلىقى ئۇلارغا ئاۋازىنى تىترىتىپ، سىلىق، يېقىملىق ئاۋاز بىلەن بىر نېمىلەرنى دەيدىكەن-دە، ئۆز ئاۋازىنىڭ تەسىرىدىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولىدىكەن، ئاندىن كېيىن ئىشچىلارمۇ ئىختىيارسىز كۆز ياشلىرىنى تۇتالماي قالىدىكەن. زاۋۇت باشلىقى يىغلىسا، ئۇلارمۇ تەڭ يىغلايدىكەن. بىر ھازا يىغلاشقاندىن كېيىن نېمە دېيىشنى ئۇنتۇغان ئىشچىلار ئاستا چىقىپ كېتىدىكەن .
كېيىن ئەس-ھوشىغا كەلگەندە: «بىز شۇنچە يىغلاپ كەتكۇدەك، باشلىق بىزگە نېمە دېدى؟» دەپ بىر-بىرىدىن سورىشىدىكەن. لېكىن، باشلىقنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ھېچكىم ئەسلىيەلمەيدىكەن.

بىر قېتىم دادام دوستلىرىغا: «چىڭ تۇرىمەن، مەيلى نېمە دېسۇن، يىغلىمايمەن... ئىش ھەققىنى ئاشۇرمىغۇچە قايتىپ چىقمايمەن ياكى ئىشتىن چىقىپ كېتىمەن ...» دەپتۇ.

دادام باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ: «ئەپەندى ...» دېيىشىگىلا، باشلىق:

- تەس، تەس، بۇرادەر... بىلىمەن، بۇگۈنكى كۈندە كۈن ئۆتكۈزۈش تەس. بۇنى بىلمەيدۇ دەمسەن!- دەپ سۆز باشلاپتۇ.

ئەسلىي بۇ سۆزلەردە ئادەمنى يىغلىتىۋەتكۈدەك ئۈنچىلىك تەسىرلىك بىر نەرسە يوق. لېكىن، بۇ سۆزلەرنى تىترىتىپ چىقىرىشنى بىلىدىغان بىرى دەيدىغان بولسا، ئالدىدا تۇرغان ھەر قانداق كىشىنىڭ باغرى تاش بولسىمۇ، يىغلاپ كېتىشى تۇرغان گەپ. لېكىن، دادام مەيلى نېمىلا بولسۇن، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ سۆزىنى باشلاپتۇ...

- سىلەر قانچە جان؟
- بەش جان.
- پاھ-پاھ-پاھ...

باشلىق شۇنداق كۆپ ۋە ئېچىنغان ھالدا «پاھ-پاھ» دەپتۇكى، دادام نېمىشقىدۇر ئۆزىنى تۇتالماي، كۆڭلى بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ، لېكىن چىشىنى چىڭ چىشلەپ تۇرۇۋاپتۇ.

- باللىرىڭ مەكتەپتە ئوقۇمدۇ؟

بىرى ئوقۇيدۇ، بىرى ئوقۇمايدۇ.

- ئەپسۇس! دېمەك، بىرنى مەكتەپكە بېرەلمەپسەن-دە...
- كىچىك بولغاچقا ئوقۇمىدى، چوڭ بولغاندا ئوقۇتىمەن.
- خوتۇنۇڭغا ئۈچ يىلدا بىر پەلتۇ تىكتۈرۈپ بېرەلمەيدىكەنسەن-دە ؟
- تىكتۈرۈپ بېرىمەن، - دەپتۇ دادام.
- ئۇنىڭ ئۇستىگە خوتۇنۇڭ كېسەلغۇ دەيمەن ؟
- ياق، كېسەل ئەمەس!
- ئۇنداق ئەمەستۇ. لېكىن، بۇرادەر، ئاغرىپ قېلىشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا قانداق قىلارسەن ؟ پاھ-پاھ-پاھ... ئۇ بىچارىگە كىم قارايدۇ ؟ كىم دوختۇرغا كۆرسىتىپ دورا ئالىدۇ ؟ بۇنىڭغا بىر مۇنچە پۇل كېتىدۇ. قانداق ئوپېراتسىيە قىلدۇرسەن ؟
- كىمنى ؟
- بالاڭنى...
- نېمە ئوپېراتسىيە، ئەپەندى ؟ ئۇنداق ئىش يوق...
- يوقلۇقى يوق، لېكىن بولۇپ قالسا دېمەكچىمەن.

دادام يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋاپتۇ. لېكىن، باشلىق يىغلىغاندا، دادامنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ-دە ،ئۇنىڭغا قاراپ ئۆزىمۇ يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن:

- ۋاي ئەپەندى، يىغلىمىسىڭىزچۇ... بىز قانداق بولساق شۇنداق بولارمىز، خۇدا بىر ئاسانلىق بېرەر...- دەپتۇ.

دادام بۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگىنىدە، ھەمىشە مۇنداق دەيدۇ: «شۇ يەرگە كەلگۈچە باشلىق بىلەن نېمىلەرنى دېيىشكىنىمىزنى بىلىمەن. لېكىن، ئۇنىڭدىن كېيىن نېمىلەر دېيىلگەنلىكىنى ئۇقالمىدىم .
باشلىق ئېچىنىشلىق ئاۋاز بىلەن بىر نېمىلەرنى دەيتتى، چۈشەنمەيتتىم، ئەمما ئىككىمىز يىغلىشاتتۇق .
ئاخىر ئۆز-ئۆزۈمگە: ئۆزۈمنى تۇتۇۋالايچۇ، بۇ ئادەم نېمىلەرنى دەيدىكىن، بىر ئاڭلاپ باقاي، دېدىم ۋە دىققەت قىلدىم. ئاڭلىسام، ئۇ ھەزرىتى ھەسەن بىلەن ھەزرىتى ھۈسەيىننىڭ كەربالادا قانداق شېھىت بولغانلىقىنى سۆزلەۋاتامدۇ... ئۇنىڭ قانداق قىلىپ سۆزنى ھەسەن بىلەن ھۈسەينگە يۆتكىۋەتكەنلىكىنى ھېچ ئۇقالمىدىم...»

دادام يىغلىغان پېتى باشلىقنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىقىپتۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، زەينەب، ئۇنداق ئاۋازلارنى ئاڭلىغاندا يىغلىماي مۇمكىن ئەمەس. مۇبادا ھېلىقى مەشھۇر ئاخباراتچى يەنە مەكتەپكە كېلىپ يەنە شۇنداق سۆزلەيدىغان بولسا، بىز يەنە يىغلايمىز.

ساڭا خەيرلىك، ئامانلىق تىلەپ، مەكتۇپلىرىڭنى كۈتمەن.

مەكتەپ-ئائىلە ھەمكارلىقى

ساۋاقدىشىم ئەخمەت:

81-يانۋار يازغان خېتىڭنى يېقىندا تاپشۇرۇۋالدىم. تۈنۈگۈن ۋاكسىنا سالدۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن بۈگۈن مەكتەپكە بارمىدۇق. خېتىڭنى ھۇجرامدا ئوقۇۋېتىپ، ئاۋازىمنى چىقىرىپ كۈلۈۋەتكىنىمنى سەزمەي قاپتىمەن. ئاپام سىرتتا تۇرۇپ ئاڭلاپ قاپتۇ.

- ئۆزۈڭچە نېمىگە كۈلۈپ كەتتىڭ؟- دېدى ئۇ.

سېنىڭ خېتىڭگە كۈلگەنلىكىمنى دېدىم.

ئاپام ھۇجرامغا كىرىپ:

- نېمىلەرنى يېزىپتۇ؟- دېدى.

خېتىڭنى ئاپامغا ئوقۇپ بەردىم، ئۇمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

مەن ئۆزۈڭدىن بېرى ساڭا مەكتەپ-ئائىلە ھەمكارلىقى يىغىنىمىز توغرۇلۇق يازماقچى بولۇۋاتاتتىم. بۈگۈن ۋاقتىم بولغاچقا خاتىرجەم يازالايمەن. ۋاكسىنا سەل قىزىتتى، لېكىن ئانچە ئەمەس.

ئۆتكەندە مەكتىپىمىزدە مەكتەپ-ئائىلە ھەمكارلىقى يىغىنى بولغانىدى. بۇ يىغىن ھەر ئايدا بىر ئېچىلىدۇ. بەشىنچى سىنىپتىن ئۈچ قىز، ئىككى ئوغۇل بولۇپ بەش ئوقۇغۇچى يىغىنغا كېلىدىغان ئاتا-ئانىلارنى كۈتۈش ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار ئىدىم. يىغىندا بولغان گەپ-سۆزلەرنى باشتىن-ئاياق ئاڭلىدىم. بەك قىزىق بولغاچقا، ساڭىمۇ يەتكۈزمەكچىمەن.

ئەسلىدە بىز يىغىندا بولۇنغان گەپ-سۆزلەرگە قۇلاق سالماسلىقىمىز كېرەك ئىدى. ئاتا-ئانىلار يىغىن زالىدىن ئورۇن ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بىزنى سىرتقا چىقىرىۋەتتى. بىز كارىدوردا ئىشىكنىڭ كەينىدە تۇراتتۇق. يىغىننىڭ ئاخىردا چاي، لىمون سۈيى، پرەنىكلەرنى تارقىتاتتۇق. زال ئىچى ناھايىتى قالايمىقان ۋە ئىنتايىن ئىسسىق ئىدى. ئىچىدىكىلەر بىئارام بولۇپ كەتكەچكە، سەل ھاۋا

ئالماشسۇن دەپ، ئىشكىنىڭ ئىككى قانتىنى يوغان ئېچىۋەتتى. بىزمۇ ئىشكىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئىچكىرىدە بولۇۋاتقان گەپ-سۆزلەرنى ياخشى ئاڭلىدۇق. ئالدى بىلەن مۇدىر سۆزلىدى، باشتا سىلىق سۆزلەپ، ئاۋازى بارغانچە قاتتىق چىققىلى تۇردى. ئۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرى بىلەن كارى بولمىغانلىقىنى ياكى ناھايىتى ئاز كۆڭۈل بۆلگەنلىكلىرىنى ۋە ھەممىنى مەكتەپكە ئارتىپ قويغانلىقىنى ،ئەسلى ئوقۇشنىڭ ئۆيدە بولىدىغانلىقىنى، ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى كېرەكلىكىنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇتقۇچىلاردىن سوراپ ئىگىلەپ تۇرۇشى لازىملىقىنى ئېيتتى.

ئاتا-ئانىلار مۇدىرنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى، شۇ ۋەجىدىن غۇلغۇللار بولدى.

مۇدىر ئوقۇغۇچىلارغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن:

مېنىڭ تولۇق ئوتتۇرىنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇيدىغان بىر ئوغلۇم بار. مەن ئوقۇش باشلانغاندىن بۇيان، بۇ يەردىكى ئىشلىرىمدىن ۋاقىت چىقىرىپ ئوغلۇمنىڭ مەكتىپىگە بىر قېتىممۇ بارالمىدىم، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن سورالمىدىم. بالامنىڭ مەكتىپىدىن بىر نەچچە قېتىم باغاقچە ئەۋەتىپ چاقىرتتى، لېكىن بارالمىدىم، - دېدى.

ئۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ مەكتەپتىكى ئەھۋالى بىلەن كارى بولمىغانلىقى ۋە مەكتەپكە بارالمىغانلىقىدىن ئاغرىنغانىدى. مۇدىرنىڭ سۆزىدىن كېيىن، مەكتەپ-ئائىلە ھەمكارلىقى رەئىسى بولغان بىر خانىم ئاتا-ئانىلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەكلىپ قىلدى. بىر ئاتا سۆز ئېلىپ ،بالىسىغا تۈرك تىلىدىن تۆۋەن باھا بېرىلگەنلىكىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ئېيتتى.

- قانداقچە مېنىڭ بالامغا تۈرك تىلى دەرسىدىن تۆۋەن باھا بېرىلدى؟- دېدى ئۇ.

ئۇ بالىنىڭ مۇئەللىمى ئۇ ئاتىدىن، نېمە ئۈچۈن تۆۋەن باھا بەرسە بولمايدىغانلىقىنى سورىدى . لېكىن، ئۇ ئاتا ئاجايىپ گەپلەرنى قىلاتتى، سۆزلىرىنى باش-ئايىقى قولاشمايتتى. ھازىرقى زامان بىلەن باشلىغان جۈملىنى ئۆتكەن زامان بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ، كېلىدىغان زامان بىلەن ئاياقلاشتۇراتتى.

- بەرگىلى بولمايدۇ، ئەپەندى، - دېدى مۇئەللىم، - چۈنكى فرانسۇز تىلى بولغان بولسا، ئۇ چاغدا، نېمە ئۈچۈن تۆۋەن باھا بەردىڭىز، دەپ سورىسىڭىز ھەقلىق بولاتتى. لېكىن، تۈرك تىلىدىن تۆۋەن باھا ئالسا بولمايدۇ، بۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىشىڭىز كېرەك دېسىڭىز ناھەقلىق بولىدۇ. ئەگەر مېنىڭ بالام باشقا بىر مىللەت بولسا، تۈرك تىلىنى ئوبدان بىلمەيدۇ دېسىڭىز، بۇ بىر ئاز ئەقىلگە مۇۋاپىق گەپ بولىدۇ.

- هازىر ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس، بۇ مېنىڭ بالام، بىر تۈرك پەرزەنتى. دېمەك، ئۇ تۈركچىنى بىلىدۇ، دېگەن گەپ، ئانا تىلى تۈرك تىلى تۇرسا، نېمشقا بىلمەيدىكەن ؟ ئۇنىڭغا ئەلا باھا بەرسۇن دېمەيمەن... لېكىن ھەر بىر تۈرك پەرزەنتى ئەلا باھا ئېلىشى لازىم. ئەقەللىيسى ئوتتۇرا... مېنىڭ بالام تۈركچە گەپ قىلىدۇ، ئۇنى مەن چۈشىنىمەن، ئانىسىمۇ چۈشىنىدۇ، ساۋاقداشلىرىمۇ ھەم. ھەممە ئادەم چۈشەنگەن يەردە، مۇئەللىممۇ چۈشىنىشى كېرەك-دە... ئەقەللىي ئوتتۇرا باھا ئېلىشى كېرەك، - دېدى ئۇ ئادەم.

بالىنىڭ مۇئەللىمى:

- كەچۈرسىز، نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم. تۈرك پەرزەنتى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئوتتۇرا باھا ئېلىشى كېرەك دېمەكچىمۇ سىز ؟- دېدى.

- شۇنداق، شۇنداق بولۇشى كېرەك دېمەكچىمەن... ھەممە ئادەم بالامنىڭ نېمە دېگىنىنى چۈشەنگەنىكەن، مۇئەللىممۇ چۈشەنسۇن-دە...

- سىز بالىڭىزنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى چۈشىنىدىكەنسىز-دە ؟ ئەلۋەتتە...

- بالىڭىزمۇ سىزنىڭ نېمە دېگەنلىكىڭىزنى چۈشىنەلەمدۇ ؟

- چۈشىنىشى كېرەك...

زالدىن مەنسىتمىگەن غۇلغۇلىلار ئاڭلاندى. مۇدىر ئارىغا سۆز قىستۇرۇپ، ھېلىقى كىشىنى بېسىقتۇردى.

يەنە بىر ئاتا سۆز ئېلىپ، بالىسى ئۇنىڭدىن دەرسلىرىدىن بەزى نەرسىلەرنى سورىغانلىقىنى ،ئۆزىنىڭ بۇ سوئاللارنىڭ ھېچقايسىسىغا جاۋاب بېرەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى:

- مەن نېمشقا بىلمەيمەن، ئەپەندى ؟ نېمشقا بىلمەيمەن ؟ ئېيتسىڭىزچۇ، نېمشقا بىلمەيمەن ؟- دېدى ئۇ.

بۇ كىشىنىڭ نېمگە ئاچچىقلانغانلىقىنى ئاۋۋال ھېچكىم چۈشىنەلمىدى، لېكىن ئۇ: «مەن بىلمەيدىغان نەرسىنى بالامغا قانداق ئۆگىتىمەن ؟» دېگىنىدە، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقى مەلۇم بولدى.

ئۇ دەرس پروگراممىسىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئاغرىناتتى.

- مەن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈردۈم. شۇنداق تۇرۇقلۇق، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بالام سورىغان نەرسىلەرنى بىلمىسەم توغرا بولامدۇ ؟ كىچىك بالىلىرىمىز بۇ قەدەر ئېغىر دەرس پروگراممىسىنى كۆتۈرەلمەيدۇ.

بۇ ئەپەندىگە بىر ئانا جاۋاب بەردى. لېكىن، ئۇ دەل ئەكسىچە، باللارغا ناھايىتى ئاز بەرسە ئۆگىتىلگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئاز بىلىم بېرىلگەنلىكىدىن ئاغرىنغاندى.

- بالامدىن نېمىنىلا سورىسام بىلمەيدۇ. بىزنىڭ زامانىمىزدا دەرس پروگراممىلىرى ناھايىتى تولۇق ئىدى. مەسىلەن، مېنىڭ قىزىم بىر كۈنى ئاشخانىدا چىشلىرىنى چىش كولىغۇچ بىلەن كولاۋاتقان بىرەيلەننى كۆرۈپ: «بۇ كىشى كۆشەۋاتامدۇ؟» دەپ سورىدى. ئۆتۈنۈپ سورايمەنكى، تۆتىنچى سىنىپتا ئوقۇيدىغان بىر بالا ئادەملەرنىڭ قېرىنى بولمايدىغانلىقىنى، يەنى كۆشمەيدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك-دە!

مۇدىر دەرس پروگراممىلىرىنىڭ مەكتەپتە ئەمەس، مائارىپ مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن تۈزۈلىدىغانلىقىنى، بۇ ئىشنىڭ مىنىستىرلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇ ئايالنىمۇ بېسىقتۇرماقچى بولدى.

لېكىن ئايال ئاسانلىقچە جىمىقمىدى.

- بىز ھەممىنى ھۆكۈمەتكە ئارتىپ قويىمىز،- دېدى ئۇ،- ئادەملەردە قېرىن بولمايدىغانلىقىنى ئۆگىتىش ھەر ھالدا ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ مىنىستىرلىقىنىڭ ئىشى بولمىسا كېرەك...

ماڭا ئۇ يەردىكىلەر گويا قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ شۇنداق دەۋاتقاندەك بىلىندى. بىراق، ئۇلار گەپ قىلغاندا چىرايى ناھايىتى جىددىي ئىدى.

بىزنىڭ سىنىپتا مۇرات ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشىمىز بار ئىدى، مۇئەللىم قاچانكى ئۇنى:
«ئورنۇڭدىن تۇر!» دېسە، مۇئەللىمدىن: «كىم؟» دەپ سورايتتى.
سەن.
- مەنمۇ، ئەپەندىم؟
- سەن، ئوغلۇم، ساڭا دەۋاتىمەن...
- ماڭىمۇ، ئەپەندىم؟

مۇئەللىم ئىسمىنى ئېيتسا ۋە مۇئەللىم ئۇنىڭغا قاراپ دەۋاتسا، مۇرات يەنە شۇنداق قىلاتتى .
ئاخىرىدا مۇئەللىمنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ:
- ئالدىمدا سەندىن باشقا كىشى بارمۇ، مۇرات، ساڭا دەۋاتىمەن!- دەپ ۋارقىرايتتى.

بۇنداق ئەھۋاللاردىمۇ مۇرات گويا كەينىدىكى باشقا بىرىگە دېيىلىۋاتقاندەك، بۇرۇلۇپ كەينىدىكى تامغا قاراپمۇ قويىاتتى. بىر قېتىم ئۇ بۇرۇلۇپ كەينىگە قارىغانىدى، بىز قاتتىق كۈلۈپ كەتتۇق.

ئۇ كۈنكى يىغىندىكىلەردىن بىر كىشى ئورنىدىن تۇردى. كېيىن بۇ كىشىنىڭ مۇراتنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق.

- رۇخسەت قىلسىڭىز، مەنمۇ ئىككى ئېغىز پىكىر قىلماقچى، - دېدى ئۇ.

مەكتەپ-ئائىلە ھەمكارلىقى رەئىسى بولغان خانىم:

- مەرھەممەت، ئەپەندى، قۇلىقىمىز سىزدە، - دېدى.
- مەنمۇ؟ - دېدى ھېلىقى كىشى.
- سىز پىكرىم بار دېمىگەنمىدىڭىز؟ - دېدى رەئىس.
- كىم؟
- سىز...
- مەنمۇ؟
- شۇنداق، مەرھەممەت، سۆزلەڭ، ئەپەندى.

ئۇ كىشى خۇددى مۇراتتەك قولىنى كۆكسىگىچە كۆتۈرۈپ، يەنە بىر قېتىم سورىدى:

- مەن؟

زالدىكىلەردىن بىرى: «ياق، مەن ...» دەپ ۋارقىرىغاندا، ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

مۇراتنىڭ دادىسى سۆزلىدى. ئۇ مەكتەپتە باللارغا پۇتبول ئويناتماسلىقنى تەلەپ قىلدى ،ئوغلىنىڭ توپ ئويىنغانلىقتىن دەرسلەرگە تىرىشمايۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

- باللىڭىز قانچىنچى سىنىپتا؟ - دەپ سورىدى مۇدىر.
- مېنىڭ باللامۇ؟ - دەپ سورىدى ھېلىقى كىشىمۇ ئۇنىڭدىن.
- شۇنداق، سىزنىڭ باللىڭىز.

ئۇ كىشى بىر ھازا ئويلىنىپ:

- بۇ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، - دېدى.
- نومۇرى قانچىنچى؟
- كىمنىڭ؟

زالدا «ئاياق كىيىمىڭىزنىڭ نومۇرى قانچىنچى؟» دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

ئۇ كىشى ئوغلىنىڭ نومۇرىنىمۇ بىلمەيدىكەن. ئىسىم-فامىلىسىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ مۇراتنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق.

يەنە بىر كىشى سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ شۇنداق ئۇزۇن سۆزلەپ كەتتىكى، نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىش تەس ئىدى. ئۇ: «تۈركىيە پەقەت بالچىلىق بىلەنلا تەرەققىي قىلالايدۇ ...» دەپ سۆز باشلىدى.

بالچىلىق بىلەن بۇ يىغىنىنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بارلىقىنى چۈشىنەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، بىز سىرتتا كۈلكىدىن ئۆزىمىزنى تەستە تۇتۇۋالدۇق.

ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ بالچىلىق ھەققىدە نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن ، ھەرىلەرنى چۈشەندۈرگىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ھەممە كىشى بىلىدىغان ھەقىقەتلەر ئىدى:

- ھەرە بىر كىچىك ھاشاراتتۇر. ئۇ قاناتلىق بولۇپ، ئۇچالايدۇ... ھەسەل ئىشلەپچىقىرىدۇ. بال ئىنسانغا ناھايىتى پايدىلىق، ناھايىتى قىممەتلىك نەرسە، ناشتىدا يېيىلگىنىدەك، تاماقلاردىن كېيىن يېيىسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بال شەربىتى ئىشلەشكىمۇ بولىدۇ. بال ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ...

ماختا ماختا، بالنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ھەرىگە ئۆتتى:

- ھەرىلەر ياۋا ھەرە، بال ھەرىسى دەپ ئىككى خىل بولىدۇ...

زالدىكىلەردىن: «ئۇ ...»، «ئوش ...» دېگەن زېرىكىش ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ئاخىردا مۇدىر:

- شۇنداق قىلىپ ھەرە نېمە بولماقچى، ئەپەندى ؟- دېدى.
- ھەرىنى دەمسىز ؟ ھەرىدىن بال ئېلىنىدۇ...
- بال نېمە بولماقچى ؟
- بالدىن نېمە بولمىسۇن ؟ ھەممە نەرسە بولىدۇ...
- دېمەكچىمەنكى، بىز مەكتەپتە نېمە قىلىمىز ؟
- رۇخسەت قىلىسىڭىز، مەن ئۇنىمۇ سۆزلەپ بەرسەم...- دېدى ھېلىقى ئادەم،- بايا بىر ئەپەندى ،باللىرىمىزغا تۇرمۇشتا كېرەكلىك بىلىملەر بېرىلىشى كېرەك، دەپ راست ئېيتتى. ناھايىتى توغرا ...

مەسىلەن، مېنىڭ بالام بىر ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئۈچ بۇلۇڭنىڭ يىغىندىسى 121 گرادۇس ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ،ھەرە قانداق بېقىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بىر ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئۈچ بۇلۇڭنىڭ يىغىندىسى 121 گرادۇس بولسۇن ،111 گرادۇس بولسۇن، بەش مىڭ گرادۇس بولسۇن، بۇنىڭ نېمە پايدىسى بار ؟

ئۆتۈنۈپ سورايمەنكى، ئېيتىڭا، مۇشۇ ياشقا كەلدۇق، قايسىمىزدىن تۇرمۇشتا بىر ئۇچىبۇلۇڭنىڭ ئۇچ بۇلۇڭنىڭ قانچە گرادۇس ئىكەنلىكى سورالدى؟ باللىرىمىزنىڭ يۇمران مېڭىلىرى ئەھمىيەتسىز نەرسىلەر بىلەن تولدۇرۇلمىسۇن. ئۇلارغا پايدىلىق بىلىملەر، مەسىلەن، بالچىلىق ئۆگىتىلسۇن... مەكتەپتە بال ساندۇقلىرى بولۇشى كېرەك. تۈركىيە پەقەت بالچىلىق بىلەنلا تەرەققىي قىلالايدۇ. چۈنكى، بال ھەرىسى قوي-كالىلارغا ئوخشىمايدۇ. كالا سۈت بېرىدۇ، لېكىن چۆپ-سامان يەيدۇ. ھەرە ھېچ نەرسە يېمەيدۇ ، خالىس بال بېرىدۇ...

يەنە بىرەيلەن ئورنىدىن تۇردى:

- ناھايىتى توغرا ئېيتىسىز، بىراق ئۇ،- دېدى ئۇ،- شەھەر ئىچىدە ھەرە باققىلى بولمايدۇ .

قاراڭا، تۇرخۇنلاردىن چىققان ئىس-تۈتەكلەردىن ئادەملەر تەستە ياشاۋاتسا، ھەرە قانداق ياشىسۇن؟ ئۇنىڭدىن باشقا، ھەرە ياشىغان يېرىگە قاراپ ھوسۇل بېرىدۇ. شەھەر ئىچىدە ھەرە باققىلى بولسىمۇ ،ئۇ بال بەرمەيدۇ، قاراماي، كوكس مېيى بېرىدۇ، ئەپەندى...

زالدىكىلەر ئۇنلۇك ھالدا بۇ كىشىنىڭ دېگەنلىرىنى توغرا تېپىشتى. ئۇ كىشى دېدى:

- مېنىڭ يەنە بىر تەكلىپىم بار، ھەرە ئەمەس، توخۇ بېقىش كېرەك. توخۇ دەپ سەل قارىماڭلار ،بالىلىرىمىز توخۇچىلىقنى ئۆگەنسە...

مۇدىر ئۇ كىشىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

- ئەپەندى، ھېلىلا دېدىم، بىز ئۆزلۈكىمىزدىن مەكتەپتە بالىچىلىق، توخۇچىلىق، كالىچىلىق قىلالمايمىز. دەرس پروگراممىلىرىنى مائارىپ مىنىستىرلىقى تۈزىدۇ. بۇ يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ئەمەس ،باشلانغۇچ مەكتەپ، - دېدى.

ياسىنىۋالغان بىر خانىم ئورنىدىن تۇرۇپ:

- مېنىڭچە، مەزمۇندىن بەك يىراقلاپ كەتتۇقمىكىن. مەكتەپ-ئائىلە ھەمكارلىقىمىزنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، باشقا بىر تەكلىپ بېرىمەن. مەكتىپىمىزدىكى ياردەمگە مۇھتاج نامرات بالىلار ئۈچۈن نىمە ئويلاش كېرەك؟ بىر لاتارى ئۇيۇشتۇرامدۇق ياكى ئۆتكەن يىلدىكىدەك يەنە مەخسۇس تانسا كېچىلىكى ئۆتكۈزەمدۇق؟- دېدى.

ئۇزۇن تالاش-تارتىشتىن كېيىن، پەيتى بولغانلىقى ئۈچۈن مەخسۇس تانسا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈش لايىق تېپىلدى. ئاندىن زالدىكى ئاتا-ئانىلاردىن ياردەم پۇل يىغىشقا باشلىدى.

ئاتا-ئانىلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ بالىلىرىنىڭ دەرس ئەھۋاللىرىنى ئۇقۇشقىلى باشلىدى. بىزمۇ زالغا كىرىپ لىمون سۈيى، چاي، پرەنىكلەرنى تارقىتىشقا باشلىدۇق.

راستنى ئېيتقاندا، ئۇ كۈنى تازا تاماشا كۆردۇق. مەكتەپ-ئائىلە ھەمكارلىقى يىغىنلىرىنىڭ ھەممىسىگە قاتناشقان بولسام نېمىدىگەن ياخشى بولاتتى. سىلەرنىڭ مەكتەپتىمۇ مەكتەپ-ئائىلە ھەمكارلىقى يىغىنى بولسا، بىر ئامال تېپىپ ئۇنىڭدىكى گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلاپ باق.

بۇ يىغىنغا ئاپامىمۇ قاتناشقانىدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە:

- نېمىشقا پىكىر قىلمىدىڭ، ئاپا؟- دېدىم.

- ۋاي، ماڭا پىكىر قىلىشقا نەدىكى پۇرسەت بولسۇن؟ ئاغزىغا كەلگىنىنى دېيىشتى...- دېدى ئاپام.

- دەيدىغان سۆزۈڭ بارمىدى؟- دېدىم مەن.

- مېنىڭ ئاغزىم، تىلىم يوقمۇ؟ ئەلۋەتتە مەنمۇ ئۇلاردەك سۆزلىيەلەيمەن، مەنمۇ بىر-ئىككى ئېغىز پىكىر قىلالايتتىم... بىراق پۇرسەت بولمىدى.

مانا، سېنىڭكىدىنمۇ ئۇزۇن بىر خەت يازدىم.

مىنەگە ئېيتىپ قويارسەن، خېتىمگە تېخى جاۋاب يازمىدى.

مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەپ:

زەينەپ يالقىر
1699-يىلى 89-يانۋار، ئەنقەرە

ھازىرقى باللار كارامەت

زەينەپ:

خېتىڭنى ئوقۇغىنىمدا، مەكتىپىمىزدىكى مەكتەپ-ئائىلە ھەمكارلىقى يىغىنىمۇ كۆز ئالدىمغا خۇددى كىنودەك گەۋدىلەندى. مەكتىپىمىزدىكى بۇ يىغىنغا دادام زادى بارالمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ۋاقتى يوق. ئۇ زاۋۇتتىن ھەر ئاخشام ئۆيگە ھېرىپ-ئېچىپ كېلىدۇ. بەزى كۈنلىرى ئارتۇق ئىشلەپ ناھايىتى كەچ قايتىدۇ، يەكشەنبە كۈنلىرىلا ئۆيدە بولىدۇ. ئۆيىنىڭ پۈتۈن ئىشلىرى ئاپامنىڭ زىممىسىدە بولغانلىقتىن، ئۇمۇ يىغىنلارغا بارالمايدۇ.

ساڭا بىر خەۋەرنى ئېيتاي: بىزنىڭ «كارامەت» بىرىنچى بولدى.

نېمە دېمەكچى بولغىنىمنى چۈشىنەلمىگەن بولساڭ كېرەك. بىزنىڭ «كارامەت»نىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟ سىڭلىم پاتوش. ئۇ ئۆتكەن يەكشەنبە ئالتە «كارامەت» مۇسابىقىگە چۈشتى. راستىنى ئېيتقاندا ، «ئالتە كارامەت»نى بىر-بىرىگە سوقۇشتۇردى. مېنىڭچە بىزنىڭ كارامەت بىرىنچىلىكنى ئالدى.

مېنىڭ ئىككى تاغام بار. بىرىنىڭ ئىككى، يەنە بىرىنىڭ بىر «كارامىتى» بار. ئۇلار بىزنىڭكىگەمېھمان بولۇپ كەلگەنىدى. دادام بىلەن بىر زاۋۇتتا ئىشلەيدىغان ئىنژېنېر بىلەن قوشنىمىزمۇ بار ئىدى .
ئۇلارنىڭ بىردىن «كارامىتى» بولۇپ، ئۆيدە جەمئىي ئالتە «كارامەت» بولدى.

چوڭ تاغامنىڭ بىر مىجەزى بار، كىمنى كۆرسە بالىلىرىنى ماختاپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىككىلا بالىسى «كارامەت» ئىكەن. ئۇ ھەر قېتىم بىزنىڭكىگە كەلگىنىدە ئىككى «كارامىتى»نىڭ يېڭى-يېڭى ئارتۇقچىلىقلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ:
- ئۆتكەن كۈنى بىزنىڭ شاكىچىكىنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ ئەزبىرايى، كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ئىش، - دەپ باشلايدۇ ئۇ.
- ئۇ كەچتە ئىشتىن قايتىپ ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا، بالىسى يۈگۈرۈپ بېرىپ ساپما كەشلىرىنى ئەكېلىپ بېرىدىكەن ياكى شۇنىڭدەك بىر ئىشلارنى قىلىدىكەن. تاغامنىڭ ماختىغانسېرى ئاغزى ئېچىلىپلا كېتىدۇ:
- ئۇ ياشتىكى بالىنىڭ بۇنىڭغا قانداقمۇ ئەقلى يەتسۇن، ھەيران قالىمەن. ساپما كەشمىنى ئەكېلىپ بېرىدۇ دەيمەن... قاراڭ، بۇ ئەقىل-پاراسەتنى! كارامەت بىر بالا بولۇپ چىقتى.

چوڭ تاغام، ساپما كەش ئەكېلىپ بېرىدۇ، دەپ ھەيران قالغان بالىسىنىڭ قانچە ياشتا ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ پاتوشتىن بىر ياش چوڭ، يوغانلا بوپقالغان بالا...

بۈگۈن تاغام ھەر ۋاقىتتىكىدەك «كارامىتى»نى كۆككە كۆتۈرگىنىدە، ئىنژېنېرمۇ بوش كەلمىدى:

- ھازىرقى باللارنىڭ ھەممىسى شۇنداق... مېنىڭ قىزىم تېخى يەتتىگە توشماي تۇرۇپ فرانسۇزچىنى سۇدەك سۆزلەيدۇ.

- نېمە دېدىڭىز! كارامەت ئىكەن-ھە!

- شۇنداق، كارامەت! فرانسۇزچىنى سويۇۋېتىدۇ.

- مېنىڭ شاكىچىكىم، كۆز تەگمىسۇن، ئاكىسىدىنمۇ كارامەت. چوڭ ئوغلۇممۇ كارامەت دەڭلا ...

ھەر ئىككىسى بىر-بىرىنى بېسىپ چۈشىدۇ. بىر كۈنى ئىشتىن قايتىپ كەلسەم، باللارنىڭ ئانىسى: «ئوغلىمىز چوڭ بولۇپ قالدى، ئەمدى ئۇنى مەن باشقۇرالمايمەن، گېپىمنى ئاڭلىمايدۇ، ھازىر كوچىدا توپ ئويناۋاتىدۇ، چاقىرسام قۇلاق سالمىدى، ئۆزىڭىز چاقىرىپ كىرىڭ!» دېدى. كوچىغا ئىزدەپ چىقتىم، بالىنىڭ باش-كۆزى تەرگە چۆمۈپ كېتىپتۇ، چاقىرسام كەلمىدى. تۇتۇۋېلىپ ئۆيگە ئېلىپ كىرمەكچى بولسام، قېچىپ كەتتى. ئوغلۇمنى شۇنچە تىرىشىپ ياخشى تەربىيىلىگەنىدىم، قانداقسىگە بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغاندۇ؟ ئۆزى مۇشتۇمدەك ،لېكىن شۇنداق يۈگۈرىدۇكى ،ئەيھانناس، كارامەت...

بۇ چاغدا قوشنىمىز: «مېنىڭ قىزىممۇ شۇنداق، كۆز تەگمىسۇن، بىر كارامەت» دەپ ئەمدىلا گەپ باشلىشىغا، چوڭ تاغام پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي: «گېپىڭىزنى بۆلۈۋەتتىم» دېگىنىچە «كارامىتى»نى ماختاشنى داۋاملاشتۇردى:

- كېيىنچۇ... مەن قوغلىدىم، ئۇ قاچتى، زادىلا تۇتالمىدىم. ئاخىر كەينىدىن: «ماڭ، ئۆيگە كىر ،بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن!» دەپ ۋارقىرىدىم. ئەلپازىمدىن قورقۇپ كەينىگە ياندى. لېكىن ،نېمە دەيدۇ دېمەمسىز؟ «مەن بىلەن كارىڭ نېمە، سەن مېنىڭ ئاپاممىدىڭ؟» دېمەسىمۇ! قاراڭ ئۇنىڭ ئەقىل-پاراستىنى! نېمىدېگەن كىچىك مەنتىقە! بۇنداق گەپنى چوڭ ئادەممۇ ئويلاپ تاپالمايدۇ... چوڭ تاغام گەپ قىلغاچ ئوغلىغا قاراپ شۇنداق زوقلىنىپ كۈلەتتىكى، يېنىدىكىلەرمۇ كۆڭلىگەيارىشا كۈلۈپ قويۇشتى.

- كۆز تەگمىسۇن، سىزنىڭمۇ ناھايىتى ئەقىللىق ئىكەن!- دەپ قويدى ئىنژېنېر ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا.

- شۇنداق...- دېدى تاغام،- بىزنىڭ ئۆيدىكى ئىش تەقسىماتىنىمۇ بىلىدۇ ئۇ يوغانباش...

ئۇ مېنىڭ جىيەنىم بولىدۇ. مەندىن بىر يېرىم ياش كىچىك. ئۇنىڭ بەك ياخشى كۆرىمەن. بىراق ،ئۇنىڭ قىلغىنى پۈتۈنلەي تەربىيىسىزلىك.

بايا گېپى ئۈزۈلۈپ قالغان قوشنىمىز:

- مېنىڭ قىزىممۇ ھازىردىن باشلاپ رەسسام بولدى،- دېدى،- ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرىنى كۆرسىڭىز ھەيران قالىسىز. كۆرگەنلەر توۋا دەپ ياقىسىنى چىشلەشتى. ئەزبىرايى كارامەت...

- كۆز تېگىپ كېتەمدىكىن دەپ قورقىمەن، - دەپ قوشۇمچە قىلدى ئاپىسى.

كىچىك تاغاممۇ:

- ھازىرقى زامان بالىلىرىنىڭ ھەممىسى، نېمە قىسمەتتۇ، بىر مۆجىزە بولۇپ چىقىۋاتىدۇ!- دەپ سۆز باشلاپ، ئۆز ئوغلىنىڭ ناخشىنى ناھايىتى ياخشى ئېيتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ كەتتى.

داداممۇ ئۇلاردىن قالمايدۇ-دە.

- بىزنىڭ پاتوشمۇ بالېتچى بولغۇسى،- دېدى ئۇ،- ھازىردىن باشلاپلا شۇنداق ئوينايدۇكى ،ئەقلىڭىز ھەيران قالىدۇ.

- مەن قىزىمنى ئۇسسۇلچى قىلمايمەن!- دېدى ئاپام.

- سەن چۈشەنمەيسەن، خانىم،- دېدى دادام،- ئۇسسۇلچى باشقا، بالېتچى باشقا... بىزنىڭ قىزىمىز بالېتچى بولىدۇ...

- قانداقلا بولمىسۇن، كىشلەرنىڭ ئالدىدا يالىڭاچلىنىڭ ئوينايدىغاندۇ؟ بۇنداق بولۇشنى خالىمايمەن!

بۇ سۆزلەر ماڭا قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى بىلەمسەن؟ خۇددى بىرەيلەن چىقىپ: «بالام تېخى ئەمدى يىگىرمە ياشقا كىردى. ئۆتكەن كۈنى ئانىسىنى ئېمىۋېتىپ، بىردىنلا قاتتىق ئاۋاز بىلەن، دادا مېنى ئۆيلەپ قويۇڭا، دېمەسمۇ! داڭقېتىپ قالدىم. شۇ ياشتىكى بالىمۇ گەپ قىلغىنىغا ھەيرانمەن. >ھازىرقى بالىلار كارامەت<» دەيدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى.

بىر كۈنى، قوشنا ئاياللاردىن بىرى ئاپامغا بالىسىنىڭ بىر يېرىم ياشتا ئايىغى چىققانلىقىنى ،بۇنىڭغا ناھايىتى ھەيران قالغانلىقىنى ئېيتقانىدى ،ئەچىمدە: «بالىلارنىڭ بىر يېرىم ياشتا ئايىغى چىقماي نېمە بوپتۇ. يا بولمىسا ماڭماي ئۇچاتتىمۇ؟» دېدىم.

كىچىك بالا نېمىلا قىلسا «كارامەت» بولارمىش، ھەتتا گەپ قىلسىمۇ «كارامەت» بولارمىش... بالادېگەن گەپ قىلماي ھاۋشىماقچىمىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۆيىنىڭ ئەچى «كارامەت» بالىلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭىدىن روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا ئايلاندى.

ئىنژېنېرنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇيدىغان تارىق ئىسىملىك بىر بالىسى بار ئىدى. دادىسى:

- تارىقمۇ كىچىكىدە بىر كارامەت بالا ئىدى. لېكىن، قانداقتۇر كېيىنچە كارامىتى بىر ئاز پەسىيىپ قالدى،- دېدى.

- قانداق كارامەتلىرى بار ؟- دەپ سورىدى كىچىك تاغام.

ئۇ دەپ بېرىۋاتقاندا، مەن بالىغا سىنچىلاپ قارىدىم. چوپچوڭ بىر ئوغۇل بالا تاياق يەۋېرىپ گاللۇۋاڭ بولۇپ قاپتۇ.

ئاتا-ئانىلار ، «كارامەت»لەرنىڭ مۇسابىقىسى باشلانسىكەن دەپ تەقەززا بولۇشاتتى. چوڭ تاغام تاقەتسىزلىنىپ، بەش ياشلىق قىزىغا:

- قېنى، بىر ناخشا ئېيتىپ بەرگىنە، چوڭ داداڭ، چوڭ ئاپىلىرىڭ ئاڭلاپ باقسۇن،- دېدى.

قىز ئوڭ-سولغا تولغىنىپ:

- ئى...- دېدى.
- ھە، قىزىم، چاپسان بول.
- ئېيتمايمەن!
- بىزنىڭ بالىلارنىڭ مۇزىكىغا تالانتى بار،- دېدى ئاپام،- ھەر ئىككىسى پىئاننو چالىدۇ. بۇ يەردە پىئاننو بولسىدى، ئوغلۇم سىلەرگە دۇمباق چېلىپ بېرەتتى.

تاغام دەرھال تۈزەتتى:

- دۇمباق ئەمەس، خانىم، مازۇركا...
- دۇمباقمۇ، مازۇركىمۇ، قانداقلا بولسۇن، ئۇلاردىن بىرىنى چېلىپ بېرەتتى. مېنىڭمۇ بۇرۇن موزىكىغا ھەۋىسىم بار ئىدى، ئوغلىمىز مېنى تارتىپتۇ.

ئۇلار كىچىك قىزنى يەنە ياخشا ئېيتىپ بېرىشكە قىستاشتى.

- ئېيتمىساڭ، بۇنىڭدىن كېيىن چىرايلىق كىيىملىرىڭنى كىيگۈزمەيمەن.
- كىيگۈزمىسەڭ كىيگۈزمە!

قىز زورلىغانسېرى تېخىمۇ نازلىناتتى. تاغام:

- ناخشا ئېيتىپ بەرسەڭ شاكىلات بېرىمەن،- دېۋىدى، قىزى:
- قايسى ناخشىنى ئېيتاي ؟- دەپ سورىدى.
- «ماشىنىغا تاش قويىدۇم»نى ئېيت.

تاغام قەھۋە پەتنۇسنى داپ قىلىپ چېلىپ بەردى، چوڭ ئاپام چاۋاك چېلىپ تەڭكەش قىلدى. قىز چىرقىراق ئاۋاز بىلەن ئېيتىشقا باشلىدى. قىزنىڭ ئاۋازى پەسىيىپ قالسا، چوڭ ئاپام قوشۇلۇپ ئېيتىشاتتى. چوڭ ئاپامنىڭ ئاۋازى قىزنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتكەندى.

«بەگ ئوغلىنىڭ قىزلىرى، ئىمانىم،
قاش ئېتىپ كۆز قىسىدۇ، ئىمانىم.»

ناخشا ئاياغلاشقاندا، جىيەنىم ئالقىشلاندى. چوڭ ئاپام ئىنژېنېرنىڭ خوتۇنىغا:

- سوغۇق تېگىپ قاپتىكەن، بۈگۈن ئاۋازى تازا ياخشى ئەمەس، - دېدى.
- ياق، خېنىم، ناھايىتى ياخشى ئېيتتى، كۆز تەگمىسۇن!

بۇ چاغدا كىچىك تاغامنىڭ ئوغلىغا:

- قېنى، سەنمۇ بىر شېئىر ئوقۇپ بەرگىنە، ئاڭلاپ باقايلى، - دېدى.

ئوغۇل تامنىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالدى.

- ئوقۇغىنا، ئوغلۇم، قېنى تېز بول...

ھەدەپ زورلاۋېرىپ، ئاخىر كىچىك تاغامنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى.

- ئوقۇساڭچۇ، ھارامزادە!- دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

جىيەنىم يىغلاشقا باشلىدى. بىچارىنىڭ شۆلگىيى ماڭقىسىغا، ماڭقىسى كۆز يېشىغا قېتىلدى. ئۇ يىغلاپ ئېسەدىگەن ھالدا شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدى .راستىنى ئېيتقاندا، كىچىك تاغام، كىچىك ئاپام ،جىيەنىم ئۈچى بىرلىكتە ئوقۇشتى.

جىيەنىم شېئىردىكى بىرەر سۆزنى ئېسىگە ئالالماي تۇرۇپ قالغاندا، كىچىك تاغام بىلەن كىچىك ئاپام كەينى-كەينىدىن دەپ بېرەتتى:

جىيەنىم: مۈشۈكۈم... مۈشۈكۈم... مۈشۈكۈم...

تاغام: ھە... ئاندىن، ئوغلۇم؟

كىچىك ئاپام: بۈگۈن نېمە بولدۇڭ، ئوغلۇم؟ بۇ بالام بەك تارتىنچاق.

جېيەنىم: مۇشۇكۇم... مۇشۇكۇم... مۇشۇكۇم.

- قانچە مۇشۇكۇڭ بار؟- دېدى تاغام تېرىكىپ.

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

كىچىك ئاپام: بالىنى قورقۇتماڭ! ۋارقىراپ-جارقىراپ بالىنى گاڭگىرىتىۋەتتىڭىز!

جېيەنىم: مۇشۇكۇم...

تاغام: يەنە...

جېيەنىم: يەنە سۈت ئېمدۇ... سۈت ئېمدۇ... سۈت ئېمدۇ...

كىچىك ئاپام: مىياۋ...

جېيەنىم: مىياۋ...

تاغام: دەيدۇ...

جېيەنىم: دەيدۇ...

كىچىك ئاپام: يەنە...

جىيەنىم: يەنە نېمە دەيدۇ... نېمە دەيدۇ...

تاغام: ئالا مۇشۇكۇم... ناننى يۇتالمايدۇ... چاشقان... چاشقان... چاشقان...

تاغام: چاشقاندىن كېيىن ؟

جىيەنىم: چاشقان تۇتالمايدۇ.

كىچىك ئاپام: ئاپىرىن!

جىيەنىم: ھەي يارىماس، ئالا مۇشۇكۇم...

جىيەنىممۇ قۇتۇلدى، بىزمۇ ھەم... كىچىك تاغام رازى بولمىغانلىقى ئۈچۈن جىيەنىمگە:

- ئېشەك!- دەپ ۋارقىرىدى.
- بالا كۆپچىلىكتىن يېتىرقىدى، - دېدى كىچىك ئاپام.
- ھەئە، كۆپچىلىكتىن تارتىندى شاكىچىك، - دېدى ئىنىژېنېرنىڭ خوتۇنى.

بىز ئۈنى ئالقىشلاۋاتقىنىمىزدا، جىيەنىم يېڭىنىڭ ئۈچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەن ھالدا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

قوشنىمىز كارامەت رەسسام بولغان قىزنىغا دېدى:

- رەسىملىرىڭنى ئەپكەلدىڭمۇ؟ ئەپكەلگەن بولساڭ تاغىلىرىڭغا كۆرسەت.

قىز بېشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ: «ئى...» دەپ قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇ چاغدا ئاپىسى يەنە:

- بۇ يەردە بوياق بولغان بولسا ھازىرلا سىزاتتى، - دېگەندى، دادام ماڭا:
- بوياقلىرىڭنى ئېلىپ بەر، ئوغلۇم!- دېدى.

ئىنتايىن ئىچىم پۇشتى، بىراق بەرمىسەم بولمايتتى. دادام يىل بېشىدا ئېلىپ بەرگەن بوياقلارنى بەردىم. بالا ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ ئالدىدىكى قەغەزنى بوياشقا باشلىدى. زېرىككىنىمدىن قارىماسلىق

ئۇچۇن يېڭىدىن نېرى كەتتىم .«كارامەت»لەرىنىڭ بىرى رەسىمنى سىزغۇچە، ئىنژېنېر فرانسۇزچىنى سۇدەك سۆزلەيدىغان قىزىنى چاقىردى. ئۇ قىزىغا فرانسۇزچە بىر نېمە دېگەندى، قىز: «ۋىي» دېدى ، دادىسى دەۋەرگەنسېرى، قىزمۇ «ۋىي» دەۋەردى. دادىسى:

- ياق ...«ۋىي» ئەمەستۇ ؟- دېۋىدى، قىز:
- «نو»مۇ ؟ «نو» دەرسگە كەلدۇقمۇ ؟- دېدى.
- «نو» دېمەمسەن، ئەمدى نۆۋەت «نو»غا كەلدى.

ئاندىن قىز دادىسى نېمە دېسە ، «نو» دېيىشكە باشلىدى. پۈتۈن دىققىتىم بىلەن ئىنژېنېرنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئېسىمدە تۇتۇشقا تىرىشاتتىم، چۈنكى بۇ ۋەقەنى ساڭا يازماقچىدىم. بىراق ئۇنىڭ دېگەنلىرىدىن ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى چۈشەندىم. بۇ گەپلەرنى بۇرۇن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بىر ئاكىمىزدىن ئاڭلىۋالغانىدىم.

ئىنژېنېر:

- «فېرمې لاپورت»- دېگەندى، بۇ سۆزنى ئاڭلىغان قىز:
- «ۋىي»، - دېگىنىچە بېرىپ ئاپىسنى سۆيۈپ قويدى.
- «فېرمې لاپورت» دېگەندە ئاپىسنى سۆيمەيدۇ،- دېدى دادىسى،- «بېزى لامېر» دېگەندە ئاپاڭنى سۆيسەن.
- بالىنى قورقۇتۇۋاتىسىز، - دېدى ئاپىسى.
- «فېرمې لاپورت» دېگەندە نېمە قىلاتتىم ؟- دەپ سورىدى قىز.
- دېرىزىنى ئاچسەن، - دېدى ئاپىسى.

ئىنژېنېر خوتۇنىنىڭ خاتاسىنى تۈزەتتى:

- سەن جىم تۇر... سېنىڭ دېگىنىڭ «ئوۋرې لافونېر»، «فېرمې لاپورت» «ئىشىكنى ياپ» دېگەنلىك بولىدۇ.
- ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، - دېدى ئايال، - بىزگە مەكتەپتە شۇنداق ئۆگەتكەن.

ئىنژېنېر بىلەن خوتۇنى «ئىشىكنى ياپ»، «دېرىزىنى ئاچ» دەپ تالاش-تارتىش قىلغىلى تۇردى .
ئاخىرىدا ئايال:

- فرانسۇزچىنى يالغۇز سىزلا ئوقۇغانمۇ؟ مەنمۇ مەكتەپتە ئۆگەنگەن. كىمدىن سورىسىڭىز سوراڭ ، «فېرمې لاپورت» «دېرىزىنى ئاچ» دېگەن بولىدۇ،- دېدى.- مەن فرانسۇزچىنى يالغۇز مەكتەپتىلا ئۆگەنگەن ئەمەس، فرانسىيەدىمۇ ئۆگەنگەن...

- ۋايىەي، ئىككىمىز بىللە ئىدۇققۇ... ھەتتا بىر ماگىزىندا پىرىكازچىك قىزدىن ماڭا باغىرداق ئالماقچى بولۇپ، نېمە دەيدىغاننى بىلەلمەي ئىشارەت بىلەن ئۇقتۇرغانىدىڭىز، قىزمۇ خىفاتا ئۇقۇپ ،ماڭا باغىرداق ئورنىغا، سىزگە ئوۋچىلارنىڭ سومكىسىنى ئېلىپ كۆرسەتكەن...

ئىنژېنېر قاپاقلىرىنى تۈرۈپ:

- خانىم، خانىم!- دېدى،- سەن فرانسىيە بىلەن گېرمانىيىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇۋاتىسەن. سەن دېگەن ئۇ ئىش گېرمانىيىدە بولغان. مەن فرانسۇزچە سۆزلىسەم، فرانسۇزلارنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالىدۇ...

ئەر-خوتۇن ئارىسىدىكى تالاش-تارتىشنى توختىتىش ئۈچۈن، قوشنىمىز ئۇستەلدە رەسىم سىزىۋاتقان كىچىك قىزدىن:

- سىزىپ بولغۇڭمۇ، قىزىم ؟- دەپ سورىدى.

- سىزدىم، - دېدى قىز.

ئاپىسى بىردىن پەرياد كۆتۈردى:

- مانا، تازا سىزىپتۇ. ۋاي خۇدايىمەي، بۇ كىيىملىرىنى يېڭى كىيگۈزگەنىدىم، رەسۋا قىلىپتۇ...

«كارامەت» رەسسام بوياققا مىلىنىپ، سېرىك ئويۇندىكى قىزىقچىنىڭ ئېينى ئۆزى بوپقالغانىدى.

ئىنژېنېر رەسىمگە قاراپ:

- كۆز تەگمىسۇن، بەك چىرايلىق سىزىپسەن، قىزىم، - دېدى.

«كارامەت» بالىلارنى ھەممىدىن كۆپ ماختايدىغان دادام ئىدى. نۆۋەت بىزنىڭ پاتوشقا كەلگەنىدى. دادام، باشقىلارنىڭ پاتوشنىمۇ ماختىسۇن دەپ، ھەدەپ ئۇنى ماختاشقا باشلىدى.

- مېنىڭ قىزىم بالېتچى بولغۇسى، - دېدى دادام، - قېنى قىزىم، بىر ئويناپ بەرگىنە، بۇ تاغىلىرىڭ كۆرۈپ باقسۇن.

پاتوش بۇلۇڭغا قىسىلىپ قىمىرلىماي تۇرۇۋالدى.

- قېنى، ئاپئاق قىزىم...

بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي تۇرغان پاتوشنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن، دادام ئۆزى چاۋاك چېلىپ ئاھاڭنى باشلاپ بەردى. كەينىدىن ئىنژېنېر ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ چاۋاك چېلىشىپ بەردى.

- قېنى باشلا، قىزىم، - دېيىشەتتى ئۇلار.

ئاپام گۇناھكاردەك دۈگدىيىپ تۇرغان پاتوشنىڭ يېنىغا بارغاندا، قىزنىڭ نېمە ئۈچۈن قىمىرلىماي تۇرۇۋالغانلىقى مەلۇم بولدى.

- ۋاي...- دەپ ۋارقىرىدى ئاپام، - ئۇ قىلىدىغىنىنى قىلىپ بوپتۇ!

ئاپام پاتوشنى يۇيۇپ تازىلاش ئۈچۈن كۆتۈرۈپ سىرتقا ئاچىقىپ كەتتى.

- ھېچقاچان بۇنداق قىلىپ باقمىغانىدى، بۈگۈن قانداقچە بۇنداق قىلىپ قالدىكىنە...- دېدى دادام.

- كىچىك بالىدە، ئەپەندى، ھەممە بالىلار شۇنداق، - دەپ كۆڭلىنى ياساپ قويدى ئىنژېنېرنىڭ خوتۇنى.

بىزنىڭ «كارامەت»لەر مۇسابىقىمىز مانا شۇنداق ئاياغلاشتى. مەندىن سورىساڭ، «كارامەت»لەر مۇسابىقىسىدە سىڭلىم پاتوش بىرىنچىلىكنى ئالغان بولاتتى.

مېھمانلار كەتكەندە، دادامغا:

- بىر كىتابتا ئوقۇپ، بۇ سۆزلەرنى دەپتىرىمگە يېزىۋالغانىدىم. دادا، قاراڭا، نېمدېگەن توغرا دېيىلگەن، شۇنداقمۇ؟- دېدىم-دە، بىر كىتابتىن دەپتىرىمگە كۆچۈرۈۋالغان مۇنۇ قۇرلارنى ئوقۇدۇم: «ئېشەكنىڭ گەپ قىلىشى، ئادەمنىڭ يۇك كۆتۈرۈشى نورمال ئىش ئەمەس. لېكىن بەزى ئادەملەر ئېشەكنىڭ گەپ قىلىشىغا ئىنتايىن ھەيران قالىدۇ. ئۇنداقتا، توغرىسى، ئىشەكنىڭ يۈك كۆتۈرۈشى ،ئادەمنىڭ بولسا گەپ قىلىشىدۇر.»

- بۇنىڭ مەنىسى نېمە؟- دېدى دادام.

- يەنى بالىنىڭ بالا بولغىنى نورمال ئىش، چوڭ بولۇۋالغىنى نورمالسىزلىق، - دېدىم مەن.

- قۇرۇق گەپ قىلما!- دېدى دادام.

بىزنىڭ «كارامەت»لەر مۇسابىقىمىزنىڭ قىزىقلىقىمۇ سىلەرنىڭ مەكتەپ-ئائىلە ھەمكارلىقى يىغىنىڭلاردىنمۇ كەم بولمىدى.

خەۋەرلىرىڭنى كۈتۈپ، ساڭا خەيرلىك كۈنلەر تىلەيمەن، ساۋاقدىشىڭ:

ئەخمەت
تارباي 1699-يىلى 11-يانۋار،
ئىستانبۇل

جېنىم، ئومىقىم

ئەخمەت:

11-يانۋاردىكى خېتىڭگە كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن. خېتىڭ فېۋرال تەتىلىنىڭ بىرىنچى كۈنى تەگكەنىدى، ئوقۇپ شۇنداق كۈلۈپ كەتتىمكى، كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى.

بىزنىڭ ئۆيدە بۇرۇن ھەددەمنى كارامەت بالا بولىدۇ، دەپ قارايدىكەن، كېيىن «كارامەت»لىكنىڭ ھەددەمدىن ناھايىتى يىراقلىقنى كۆرۈپ، بىزنىڭ ئائىلىدە كارامەت بالا چىقىش ئۈمىدى قالماپتۇ. شۇ سەۋەبتىن مەندىن ۋە مەتىندىن بۇنداق ئۈمىد كۈتمەپتۇ.

ھەددەم كارامەت بالا دەپ قارالغان كۈنلەر ئېسىمدە بار. مەن ئۇ چاغدا تېخى مەكتەپكە كىرمىگەنىدىم. دادام كەچقۇرۇن ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا فرانسۇزچە ئۆگىتىشكە ھەپىلىشەتتى. لېكىن، ھەددەم بىر فرانسۇزچە شېئىرنى بىر نەچچە ھەپتىگىچە يادلىيالمىغانىدى. مەن ئۇلارنىڭ يېنىدا ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ ئۇ شېئىرنى ئۆزلۈكۈمدىن يادلىۋالغانىدىم. ئاردىن بىر نەچچە يىللار ئۆتتى، شېئىر ھازىرغىچە يادىمدا.

ھەدەمنىڭ نېمىشقا يادلىيالمىغىنىنى بىلمەيمەن، لېكىن ئاڭلاۋېرىپ مېنىڭ يادىمدا قاپتۇ. دادام ھەدەمگە بۇ فرانسۇزچە شېئىرنى يادلىتىش ئۈچۈن شۇنچە كۆپ تەكرارلاتتىكى، يالغۇز مەنلا ئەمەس ،ئاپامۇ، ھەتتا خىزمەتچىمىزمۇ يادلىۋالغاندى. ھەدەم بۇ شېئىرنى گويا خەنزۇچە گەپ قىلىۋاتقاندەك ،چاچى-پاچى بىر ئاۋاز بىلەن ئوقۇيتتى.

بىر كۈنى، دادامنىڭ ياۋروپادا ئوقۇغان بىر پېداگوگ دوستى شۇنداق دەپتۇ: «چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش باشقىچە بىر قابىلىيەت. ھەرگىز بالاڭنى فرانسۇزچە ئۆگىتىمەن دەپ كەچكىچە زورلاۋەرمە .مەن پارىژدىكى ۋاقتىمدا، بىر نەچچە يىل ئۇ يەردە تۇرۇپمۇ فرانسۇز تىلىنى ئۆگىنەلمىگەنلەرنى كۆردۇم ،ئۇلار ھەر كۈنى بېرىپ ئەتىدىن كەچكىچە ئولتۇرىدىغان قەھۋەخانىلاردا كۈتكۈچىلەرگە تۇركچە ئۆگىتەتتى. بەزى كىشىلەرنىڭ چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش قابىلىيىتى يوق، لېكىن چەت ئەللىكلەرگە ئۆز تىلىنى ئۆگىتىش قابىلىيىتى بار. بەلكىم سېنىڭ قىزىڭمۇ شۇنداقتۇ... ھەر بالىدا بىر قابىلىيەت بولىدۇ .لېكىن، بۇ بالىنىڭ روھىدىكى مەخپىي ئۇرۇق بولۇپ، بۇ ئۇرۇقنى تېپىپ چىقىپ بىخلاندۇرۇش كېرەك ،يەنى بالىنىڭ قابىلىيىتىنى مەيدانغا چىقىرىش كېرەك.»

دادام دوستىنىڭ بۇ سۆزلىرى بىلەن ھەدەمنىڭ روھىدا مەخپىي قابىلىيەت ئۇرۇقىنى بىخلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئىسكرىپكا ئۆگىتىشكە باشلىدى. لېكىن، ھەدەمنىڭ روھىدىكى مەخپىي قابىلىيەت ئۇرۇقى ئىسكرىپكا ئاۋازى بىلەنمۇ بىخلانمىدى. ئۆيدە ئىسكرىپكا ئۆگەتكەن ئايال: «خۇدا ساقلىسۇن، بۇ بالىدا شۇنداق بىر ئاۋاز باركى، مېنىڭ قۇلىقىمنىمۇ پاك قىلىۋەتتى. ئۇنىڭغا دەرس بېرىشكە باشلىغىنىمدىن بېرى ،‹دو›نى ‹سى›دىن، ئىشىكنىڭ غىچىرلىشىنى ئىسكرىپكا ئاۋازىدىن پەرقلەندۈرەلمەيدىغان بولدۇم.» دەپتۇ.

ھەقىقەتەن ھەدەم شۇنداق. ئاشخانىدا بىر ئىستاكان سۇنسا، ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقى چېلىنىدى ،دەپ ئېچىشقا يۈگۈرىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا، ئوقۇتقۇچىسى ھەدەمگە: «ۋاي قىزىم، ساۋاقداشلىرىڭىز مارش ئېيتىۋاتقاندا، سىز جىم تۇرۇڭ، بولمىسا پۈتۈن ساۋاقداشلىرىڭىزنى ئازدۇرۇۋېتىدىكەنسىز» دەپتىكەن.

كېيىن ئۇنىڭغا رەسىم ئۆگىتىشكە باشلىدى، ئۇمۇ بولمىدى؛ بالېت كۇرسىغا ئەۋەتتى. بالېت كۇرسىنىڭ ھەدەمگە ناھايىتى چوڭ پايدىسى بولدى. چۈنكى، ھەدەم ئۆينىڭ ئىچىدە ئۈياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرگىنىدە، ئۇ يەر-بۇ يەرلەرگە ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ، يىقىلىپ-قوپۇپ يۈرەتتى، گويا ئېغىر يۈك كۆتۈرۈۋالغاندەك، قول-ئاياقلىرىنى ئۈستەل-ئورۇندۇقلارغا ئۇرۇۋالاتتى. بالېت كۇرسىغا بارغاندىن كېيىن بۇرۇنقىدەك ئۇرۇلمايدىغان بولدى.

ئاپام بىلەن دادام ھەدەمنىڭ روھىدا مەخپىي قابىلىيەت ئۇرۇقىنى بىخلىتىش ئۈچۈن شۇنداق كۆپ ھەپىلەشتىكى، ئاخىرى چارچاپ: «قابىلىيىتى كېيىنچە چىقىپ قالار، ئەڭ ياخشىسى، ھازىرچە مەكتەپتە ئوقۇپ تۇرسۇن ...» دېيىشتى.

ھەدەم تەرتىپلىك ھالدا يىلدا بىر سىنىپتىن كۆچۈپ كېلىۋېتىپ، تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا بۇ تەرتىپنى بۇزۇپ، ئىككى يىل كەينى-كەينىدىن سىنىپتا قالغاندىن كېيىن گۇۋاھنامە ئېلىپ مەكتەپتىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ چاغدا ئاپام: «دېمەك، بۇ قىزنىڭ ئۆي ئايالى بولۇش قابىلىيىتى بار ئىكەن ...» دېدى.

چۈنكى، سىناق قىلمىغان بىر ئۆي ئاياللىقلا قالغانىدى. لېكىن، بۇ سىناقمۇ ئانچە ئۇزۇنغا بارمىدى. ئاپام ھەدەمنىڭ ئاشخانىغا كىرىشىنى قەتئىي مەنئى قىلدى، چۈنكى ھەدەم بەش مىنۇت ئاشخانىدا بولۇپ، ھېچ نەرسىگە قول تەگكۈزمەي ئۆرە تۇرسىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم ئاشخانىدا ئىزدىگەن نەرسىنى جايىدىن تاپالمايتتى. يوغانلا بىر قازانمۇ يوقاپ كېتىپ، بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئويلىمىغان بىر يەردىن چىقاتتى.

ھەدەمنى بىر مۇتەخەسسىسكە كۆرسىتىپتىكەن، مۇتەخەسسىس: «ئەپسۇس، بالىنىڭ روھىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى تاپىمىز دەپ بۇزۇپ قويۇپسىلەر. شۇڭا، بالىنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىڭلار» دەپتۇ.

مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھەدەمنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەدەم بىر ئاز ئەسلىگە كەلدى.

لېكىن، كەلگۈلۈك مەتىن بىلەن ماڭا كەلدى. ئاپام بىلەن دادام ھەدەمنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى تېپىش ئۈچۈن ھەپىلىشىشتىن شۇنچىلىك چارچىغان ۋە ئۈمىدسىزلىككە چۈشكەن بولۇپ، بىز بىلەن ھەپىلىشىشكە ماغدۇرى قالمىغانىدى. ھالبۇكى، ھەدەمگە كۆرسەتكەن غەمخورلۇقنى ماڭا ئەمەس ،مەتىنگە كۆرسەتكەن بولسا، مەتىن ھەقىقەتەن قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرالايتتى. چۈنكى، مەتىننىڭ ماشىنىلارغا زور ھەۋىسى بار ئىدى. بۇ ھەۋەسنى بىلەن ئۇ ئۆيدىكى رادىئونى، كىرئالغۇنى، دادامنىڭ ساقال ماشىنىسىنى، قاينىغاندا چىرقىرايدىغان كورا قازاننى، ئۈنئالغۇنى، توك پاتنىفوننى، رەسىم تارتىش ئاپپاراتىنى ،تىكىش ماشىنىسىنى، سائەتلەرنى، گاز

ئوچاقنى ۋە باشقىلارنى بۇزۇپ بولغانىدى. ئۇ تام سائىتىنىڭ ئىچىدىن بىر چاقنى چىقىرىپ، قايىنىغاندا چىرقىرايدىغان قازانغا، تىكىش ماشىنىسىنىڭ بىر ۋېنتىسىنى رادىئوغا ئالماشتۇرۇشقا ناھايىتى قىزىقاتتى. ئىنىمنىڭ بۇ قابىلىيىتىنى دادام
«قابىلىيەتسىزلىك» دەيدۇ. لېكىن، مەتىن بۇلارنى بىر ماشىنا ئىجاد قىلىش ئۈچۈن قىلاتتى.

دادامنىڭ ساۋاقدىشى بولغان بىر قوشنىمىزنىڭمۇ نۇرتەن ئىسىملىك بىر «كارامەت» بالىسى بار .بۇ كىچىك قىزنىڭ كارامەت ئىكەنلىكىدىن ھېچ شۈبھە يوق. چۈنكى، نۇرتەن بىزنىڭ پۈتۈن بىر ئائىلىنىڭ بىر ۋاقلىق تامىقىدىنمۇ كۆپ تاماق يەيدۇ. كەينىدىن ئاپىسى: «بالامنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ قالدى» دەپ، قىزىغا ئىشتىھا ئاچىدىغان دورىلار، ۋىتامىنلار، بېلىق مېيى قاتارلىقلارنى بېرىدۇ.

ئۇ لىغىرلاپ تۇرىدىغان بىر قىز بولۇپ، سېمىزلىكىدىن ئاران ماڭىدۇ، پاقالچاقلىرى يوتامدەك بار ، دادىسىمۇ پۈۋلەپ قويغاندەك سېمىز ئادەم.

نۇرتەننىڭ ئاپىسى بىلەن دادىسى كېچىسى بىر يەرگە بارماقچى بولسا، ئۇنى بىزنىڭكىگە قويۇپ قوياتتى. بىزنىڭ ئاپىمىز بىلەن دادىمىزمۇ كىنوغا بارغان چاغلىرىدا مەتىننى ئۆيدە يالغۇز تاشلىغۇسى كەلمەيتتى. چۈنكى، مەتىن يا رادىئونى كوچىلايتتى، ياكى ساق توڭلاتقۇنى ياسايمەن دەپ بۇزاتتى .شۇنىڭ ئۈچۈن، دادام بىلەن ئاپام ھەدەممۇ ئېلىپ كىنوغا بارسا، مەتىن بىلەن مەن نۇرتەنلەرنىڭكىدە قالاتتۇق.

ئۆتكەن بىر كېچە يەنە ئۇلارنىڭ ئۆيىدە قالغانىدۇق. بىز باللار بىر ھۇجرىدا ئىدۇق. مەتىن بىلەن نۇرتەنگە كىتابتىن چۆچەك ئوقۇپ بېرىۋاتاتتىم. نۇرتەن سۇ ئىچكىلى سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى ، قايتىپ كىرىپ:
- باللار، باللار، ئاپام بىلەن دادام ئۇرۇشۇۋاتىدۇ. كېلىڭلار، تاماشىسىنى كۆرىمىز، - دېدى.
- ئۇرۇشقىنىنى نەدىن ئاڭلىدىڭ ؟
- سۇ ئىچكىلى چىققانىدىم، زالدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام، ئاپام مېنى كۆرۈپ دادامنى: «جېنىم ،شېكىرىم ...» دېيىشكە باشلىدى. دادامۇ ئۇنى: «ئامرىقىم، يالغۇزۇم» دېدى. ئۇلار قاچانلىكى ئۇرۇشۇپ قالغاندا، تۇيۇقسىز يېنىغا بارسام، تەربىيە بۇزۇلمىسۇن، دەپ، بىر-بىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىشىدۇ. يۈرۈڭلار، تاماشا كۆرەيلى...
- ئاپاملار بۇ چاغقىچە كىنودىن كەلگەندۇ، بىز ئەمدى ئۆيگە چىقايلى، - دېدىم مەن.

چىقىپ كېتىدىغانلىقىمىزنى دەپ قويۇش ئۈچۈن زالغا چىققىنىمىزدا، كۈلكىلىك بىر ئەھۋالنى ئۇچراتتۇق. بۇنداق ئىشنى كۆرىدىغانلىقىمىزنى بىلسەم، ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرمەيتتىم، ئەلۋەتتە. لېكىن

،كرىپ قويۇپ چىقالماي قالغانىدىم: يەردە بىر گۈل قاچىسى پارە-پارە بولۇپ ياتاتتى.نۇرتەنىنىڭ ئاپىسىنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن، دادىسىنىڭمۇ يۈزلىرى تاتىلانغانىدى.

دادىسى دەرھال:

- قەدىرلىكىم، گۈل قاچىسىنى ئېلىۋەت، - دېدى.

- نۇرتەن كەلدىمۇ؟- ئاپىسى بېشىنى بۇراپ، بىزنى كۆردى. ئاندىن قىزىغا، - مەن ساڭا ئىشىكنى چەكمەي تۇرۇپ كىرمە دېمىگەنمىدىم؟- دېدى. ئاندىن ئېرىدىن، - شېكىرىم، قەھۋە ئەپكىرەيمۇ؟- دەپ سورىدى.

- ئەپكىر، يالغۇزۇم، ئەپكىر، شېكىرىم... بەك تاتلىق بولۇپ كەتمىسۇن، ھاياتىم...- دېدى دادىسى.

خوتۇنىنىڭ ساپما كەشى ساپادا، ئېرىنىڭ يېنىدا تۇراتتى.

- زەينەب ھەدەملەر چىقىپ كېتىدىكەن، ئاپا...- دېدى نۇرتەن. بېشىنى تۇتۇۋالغان نۇرتەنىنىڭ دادىسى ئاغرىقتىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ:

- قانداقچە ئايىقىم تېيىلىپ كەتكىنىنى زادى بىلەلمىدىم...- دېدى.

ئۆيىمىزگە قايتىپ چىقتۇق. مەتىن يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. مەن ساڭا بۇ خەتنى يازدىم. مانا ھازىر دادامنىڭ يۆتەلگىنىنى ئاڭلىدىم. ئۇلار كىنودىن قايتىپ كېلىشتى.

يەنە خەت ئارقىلىق كۆرۈشەرمىز. خەير-خوش، ئەخمەت.

زەينەب يالقىر

1699-يىلى 1-فېۋرال، ئەنقەرە

مېھماننىڭ يېنىدا

قەدىرلىك ساۋاقدىشىم زەينەب:

قوشناڭلارنىڭكىدە ئۆتكەن ۋەقەنى بايان قىلغان خېتىڭنى ئوقۇغىنىمدا، ئۆچ ھۇجرىلىق كىچىك بىر ئۆيدە ئولتۇرغىنىمىزغا خۇش بولدۇم، چۈنكى ئۆيدە نېمە ئىشلار بولىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرىمىز ۋە كۆرۈپ تۇرىمىز. شۇڭا، بىزدە قوشناڭلارنىڭكىدەك كۆلكىلىك ئىشلار يۈز بەرمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئارىلاپ كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان ۋەقەلەر بولۇپ تۇرىدۇ. ئۆتكەن يەكشەنبە ئاشۇنداق زېرىكەرلىك بىر كۈن بولدى.

دادام ئۆزى ئىشلەيدىغان زاۋۇت خوجايىنىنىڭ يەكشەنبە كۈنى بىزنىڭ ئۆيگە چۈشلۈك تاماققا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. مەن بۇنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم، چۈنكى دادام باشلىقىغا ئىنتايىن ئۆچ ئىدى، پۇرسەت بولسىلا ئۇنى يامانلايتتى، باشلىقنىڭ گېپىنى قىلسا قىلسا، يۈز-كۆزى قىزىرىپ كېتەتتى .
ئۇ توغرۇلۇق شۇنداق سەت سۆزلەرنى قىلاتتىكى...

مەن ئاپامغا:

- ئۇ ئادەمنىڭ بىزنىڭكىدە نېمە ئىشى بار ئىكەن ؟- دەپ سورىدىم.
- ئۇ دېگەن چوڭ باشلىق تۇرسا، بۇ نېمە دېگىنىڭ ؟- دېدى ئاپام.
- بىراق، دادام ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئۆچ تۇرسا...
- ئۇ داداڭغا ئامراق.
- قانداقچە ؟
- داداڭ زاۋۇتتا ئۇيۇشما ۋەكىلى بولدى-دە...

دادامنىڭ بىر ئاينىڭ ئالدىدا ئۇيۇشما ۋەكىلى بولۇپ سايلانغانلىقىنى بىلەتتىم. دېمەك، باشلىق شۇ سەۋەبتىن بىزنىڭ ئۆيگە كېلىدىكەن-دە.

دادامدىن داۋاملىق يامانلىق تەرەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان باشلىقنى بىر كۆرگۈم بار ئىدى. ئۇنى دىۋىدەك يوغان، زالىم بىر مەخلۇق بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتىم.

باشلىق كېلىدىكەن، دەپ، بىزنىڭ ئۆيدە پەۋقۇلئاددە تەييارلىق باشلاندى. دادام بىر ئاخشام ئىشتىن قايتىپ كېلىپ، سارايىنىڭ تاملىرىنى ئاقلاۋېتىپمۇ يەنە باشلىقنى تىللىدى.

- باشلىق كېلىدىكەن دەپ، نېمە ئۈچۈن تاملارنى ئاقلايسىز، دادا؟- دەپ سورىدىم مەن.

- باشلىق كېلىدىكەن دەپ، دېدىڭمۇ؟- دېدى دادام چوتكىنى ئاچچىق بىلەن ھاك دېسىغا چىلاپ،- مەن ئۇنى كېلىدىكەن دەپ ئاقلاۋاتقىنىم يوق. تاملارنىڭ كىرلىشىپ كەتكىنىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

ئاپام قوشنىلاردىن ئىستاكان، تەخسە، داستىخان قاتارلىقلارنى ئاچىقتى. بىر كۈن ئاۋۋال ئاشخانىغا كىرىپ زىياپەت تاماقلىرىنى تەييارلاشقا باشلىدى.

ئۇ يەكشەنبە دادام ناھايىتى ئەتىگەن ئورنىدىن تۇردى. باشقا يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇ ئورنىدىن ۋاقىچە تۇراتتى.

- مېھمان شۇنچە ئەتىگەن كېلەمدۇ، دادا؟- سورىدىم مەن.

- مەن ئۇنى دەپ تۇراتتىممۇ، ئوغلۇم!- دېدى ئۇ.

ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن، دادام دېرىزە ئالدىدا ئولتۇرۇپ باشلىقنى كۈتۈشكە باشلىدى . تۇرۇپ-تۇرۇپلا زېرىكىش بىلەن ئۆي ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ:

- نېمانداق كەلمەيدۇ بۇ ئەبلەخ!- دەپ ۋارقىراپ قوياتتى.

ئاپام تاماق ئۈستىلىنى تەييارلاۋاتاتتى. ئۇ بىر ئاشخانىغا يۈگۈرۈپ، بىر سارايغا كىرىپ ،ئۈستەلنىڭ كەم قالغان يەرلىرىنى تولۇقلايتتى.

دادام ئۆينىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈپ، باشلىقنىڭ شىكايىتىنى قىلىۋاتاتتى. دەرۋازىنىڭ ئالدىدا سىگنال چېلىنغاندا، بىردىن جىددىيلىشىپ:

- يۈگۈرۈڭلار! كەلگەن ئوخشايدۇ، دەرۋازىنى ئېچىڭلار، بولۇڭلار! نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر؟- دەپ بىزگە ۋارقىرىغاچ، ئۆزىمۇ يول تەرەپتىكى دېرىزىدىن گەۋدىسىنى بېلىگىچە چىقىرىپ سىرتقا قارىدى.

دادامنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكىنىدىن ھودۇققان ئاپام ئاللىقاچان بېرىپ دەرۋازىنى ئاچقانىدى ،بىراق ھېچكىم كۆرۈنمىدى.

ئىككى كۈندىن بېرى ئاپام پاتوشقا مېھماننىڭ يېنىدا قانداق بولۇش ھەققىدە تەربىيە بېرىۋاتاتتى .

بۇ تەربىيلەرنى مېنىمۇ ئاڭلىسۇن دەپ، ئەتەي مەن يېنىدا بار بولغان چاغلىرىمدا بېرەتتى. ئۇ يېڭى كىيىملىرىنى كىيگەن پاتوشنى يەنە ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ھەر قېتىمقى سۆزلىرىنى تەكرارلىغىنىدا ،مېنى ئاڭلاۋاتامدىكىن دەپ، كۆزىنىڭ قىرىدا ماڭىمۇ قارايتتى.

- ۋاي قىزىم، مېنىڭ ئاپئاق قوزام، مېھماننىڭ يېنىدا ھەرگىز ئەخلاقسىزلىق قىلما جۇمۇ؟ مېھماننىڭ يېنىدا قولنى ئاغزىغا سالسا بولمايدۇ، مېھماننىڭ يېنىدا يەردىكى نەرسىنى ئېلىپ يېسە بولمايدۇ. بۇلارنى ھەرگىز ئۇنتۇما. مېھماننىڭ يېنىدا يۆتەلگۈڭ كەلسە، ئاغزىڭنى قولۇڭ بىلەن يېپىۋالسەن. مېھماننىڭ يېنىدا نانىنى ھەرگىز ئاغزىڭدا ئۇشتۇما، ئۇنداق قىلساڭ سەت بولىدۇ. نانىنى قولۇڭدا ئۇشتۇيسەن، ماقۇلمۇ، قوزام؟ ئاندىن مېھماننىڭ يېنىدا «ھە؟» دېسەڭ ناھايىتى سەت بولىدۇ. بىرىمىز سېنى چاقىرساق ھەرگىز «ھە؟» دېمە...

- ئۇنداقتا مېھماننىڭ يېنىدا نېمە دەيمەن؟- دەپ سورىدى پاتوش.

- مېھماننىڭ يېنىدا «ھە؟» دېمەي ، «لەببەي» دەيسەن.

ئاپام مېنى ئاڭلاپ تەربىيە ئېلىۋاتامدىكىن دەپ، ئارىلاپ ماڭىمۇ قاراپ قوياتتى. لېكىن، ئاپام بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، يەنە:

- ئوغلۇم، مېھماننىڭ يېنىدا ھەرقانداق سۆزنى «ئەپەندى» دەپ باشلاپ، يەنە «ئەپەندى» بىلەن ئاياقلاشتۇر، - دېدى.

دېرىزىدىن باشلىقنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغان دادامنىڭ بولسا باشلىقى ھەققىدە دېمىگەن شىكايىتى قالمىغانىدى. ئۇ بىردىن: «مانا كەلدى!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە دەرۋازىغا يۈگۈردى.

مەن دەرۋازىغا بېرىپ كوچىغا قارىدىم. بىزنىڭ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ۋال-ۋۇل پارقىراپ بىر قىزىل پىكاپ تۇراتتى.

دادامنىڭ گۇدۇڭشىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم:

- ۋاي ئەپەندى،،، يولىڭىزغا قاراپ كۆزىمىز تۆت بولۇپ كەتتى. قېنى، ئۆيگە مەرھەمەت ،ئەپەندى... خۇش كەپسىز. ئائىلىمىزگە خۇشاللىق ئېلىپ كەلدىڭىز...

ئۇلارنىڭ يېنىغا كىردىم. دادام باشلىقنىڭ پەلتوسىنى كىيىم ئاسقۇچقا ئاستى.

باشلىق زادىلا مەن ئويلىغاندەك دىۋىدەك زالىم ئادەم ئەمەس، پاكار بويلۇق، كۈلۈپ تۇرىدىغان ئادەم ئىكەن. دادامنىڭ بۇنداق بىر ئادەمگە نېمە ئۈچۈن ئاچچىقلىنىدىغانلىقىنى ۋە بۇنچىۋالا ئۆچ

كۆرىدىغان ئادەمنى يەنە نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا قىزغىن قارشى ئالغانلىقىنى زادى چۈشىنەلمىدىم. پاتوش باشلىقنىڭ قولىنى سۆيدى. مەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۈم.

- تاغاڭنىڭ قولىنى سۆيسەڭچۇ، ئوغلۇم!- دېدى دادام.

مەنمۇ ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈشكە مەجبۇر بولدۇم.

دادام بىلەن مېھمان پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئاپام:

- تاماققا مەرھەمەت، ئەپەندى، - دېدى.

- ئاۋارە بولۇپسىز، مەن تاماققا ئولتۇرالمايمەن، - دېدى باشلىق.

قاراڭلار بۇ تېتىقسىزلىقنى، ئاپام نەچچە كۈندىن بېرى مېھماننى كۈتمەن دەپ ھېچ ھالى قالمىغان تۇرسا، ئۇ ئەمدى تاماققا ئولتۇرالماسمىش. لېكىن، دادام باشلىقنىڭ قولىغا، پېشىگە ئېسىلىپ زورلاپ، ئاران دېگەندە ئۇنى داستىخانغا ئولتۇرغۇزدى.

دادام بىلەن ئاپامنىڭ جىددىيلىكى ماڭىمۇ كەلدى. دادام ماڭا:

- ئەستاكانلارغا سۇ قۇي، - دېدى.

شۇ جىددىيلىكتە، مەن باشلىقنىڭ ئەستاكىنىغا كوزىدىن سۇ قۇيغىنىمدا، ئەستاكاندىن تېشىپ كەتتى. دادام:

- چوپچوڭ بىر ئوغۇل بالا تۇرۇپ سۇنىمۇ ئوڭشاپ قۇيالمايسەن،- دەپ قول لۆڭگىسى بىلەن ئۈستەلگە تۆكۈلگەن سۇلارنى سۈرتمەكچى بولدى. لېكىن، لۆڭگىنى تارتقاندا، ئۈستىدىكى خامسەي تەخسىسىنى ئۆرۈۋەتتى. ئاپام:

- ۋاي، كەچۈرسى، كىيىمىڭىزگە تۆكۈلمىگەندۇ؟- دەپ باشلىققا ئۆزرخاھلىق قويۇۋاتقاندا ،پاتوش ھەر ۋاقىتتىكىدەك قاچىسىدىكى شورپىنى تۆكۈۋەتتى.

ئاپام پاتوشنى ئەيىبلىگەندى، پاتوشمۇ:

- ئاپا، ئۆزۈڭ قولۇڭ بىلەن ئەتتىرىۋەتتىڭغۇ...- دەپ يىغلاشقا باشلىدى.

ئاچچىقى كەلگەن دادام:- مەن ساڭا باللارغا ئايرىم يەردە تاماق بەر دېمىگەنمىدىم، - دېدى.

- تىنچ تۇر، مېھماننىڭ يېنىدا يىغلىسا بولمايدۇ،- دەپ پاتوشقا پىچىرلىدى ئاپام، لېكىن بۇنى ھەممىمىز ئاڭلىدۇق.

پاتوش مېھماننىڭ يېنىدا يىغلىسا بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن تىنچلاندى، لېكىن خېلىغىچە ئېسەدەپ ئاندىن توختىدى.

ئاپام مېھماننىڭ ئالدىدىكى تەخسىگە گۆش سالماقچى بولغاندا، مېھمان ئوگۇشلۇق بولسۇن دەپ تەخسىنى ئاپامغا ئۇزاتقانىدى، ئاپام مېھماننىڭ تەخسىسگە ئىككىنچى قوشۇقنى سېلىۋاتقاندا

،دادامغا قاراپ تۇرغان مېھمان بىردىن تەخسسنى ئالدىغا تارتقاندى، ئاپام قوشۇقتىكى گۆشنى تاتلىق-تۇرۇم تەخسسگە سېلىۋەتتى.

- ۋاي، نېمە قىلغىنىم بۇ!- دېدى ئۇ.

ھەممەيلەن ھاڭ-تاڭ قالدۇق، داستىخان ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتتى.

دادام تامقىغا تۇز چاچتىم دەپ، لازا سېلىۋەتكەندى، كېيىن سېزىپ قېلىپ:

- تۇز قاچىسى قايسى دوزاختا كىرىپ كەتكەندۇ؟- دەپ ۋارقىرىدى.

ئاپام تۇز قۇتىسى دەپ قىچا تالقىنى قۇتىسىنى ئۇزاتتى. مەن ئۇنىڭدىن ئاۋۋال دادامغا تۇز قۇتىسىنى ئېلىپ بەردىم. دادام تۇز قۇتىسىنى قاتتىق سىلكىگەندى، قۇتىنىڭ ئاغزى چۇشۇپ كېتىپ ،ئىچىدىكى تۇزنىڭ ھەممىسى تامقىغا تۆكۈلۈپ كەتتى.

ئىنتايىن ئاچچىقى كەلگەن ئاپام نېمە دېيىشنى بىلمەي، ئورۇنسىزلا مېھمانغا:

- ياخشىمۇسىز، ئەپەندى؟- دەۋەتتى.

چۈشنەلمىگەن باشلىق:

- نېمە دېدىڭىز؟- دەپ سورىدى.

- تاماق قانداقراق بولدىكىن، ئەپەندى؟- دېدى ئاپام.

- قولىڭىزغا دەرد بەرمىسۇن، بەك ئوخشاپتۇ،- دېدى باشلىق.

بۇ چاغدا پاتوش:

- ئاپا، گېلىمغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالدى،- دېدى.

ئاپام بىر قولى بىلەن پاتوشنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا سۇ ئىچكۈزۈشكە ھەپىلەشتى.

دادام بايا بىزگە پىچاقنى ئوڭ قولىمىزدا، ۋىلكىنى سول قولىمىزدا تۇتۇشىمىزنى ئېيتقانىدى. خېلى سىناپ باقتىم، لېكىن ئەپلەشتۈرەلمىدىم. سول قولۇمدىكى ۋىلكا بىلەن ئاغزىمنى تاپالماي، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىپ، ھەر ۋاقىتتىكىدەك ۋىلكىنى ئوڭ قولۇمدا تۇتتۇم. دادام تەخسىدىكى گۆشنى ئوڭ قولىدىكى پىچاق، سول قولىدىكى ۋىلكا بىلەن پارچىلاۋاتقاندا، گۆشنىڭ سۆڭكى تەخسىدىن ئۇچۇپ مېۋىلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشتى.

ئەڭ ئاز خاتالىق ئۆتكۈزگەن مەن ئىدىم. داستىخاندىن تۇرغاندا بۇ مېھماندىن قۇتۇلغىنىمىز ئۈچۈن بىر ئۇھ تارتتىم.

مېھمان تاماقتىن كېيىن قەھۋە ئىچىۋاتقاندا، مەندىن:

- قانچنچى سنىپتا ئوقۇۋاتىسەن، بالام ؟- دەپ سورىدى.
- ئەپەندى، بەشنچى سنىپتا ئوقۇۋاتىمەن، ئەپەندى، - دېدىم مەن.

«ئەپەندى» دەپ تۇرۇپ بەرگەن بۇ جاۋابىمغا خۇش بولدىمىكىن دەپ، دادام بىلەن ئاپامنىڭ چىرايىغا قارىدىم، ھەر ئىككىلىسى كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.
- قانچە ياشقا كىردىڭ ؟
- ئەپەندى، ئون بىر، ئەپەندى...
- چوڭ بولغاندا نېمە بولىسەن، دەپ باققىنا ؟
- ئەپەندى، يازغۇچى، ئەپەندى.
- ئاپىرىن...

جىم تۇردۇم. ئاپام كالپۇكلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ ماڭا بىر نېمىلەرنى دېمەكچى بولۇۋاتاتتى . پىچىرلىغىنىدىن ماڭا رەھمەت دېگىنىنى چۈشەندىم. شۇ چاغدا باشلىق دادام بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى ، مەن:

- ئەپەندى، رەھمەت سىزگە، ئەپەندى، - دېدىم.

بۇ كېچىكىپ دېيىلگەن رەھمەتنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەن مېھمان بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ:
- ئەرزىمەيدۇ، - دېدى.

سىڭلىمنىڭ بىر «كارامەت» بالا ئىكەنلىكىنى ساڭا بۇرۇنقى خەتلىرىمنىڭ بىرىدە يازغانىدىم . پاتوش ئۇ كۈنىمۇ «كارامەت»لىكىنى كۆرسەتتى. ئاپام داستىخاننى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا، ئۈستەلدىن بىر تال بانان يەرگە چۈشۈپ كەتكەنىدى، ئۇنى يەردىن ئالغان پاتوش:
- يەرگە چۈشۈپ كەتكەن نەرسىنى مېھماننىڭ ئالدىدا يېسە بولمايدۇ ئەمەسمۇ، ئاپا، مېھمان كەتكەندىن كېيىن يەيمەن، - دەپ، بانانىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويدى.

دادام پاتوشنىڭ سۆزلىرى ئاڭلانماي قالسۇن دەپمۇ ياكى قىلغان ھۆرمەتسىزلىكىنى ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلىش ئۈچۈنمۇ، ئەيتاۋۇر، ئۈست-ئۈستىلەپ يۆتىلىپ كەتكەنىدى، پاتوش دەرھال:
- دادا، مېھماننىڭ يېنىدا ئېغىزنى قول بىلەن ياپماي يۆتەلىسە بولمايتتى ئەمەسمۇ!- دېدى.
دادام كۈلۈمسىرەشكە تىرىشىپ:
- ھە ؟ نېمە دېدىڭ، پاتوش ؟- دەپ سورىدى.
- مېھماننىڭ يېنىدا «ھە» دېسە بولمايدۇ، دادا!- دېدى پاتوش.

بىر ئازدىن كېيىن مېھمان قايتماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. دادام بىلەن ئاپام ئۇنى دەرۋازا سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ ماشىنىسىغا چۇشۇرۇپ قويۇپ، مېھمان كېتىپ قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ،دادام:

- پاھ، بىزنى شەرمەندە قىلدىڭلارغۇ!- دېدى.
- مەن سىلەرگە شۇنداق دېگەنمىدىم ؟- دېدى ئاپامۇ.
- مېھماننىڭ يېنىدا ئاغزىم بىلەن نان ئوشتۇمىدىمغۇ...- دېدى پاتوش.

بۇ تېتىقسىزلىق بىر كۈن داۋاملاشتى.

زەينەب، ساڭا بۇ خېتىم بىلەن بىللە بىر پارچە سۈرەت ئەۋەتتىم، ئۇ ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەت... سۈرەتتە سەن بۇ يەردىن كەتكەندىن كېيىن كەلگەن يېڭى مۇئەللىممىزنىمۇ كۆرىسەن.

ساڭا خەيرلىك كۈنلەر ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمەن.

ئەخمەت تارباي

1699-يىلى 11-فېۋرال، ئىستانبۇل

نېمىدېگەن سەتچىلىك!

قەدىرلىك ساۋاقدىشىم ئەخمەت:

ئەۋەتكەن سۈرىتىڭگە قانچىلىك خۇشال بولغىنىمنى ئىزھار قىلىشقا تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ. كونا ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سۈرەتتە بار ئىكەن. سېنىڭ يېنىڭدا تۇرغان مىنە بولسا

كىرەك ،ئۇنى ھۇسەين توسۇۋاپتىكەن، ئارانلا تونۇدۇم. ياشارمۇ چىنگىزنىڭ كەينىدە تۇرۇپ قاپتۇ. نەشە يەنە ھەر ۋاقىتتىكىدەك ئەڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ. بۇ سۈرەتنى ئەۋەتىپ مېنىڭ شۇنداق خۇشال قىلدىڭكى ...
بىراق، سۈرەتتە دېمىرنى تاپالمىدىم، ئۇ يوق بولسا كېرەك. مۇئەللىمىڭلار ياشىنىپ قالغان كىشى ئوخشايدۇ.

مەنمۇ ساڭا ئىنىم بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرىتىمىزنى ئەۋەتتىم. ئۇنى بىر قوشنىمىزنىڭ بالىسى ئۆز ئاپپاراتىدا تارتقان.

بۇ ھەپتە بېشىمغا نېمە ئىشلار كەلگەنلىكىنى ئۇقۇپ قال. يەنە قاراپ تۇرۇپ ئىمتىھاندا كۆچۈرتكۈچى دېگەن نامنى ئالدىم. بۇنى قاراپ تۇرۇپ دېگىلىمۇ بولمايدۇ...

مۇئەللىمىمىز ئەڭ يامان كۆرىدىغان نەرسە ئىمتىھاندا كۆچۈرۈش ئىدى. ئۇ بىزگە پات-پات ئىمتىھاندا كۆچۈرۈشنىڭ يامانلىقىنى ئېيتىپ: «ئىمتىھاندا كۆچۈرۈش تىرىشچان ساۋاقداشىڭىزنىڭ ھەققىنى ئوغرىلىغانلىق»، «ئىمتىھاندا كۆچۈرۈش ئەقىللىق ئىش ئەمەس، ھىيلىگەرلىك» دەيتتى.

بۇ ھەقتە دادامنىڭ چۈشەنچىسىمۇ شۇنداق. ئۇمۇ: «ئىمتىھاندا كۆچۈرۈش ناھايىتى سەت ،ناھايىتى ئەيىب ئىش. ئۇ باشقا بىرىنى ئەمەس، ئۆز-ئۆزىنى ئالدىغانلىق» دەيتتى.

دادام بىلەن ئىككى ساۋاقدىشىمۇ بىر يەردە بولسىلا مەكتەپ خاتىرىلىرىنى ئەسلىشىدۇ. بۈۋام بىزنىڭ ئۆيدە بولغان بىر كېچە دادامنىڭ ساۋاقداشلىرىمۇ كىرگەنىدى. ئۇلار يەنە مەكتەپ خاتىرىلىرىدىن سۆز ئېچىشتى. نۇرتەن ئىسىملىك سېمىز قىزنىڭ دادىسى:
- ئېسىڭلاردا بارمۇ، ھېلىقى ماتېماتىكىچى كەلتوش سەبرى بەگنىڭ چاپىنىنىڭ كەينىگە ئىمتىھاندا كۆچۈرىدىغان قەغەزنى ئېسىپ قويغانىدۇق-ھە...- دېدى.
- ئاندىن قانداق بولدى، ئېيتىڭا!- دېدى نۇرتەنىنىڭ ئاپىسى.
- ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن، كەلتوش دېيىلىدىغان سەبرى بەگ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالگېبرا ئوقۇتقۇچىمىز ئىدى. ئۇ ئىمتىھانلاردا بالىلارنى ھېچقاياقا قاراتماسلىقى بىلەن ماختىنىپ: «قېنى ،يامان بولساڭلار كۆچۈرۈپ بېقىڭلارچۇ، مەن كۆرۈپ باقاي!» دەپ ئاگاھلاندۇراتتى. بىزمۇ ئۇنىڭدىن ناھايىتى قورقاتتۇق. ئۇ سوئاللارنى ئىمتىھان قەغىزىگە يازدۇرۇپ بولۇپلا، سىنىپتا ئۇياقتىن-بۇياققا قاتراپ يۈرەتتى. ساۋاقداشلاردىن بىرى...
- مارسىق نەجەدەتقۇ دەيمەن ؟- دەپ سۆز قىستۇردى دادام.

- ھەئە، مارسىق نەجدەت. ھازىر ئۇ باش كونسۇل! ئۇ سەبرىنىڭ چاپىنىنىڭ كەينىگە مەسىلىلەرنىڭ يېشىلىشى يېزىلغان كوپىيە قەغەزنى ئېسىپ قويغانىدى. بالىلار سەبرى بەگنىڭ چاپىنىنىڭ كەينىگە ئېسىلغان قەغەزگە قاراپ يېزىشاتتى. لېكىن، سەبرى بەگ بىر يەردە تۇرماي داۋاملىق مېڭىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، كوپىيە قەغىزىگە قاراپ جاۋابىنىڭ ھەممىسىنى يېزىش تەس ئىدى .
بالىلاردىن بىرى مۇئەللىمدىن بىر نەرسىلەرنى سوراپ، ئۇنى گەپكە تۇتۇپ تۇراتتى، يەنە بىرى كۆچۈرۈۋالاتتى. مەن زادى كۆچۈرەلمىدىم. ئاخىر بولماي خۇددى كۆچۈرگەندەك قىلىپ، سەبرى بەگنى گۇمانلاندۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن مېنى كۆچۈرمىسۇن دەپ ئالدىمغا كېلىپ پارتامغا يۆلىنىپ تۇرۇۋالغانىدى، تازا كۆچۈردۇم.

جاۋابلارنى يېزىپ بولغانلار سىنىپتىن چىقتى، يېزىپ بولالمىغانلار قوڭغۇراق ئاۋازى بىلەن تەڭ قەغەزلىرىنى تاپشۇرۇپ چىقىپ كېتىشتى. شۇ چاغدىلا ئېسىمىزگە كەپتۇ، سەبرى بەگنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىگە ئېسىلغان كوپىيە قەغىزنى ئېلىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇق. ئىمتىھان قەغەزلىرىنى يىغىۋالغان سەبرى بەگ چاپىنىدىكى كوپىيە قەغىزنى پۇلاڭلىتىپ ئوقۇتقۇچىلار بۆلۈمىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

سەبرى بەگ بۇ ئىشنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ، ناھايىتى رايىش ئوقۇتقۇچى ئىكەن ،ئوقۇغۇچىلار يېلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھەممىسنى ئەپۇ قىلىپ، يېڭىۋاشتىن ئىمتىھان ئالدى.

دادامنىڭ يەنە بىر ساۋاقدىشى:
- تېخى ئوسمان قاسساپقا قىلغانلىرىمىزنى دېمەمسىلەر، - دېدى.

ئۇ ئوسمان قاسساپ دەيدىغان تارىخ مۇئەللىمگە قىلغانلىرىنى ئېيتتى. بۇ مۇئەللىم ئىمتىھاندا ئورۇندۇقتا مىدىرلىماي ئولتۇرىدىكەن، لېكىن كۆزلىرى پروژېكتوردەك ئوقۇغۇچىلاردا ئىكەن. بىر ئىمتىھاندا ئالدىنقى پارتىلاردا ئولتۇرىدىغانلارنىڭ ھېچقايسىسى ياخشى نومۇر ئالالماپتۇ، لېكىن باشقا بالىلارنىڭ ھەممىسى ياخشى نومۇر ئېلىشىپتۇ. چۈنكى، ئۇ بالىلار ئالدىدىكى پارتىدا ئولتۇرغان ساۋاقداشلىرىنىڭ دۈمبىسىگە تارىخ كىتابىنى ئېچىپ قويۇپ، مۇئەللىمنىڭ كۆز ئالدىدا كۆچۈرۈپتۇ.

ساۋاقداشلىرىنىڭ كەينىدە قالمايدىغان دادام:
- ئوقۇغۇچىلىرىغا نۆل قويىدىغان نافىزنىڭ ئىمتىھانىدا بولغان ئىشلار ئېسىڭلاردىمۇ؟- دېدى.
- ھېلىقى چىۋىنغا باغلىغان قەغەزنى دەمسەن؟ ئۇ كىمنىڭ ئېسىدىن چىقسۇن.

نۆلچى نافىز دەيدىغان خىمىيە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ كۆزى بىر مېتىر يىراقلىقتىكى نەرسىنى ئاران كۆرىدىكەن. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا قويىدىغان نومۇرىمۇ ناھايىتى تۆۋەن ئىكەن. ئىمتىھانغا كىرىشتىن ئاۋۋال بالىلاردىن بىرى يوغان چىۋىندىن بەش-ئوننى تۇتۇپ سەرەڭگە قېپىغا سېلىۋاپتۇ. ئىمتىھان باشلانغاندا، سوئاللارنىڭ جاۋابلىرىنى نېپىز قەغەزلەرگە يېزىپ، بۇ قەغەزلەرنى چىۋىنلارنىڭ پۇتلىرىغا ئىنچىكە يىپ بىلەن باغلاپ قويۇپتۇ، ئاندىن چىۋىنلارنى قويۇپ بېرىپتۇ. چىۋىنلار پۇتلىرى ئېغىر بولغاچقا ئۇچۇپ كېتەلمەي، بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە قونىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ھەممەيلەن كۆچۈرۈۋالىدىكەن. چۈنكى، پۇتىدا ئېغىرلىق بولغان چىۋىننى تۇتۇۋېلىش ئاسان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار قەغەزدىن كۆچۈرۈۋېلىپلا چىۋىننى قويۇۋېتىدىكەن. بىردىن ئىشىك ئېچىلىپ مۇدىر سىنىپقا كىرگەندە ،پۇتىدا يىپ بولغان چىۋىنلاردىن بىرى دەل مۇدىرنىڭ كۆز ئالدىدا ئىككى ئايلانغاندىن كېيىن شۇڭغۇپ بېرىپ مۇدىرنىڭ يالىڭاچ بېشىغا قونۇپتۇ.

- سىلەرنى قانداق قىلدى، دادا؟- دەپ سورىدى مەتىن.
- بىر ساۋاقدىشىمىزنى مەكتەپتىن قوغلىۋېتىشكە تاس قالغانىدى، ئاران قۇتۇلۇپ قالدى، - دېدى دادام.

نۇرتەنىنىڭ دادىسى:

- ئۇ ساۋاقدىشىمىز ھازىر پروفېسسور، - دېدى.

دادامنىڭ ساۋاقداشلىرىدىن بىرى بوۋامدىن:

- چوڭ دادا، سىزمۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىڭىزدا ئىمتىھانلاردا كۆچۈرەتتىڭىزمۇ؟- دەپ سورىدى.
- مەكتەپ ھاياتىدا ئىمتىھانلاردا كۆچۈرمەيدىغان بالا بولسۇنمۇ...- دېدى بوۋام جاۋاب بېرىپ.

ئۇلار خىمىيىدىن ئېغىزچە ئىمتىھانغا ھەر قېتىمدا ئۈچتىن ئوقۇغۇچى كىرىدىكەن. بوۋام ئىمتىھان مەيدانىغا ئىككى ساۋاقدىشى بىلەن بىللە كىرىپ كەينىدە ئولتۇرۇپتۇ. ئالدىدىكى ساۋاقدىشى سىنىپنىڭ ئەڭ ھورۇنى ئىكەن، ئوقۇتقۇچى نېمىنىلا سورىسا، ئاۋازىنى چىقارماي بويىنىنى قىسىپ تۇرىدىكەن.

خىمىيە مۇئەللىمى قىز ئىكەن. ئۇ: «ھېچ نەرسە بىلمەمسەن، ئوغلۇم؟» دېگەندىن كېيىن، بىر سوئال ئورنىدا ئۈستەلدىكى كوزىنى كۆرسىتىپ: «بۇنىڭ ئىچىدە نېمە بار؟» دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى ئوقۇغۇچى گاچىدەك يەنە زۇۋان سۈرمەي تۇرغانىكەن، كەينىدىكى بالا: «ئات، ئات... ئاتتەك بىر نەرسە» دەپ پىچىرلاپتۇ.

- كوزىدا نېمە بار، ئوغلۇم؟
- ئات بار، ئەپەندىم...- دەپتۇ بالا.

ئۇ كېچە بولۇنغان گەپ-سۆزلەرگە شۇنداق قىزىقتىمكى... ئەتىسى مۇئەللىمىمىز مەكتەپ مەيدانىدا بىز بىلەن ۋالىبول ئوينىدى. كېيىن ھەممەيلەن بىللە چىملىقتا ئولتۇرغاندۇق، بىر پۇرسەتنى تېپىپ سورىدىم:

- مۇئەللىم، سىز ئوقۇۋاتقان چاغلىرىڭىزدا ئىمتىھانلاردا كۆچۈرۈپ باققانمىدىڭىز؟

مۇئەللىم ئاران تۇرغاندەك:

- كۆچۈرگەن،- دېدى، ئاندىن، قوشۇمچە قىلدى،- لېكىن پۈتۈن سىنىپ بويىچە كۆچۈرەتتۇق .ئىمتىھان سوئاللىرىغا ھەممىدىن بالدۇر جاۋاب بېرىپ چىقىپ كەتكەن بىر تىرىشچان ساۋاقدىشىمىز سوئاللارنىڭ جاۋابلىرىنى يوغان بىر كاردون قەغەزگە يېزىپ، ئۇنى ئۇزۇن بىر ئىنچىكە تاياققا باغلاپ ، باغچىقا قارايدىغان دېرىزىگە ئۇزىتاتتى. بىزمۇ دېرىزىگە قاراپ كۆچۈرەتتۇق.

ئەتىسى مۇئەللىم تۇرمۇش ساۋاتلىرى دەرسىدىن دەرس سورىدى.

ئوڭ يېنىمدا تۇركان ئولتۇراتتى، سول يېنىمدىكى پارتىدا مۇرات بار ئىدى. مەن ساڭا مۇرات توغرۇلۇق بۇرۇنقى خەتلىرىمنىڭ بىرىدە يازغانىدىم. مۇئەللىم: «مۇرات، ئورنۇڭدىن تۇر!» دېگەندە ، ئۇ: «مەنمۇ؟»، «مەندىنمۇ؟» دەپ سوراپ تۇرىدىغان بالا. مۇرات بىزنىڭ سىنىپقا ئۆتكەن يىلى كىرگەن، ساۋاقداشلىرى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتى. ئۆزى ھورۇن ئەمەس، بىراق كالىلىسىغا دەرس كىرمەيتتى. لېكىن، ياخشى بالا ئىدى...

تۇركانمۇ ئۇ كۈنى نېمىشقىدۇر دەرس تەكرارلىماپتىكەن. ئىككىلىسى ماڭا كۆچۈرۈۋالايلى، دەپ يالۋۇردى.

- جاۋابلارنى يېزىپ بېرەلمەيمەن، باللار، لېكىن ئېيتىپ بېرىشىم مۇمكىن...- دېدىم مەن.

مۇئەللىم سوئاللارنى يازغۇزدى:

«بالىلارنى كېسەللىكلەردىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟»

«بالىلار كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاساسلىقى قانداق قىلىش كېرەك؟»

«ئويۇن ۋە ئويۇنچۇقلارنىڭ پايدىسى نېمە؟»

«تاياق ئادەمنى تەربىيىلەمدۇ؟»

ئالدىنقى كېچە ۋە ئەتىگەنلىكى بۇ دەرسلەرنى تەكرار قىلغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ بابلارنىڭ كىتابنىڭ قايسى بېتىدە ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم .«تۇرمۇش ساۋاتلىرى» كىتابى تۇركاننىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ھەم تۇركانغا، ھەم مۇراتقا:

- كىتابنىڭ ئەللىكىنچى بېتىنى ئېچىڭلار... ئەللىك، ئەللىك بىر، ئەللىك ئىككىنچى بەتلەر، - دەپ پىچىرلىدىم.

مەن جاۋابلارنى يېزىشقا باشلىدىم. سول يېنىمدىكى مۇرات:

- سەن مېنى ئالداۋاتسەنغۇ دەيمەن ؟- دېدى.
- قانداقچە ؟- دەپ پىچىرلىدىم.
- ئەللىكىنچى بەتتە ساغرا سۆڭىكى بار.
- قالغان بەتلەرنى ئاچ!
- ئاچتىم، مۇسكۇللار بار، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇنۇق بار.

ئاندىن پارتا تېگىگە يوشۇرۇلغان كىتابقا قارىدىم. ئۇ قولىغا «تۇرمۇش ساۋاتلىرى» كىتابى دەپ ، «تەبىئەت بىلىملىرى» كىتابىنى ئېلىۋاپتىكەن.

- ئۇ كىتاب ئەمەس ، «تۇرمۇش ساۋاتلىرى» كىتابىنى ئاچ!- دەپ پىچىرلىدىم.

مۇرات «تۇرمۇش ساۋاتلىرى» كىتابىنى ئېچىپ، ئۇنىڭغا قاراپ شارىلداپ يېزىشقا باشلىدى .تۇركان بىلەن مۇرات مەندىن بۇرۇن ئىمتىھان قەغەزلىرىنى تاپشۇرۇپ چىقىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن مەنمۇ چىقتىم. مۇرات قورۇدا ماڭا:

- مېنىڭ كىتابىمدا ئەللىكىنچى بەت يوق ئىدى، - دېدى.
- نېمىشقا بولمىسۇن، بار، - دېدىم مەن.
- ئەزبىرايى يوق! قىرىق سەككىزىنچى بەتتىن ئاتمىش بەشىنچى بەتكىچە يوق، - دېدى ئۇ.

ئۇ سىنىپقا كىرىپ كىتابىنى ئېلىپ چىقتى. قارىسام، كىتابىدا مۇئەللىم سورىغان سوئاللار بار ۋاراقلار يوق. بۇنىڭ ئورنىغا كىتابتا ئوتتۇز ئۈچىنچى بەتتىن قىرىق سەككىزىنچى بەتكىچە بولغان بەت نومۇرلىرى ئىككى تەكرارلىنىپ، خاتا تۈپلىنىپ قاپتىكەن.

- ئەمىسە، قانداق قىلدىڭ، مۇرات ؟- سورىدىم مەن.
- قىرىق سەككىزىنچى بەتتىن كېيىنكى بەتتە نېمە بولسا شۇلارنى كۆچۈرۈپ قويدۇم.

مۇئەللىمىمىز يازمىچە ئىمتىھاندا ئالغان نومۇرلىرىمىزنى ئوقۇپ بەرگەندە، تۇركان ئىككىمىز ئەلا باھا ئاپتۇق.

- ئەمدى سىلەرگە ساۋاقداشىڭلار مۇراتنىڭ يازغان جاۋابلىرىنى ئوقۇپ بېرەي، ياخشى ئاڭلاڭلار!- دېدى مۇئەللىم، - بىرىنچى سوئال: «بالىلارنى كىيسەللىكلەردىن ساقلاش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟» ئەمدى مۇراتنىڭ جاۋابىنى ئوقۇيمەن: «تېخىمۇ چىداملىق بولۇشى، پاكىزە ۋە چىرايلىق تۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى تازا تۇتۇش، كىر بولۇپ كەتكەندە تازىلاپ تۇرۇش ۋە پات-پات دەزماللاپ تۇرۇش كېرەك.»

سىنىپتا قاقاقلىغان كۈلكە كۆتۈرۈلدى. مۇئەللىم:

- تىنچ!- دەپ ۋارقىرىغاندىن كېيىن،- ئەمدى ئىككىنچى سوئالنى ئوقۇيمەن،- دېدى،- «بالىلار كىيسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاساسلىقى قانداق قىلىش كېرەك؟» مۇراتنىڭ جاۋابى:

«پات-پات چوتكىلاپ تۇرۇش كېرەك. توپا-چاڭلارنى تازىلىغاندىن كېيىن كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىپ قويۇش كېرەك. كىيىش مەزگىلى ئۆتكەندىن كېيىن بوقچىلاپ ساندۇققا سېلىپ قويۇش لازىم. بەك كىرلەپ كەتكەن بولسا، ئىسسىق سۇدا سوپۇنلاپ يۇيۇپ، تانا ياكى سىملارغا يېيىپ قۇرۇتۇش كېرەك.»

بالىلار كۈلۈشتىن ئۆزىنى توختىتالماي، پارتىلارنىڭ تېگىگە دومىلاپ كېتىشكەندى.

ساۋاقداشلىرىنىڭ مەسخىرىلىرى ۋە كۈلۈشلىرىدىن ئىنتايىن خىجالەت بولغان مۇرات يىغلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

- بىراق، مۇئەللىم، مەن ئۇلارنى كىتابقا قاراپ يازغانىدىم،- دېدى.

- چۈشەندىم، كۆچۈرۈپسەن،- دېدى مۇئەللىم،- بىراق ، «بالا بېقىش»نىڭ ئورنىغا «كىيىم-كېچەكنى ئاسراش»نى يېزىپسەن.

- ماڭا زەينەپ دەپ بەرگەن، مۇئەللىم.

- هە...- دېدى مۇئەللىم ماڭا قاراپ،- كۆچۈرتكىنىڭنى ئاز دەپ، خاتا كۆچۈرتۈپسەن-دە...

ئەمدى ئىنكار قىلىدىغان يېرى قالمىغانىدى.

- خاتا كۆچۈرتمىدىم، مۇئەللىم، مەن پەقەت سوئاللارنىڭ كىتابنىڭ قايسى بېتىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدىم.

مۇئەللىم مۇراتنىڭ كىتابىنى ئېلىپ قارىغاندا، خاتانىڭ نەدىن كەلگەنلىكى ئايدىڭلاشتى . مۇئەللىم:

- بۇ ئەھۋالنى ئاپاڭغا ئۇقتۇرۇپ قويۇشقا مەجبۇرمەن،- دېدى.

مۇئەللىم ئاپامنى مەكتەپكە چاقىرتىپ گۇناھىمنى ئۇقتۇردى. ئۇ كېچە ئۆيدە ئاپام بىلەن دادامنىڭ ماڭا قىلمىغان گېپى قالمىدى.

- ناھايىتى سەت ئىش بوپتۇ، قىزىم...- دېدى دادام.

ھېلىمۇ ياخشى ئۇ كېچە بوۋام ئۆيدە يوق.

- قويۇۋېتىڭلار قىزنى، خۇدا ھەققىدە، - دەپ ئۇلارغا ۋارقىرىدى دادام، - نېمە بوپتۇ؟ ئۆزى كۆچۈرمەي، باشقىلارغا كۆچۈرتۈپتىغۇ...

- ھەر ئىككىلىسى بىر گەپ ئەمەسمۇ؟- دېدى ئاپام.

- قېنى قايسىڭلار ئىمتىھاندا كۆچۈرمىگەن؟

- لېكىن ئۇلار تۇتۇلۇپ قالماپتۇ، - دېدى مەتىن.

بولارى بولدى، تارتماسقا چارە يوق... لېكىن ئىنتايىن جىنىم سىقىلدى. مېنى ھەممىدىن كۆپرەك زېرىكتۈرگىنى مەتىن ئىدى. ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا، ئۇ: «نېمىدىگەن سەتچىلىك، نېمىدىگەن ئەيىب ئىش... ئىمتىھاندا كۆچۈرتۈپمۇ تۇتۇلۇپ قالغان بارمۇ؟ نېمىدىگەن سەتچىلىك» دەپ مېنى مەسخىرە قىلىدۇ.

خەت-خەۋەرلىرىڭنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتىمەن. ئۇزۇن-ئۇزۇن ياز، بولامدۇ؟
خەير-خوش، ساڭا مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمەن.

زەينەب يالقىر
1699-يىلى 89-فېۋرال، ئەنقەرە

«ئۆي» قايسى ھالدا

ساۋاقدىشىم زەينەب:

18-فېۋرالدا يازغان خېتىڭ ۋە ئەۋەتكەن سۈرىتىڭ ئۈچۈن كۆپ رەھمەت.

سەن خەۋەر قىلغان ۋەقە تۈپەيلىدىن ھېس قىلغان خاپىلىقىڭغا ھېسداشلىق قىلىمەن. سەن ساۋاقدىشىڭغا ياخشىلىق قىلىمەن دەپ، گۇناھكار بولۇپ قاپسەن. مۇراتقا ھەم ئېچىندىم، ھەم خاپا بولدۇم.

بىزنىڭ ھۇسەيىنچۇ، ئۇمۇ سىلەرنىڭ سىنىپتىكى مۇراتقا ئوخشاش بىر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ ،ھەممىمىزنى كۆلدۈرۈپ جېنىمىزنى ئالدى، لېكىن، ھۇسەيىن باشقىلارنى ئەيىبلىمىدى. خەۋىرىڭ بار، ئۇ ناھايىتى ياخشى ساۋاقدىشىمىز. ساڭا بىر خېتىمدە ئۇنىڭ بىر مەردانىلىكىنى، يەنى ئۆزىنى دەرەختىن ئىتتىرىپ يىقىتقۇەتكەن ساۋاقدىشىنى تۇتۇپ بەرمىگەنلىكىنى يازغانىدىم.

سەن ئىستانبۇلدىكى چاغدا ھۇسەيىنلەرنىڭكىگە بارغانمىدىڭ؟ ئۇلار كىچىك بىر تام ئۆيدە ئولتۇرىدۇ. ئۆيىنى بىلمىسەڭمۇ نامرات بىر بالا ئىكەنلىكىنى بىلسەن.

ئۇلارنىڭكىگە پات-پات بېرىپ تۇرىدىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەھۋالىدىن ئانچە-مۇنچە خەۋىرىم بار. كىچىك ئىككى ئېغىز ئۆيدە يەتتە جان تۇرىدۇ. بۇ قىيىنچىلىقتىنمۇ ياكى ئائىلە كىرىمىنىڭ ئازلىقىدىنمۇ، ئۆيدە خۇشاللىق يوق. ئۇ يېقىن دوستۇم بولغاچقا، ئائىلىسىدىكى جېدەل-ماجىرادىن ماڭا شىكايەت قىلىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ قايغۇسىغا ھېسداشلىق قىلىمەن. بەزى كۈنلىرى مەكتەپكە قاپاقلىرى ئىششىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ھالدا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئۆيدە يىغلىغانلىقىنى چۈشىنىمەن. ئومۇمەن، ھۇسەيىننىڭ ئانچە چىرايى ئېچىلمايدۇ، لېكىن خاپا چىرايىمۇ ئەمەس.

ئۆتكەن بىر كۈنى، ئۇ يەنە كۆزلىرى ئىششىغان ھالدا كەلدى، يىغلىغانلىقىمنى بىلىپ قالمىسۇن دەپ، ھېچكىم بىلەن پاراڭلاشمىدى، بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇچە دەرسكە كىرىپ كەتتۇق. ئۇ كۈنى تۈرك تىلى دەرسىدە مۇئەللىم «ئىسمىنىڭ ھاللىرى» )كېلىشلىرى(نى سۆزلىگەندى .«ئىسمىنىڭ قانچە ھالى بار؟» دېگەن سوئالغا: «باش كېلىش، ئىگىلىك كېلىش، چۈشۈم كېلىش، چىقىش كېلىش، بېرىش كېلىش، ئورۇن كېلىش» قاتارلىق ھاللىرى بار دەپ جاۋاب بېرەتتۇق.

مۇئەللىم بۇلارنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، دېمىرگە «ئالتۇن روجەكلىك ئۆي» ناملىق ھېكايىنى ئوقۇتتى. بۇ ھېكايىنى سەنمۇ بىلىشىڭ مۇمكىن. ئۇنىڭدا ھېكايە قىلىنىشىچە ،ئورماندىكى

بىر كىچىك ئۆيدە بىر نامرات ئائىلە تۇرىدىكەن. بۇ ئائىلىنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن يىراق بىر جايدا باشقا بىر ئۆي كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. كەچقۇرۇنلۇقى ئۇ ئۆينىڭ دېرىزىلىرى ساپسېرىق يالتىراپ تۇرىدىكەن. قىزچاق ئالتۇن روجەكلىك بۇ ئۆيگە ئىنتايىن ھەيران بولۇپ، بىر كۈنى ئۇ يەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئاخىر ھېلىقى ئۆينى تېپىپتۇ. كەچ كىرىپ كەتكەچكە، ئۇ يەردە قونۇپ قاپتۇ. ئەتىسى ئويغىنىپ قارىسا، قارشى تەرەپتىكى ئۆينىڭ دېرىزىلىرىمۇ ئالتۇندەك يالتىراپ تۇرۇپتۇ .
شۇ چاغدا دېرىزە ئەينەكلىرىدە قۇياش نۇرى چاقناۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپتۇ.

دېمىر بۇ ھېكايىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، مۇئەللىم:
- بۇنىڭدىن نېمىنى چۈشەندىڭلار؟- دېدى ۋە ئۆز سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بەردى،- كىشىلەر ئۆز ھالىغا شۈكۈر قىلىشى كېرەك. كۆپ چاغلاردا بۇ ھېكايىدىكى قىزچاقتەك ئۆز بەختىمىزنى بىلەلمەيمىز .
لېكىن، ئۇنىڭدىن يىراقلاشقاندا، بەختىيار ياشاۋاتقانلىقىمىزنى بىلىمىز. دېمەك، ئەڭ ياخشى ئۆي يەنىلا ئۆز ئۆيىمىز.

مۇئەللىم شۇنداق دېگەندىن كېيىن، بايىقى ھېكايىدىن «ئۆي» دېگەن سۆز بولغان بىر جۈملىنى ئوقۇغاندىن كېيىن:
- ھۆسەيىن، سەن ئېيتىپ باققىنا ، «ئۆي» قايسى ھالدا؟- دېدى.

كەينىدىكى قاتاردا ئولتۇرغان ھۆسەيىن ئۆز خاپىچىلىقى بىلەن مۇئەللىمنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىغان بولسا كېرەك، ئۇندەرىگەندەك ئورنىدىن تۇردىيۇ، ئاۋازىنى چىقارمىدى. مۇئەللىم سوئالنى تەكرارلىدى:
- «ئۆي» قايسى ھالدا، ھۆسەيىن؟

مۇئەللىم مېنىڭ ئۆيۈمنى سوراۋاتىدۇ، دەپ قالسا كېرەك، ھۆسەيىن پەس ئاۋاز بىلەن:
- ياخشى ئەمەس، مۇئەللىم، - دېدى.

مۇئەللىم ھەيران بولۇپ يەنە سورىدى:
- مەن سەندىن «ئۆي»نىڭ ھالىنى سوراۋاتىمەن ، «ئۆي» قايسى ھالدا؟

نۇرغۇن ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆيىنىڭ قانداق هالدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىشنى خالىمىغان هۇسەيىن يىغلامسىرىغاندەك چىگىش ئاۋاز بىلەن:

- ئۆيىنىڭ هالى ياخشى ئەمەس، مۇئەللىم...- دېدى.
- «ئۆي»نىڭ قايسى هالى ياخشى ئەمەس؟- دېدى مۇئەللىم.
- هەممىشە ياخشى ئەمەس، ئەمما بۈگۈنكى هالى تېخىمۇ يامان.

هۇسەيىننىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى مەن بىلەتتىم، ساۋاقداشلار بولسا ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن هېچ نەرسە چۈشىنەلمەي كۈلۈشەتتى.

- نېمە ئۈچۈن ياخشى ئەمەس؟- دەپ سورىدى مۇئەللىم.
- چۈنكى...- هۇسەيىننىڭ ئاۋازى تىترەپ، سۆزىنى ئارانلا دەۋالدى، - ئۆي خوجايىنى بىزنى كۆچۈڭلار دەۋاتىدۇ، چۈنكى ئۆي ئىجارىسىنى تۆلىيەلمىگەندۇق...

سىنىپتا قاقاقلىغان كۈلكە ئاۋازى كۆتۈرۈلگەندە، هۇسەيىن پارتىسىدا بېشىنى ئىككى بىلىكى ئارىسىغا ئېلىپ ئولتۇرۇۋالدى.

مۇئەللىم هېلىقى جۈملىنى ئوقۇدى: «قىزچاق ئۇدۇلدىكى ئالتۇن روجەكلىك ئۆيىنى كۆرگىنىدە...» - سەن ئېيتىپ باق، دېمىر، بۇ يەردە «ئۆي» قايسى هالدا؟

- چۈشۈم كېلىش هالدا، مۇئەللىم...- دېدى دېمىر.

مۇئەللىم يەنە هۇسەيىندىن سورىدى:

- «ئۆي» قايسى هالدا ئىكەن؟

هۇسەيىن يەنىلا چۈشىنەلمىگەندى:

- ياخشى هالدا ئىكەن...- دېدى.

سىنىپتا يەنە بىر قاقاقلىغان كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

- «ئۆي»نىڭ قانچە تۈرلۈك هالى بار، هۇسەيىن؟- دەپ سورىدى مۇئەللىم.
- ياخشى هالى ۋە ياخشى بولمىغان هالى بار...

هۇسەيىننىڭ ئائىلىسىدە هېچقاچان ياخشى هال بولمايدىغانلىقىنى مەن بىلەتتىم.

مۇئەللىم ھۆسەيىننىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى كېيىن چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن سۆز تېمىسىنى ئۆزگەرتتى:

- يەنىلا ئەڭ ياخشى ئۆي ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان ئۆي، شۇڭا ئۆيىمىزنىڭ قەدرىنى بىلىشىمىز كېرەك...

كەچقۇرۇن مەكتەپتىن قايتقاندا، ھۆسەيىنگە بىر ئاز تەسەللى بېرىشكە تىرىشتىم.

ئەنقەرەدە ھاۋا قانداق؟ بۇ يەر قاتتىق سوغۇق بوپكەتتى. تۈنۈگۈن بىر ئاز قار ياغقان، يەرگە چۈشۈپلا ئېرىپ كەتتى. بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئەھۋالى ياخشى، ئەمما مېنىڭ ھۇجرامنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئەمەس. زالدىكى مەش مەن ياتىدىغان ھۇجرىنى ئانچە ئىسسىتالمايدۇ. سىلەرنىڭ ئۆيىڭ ئەھۋالى قانداق؟

خېتىڭنى كۈتىمەن، زەينەب. سېنى ئۇنۇتمىغان ساۋاقدىشىڭ:

ئەخمەت

تارىخي 1696-يىلى 89-فېۋرال،

ئىستانبۇل

قانداق يالغاننى توقۇسام بولار

ئەخمەت:

89-فېۋرال يازغان خېتىڭگە كېچىكىپ جاۋاب يازغانلىقىم ئۈچۈن ئەپۇ سورايمەن .81-فېۋرال كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىگە تەييارلىق قىلىۋاتاتتۇق. بۇنىڭدا مېنىڭمۇ بىر مۇنچە ۋەزىپەم بار ئىدى. بىر ياقتىن كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىنىڭ تەييارلىقى، يەنە بىر ياقتىن دەرس تەكرارلاش ئىشلىرى بىلەن خەت يېزىشقا ۋاقىت چىقىرالمىدىم. لېكىن، ھۆسەيىنگە خەت يازدىم. ئۆتكەنكى خېتىڭدە ھۆسەيىن

ھەققدە يازغانلىرىڭغا شۇنداق بىئارام بولدۇمكى، سىنىڭ ماڭا خەت يازغانلىقىڭنى تىلغا ئالماي، ئۇنىڭدىن كۆڭۈل سوراپ بىر پارچە خەت يېزىپ قويدۇم.

مەن ساڭا بۇ خەتنى يازغۇچە بولغان ئارىلىقتا ناھايىتى قىزىقارلىق ۋەقەلەر ئۆتتى. بۇ خېتىمدە ساڭا شۇلاردىن بىرىنىلا يازدىم. بۇ ۋەقە مەتىنىنىڭ بېشىدىن ئۆتتى. مەتىن بەزىدە دادامغا يالغان گەپ قىلىپ قويىدۇ. دادام يالغانلىقنى بىلىپ قالسا، ئۇنىڭغا ناھايىتى خاپا بولىدۇ ۋە ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ نەسىھەت قىلىشقا باشلايدۇ:

- ئوغلۇم، نېمە ئىش قىلساڭ قىلغىنكى، يالغان گەپ قىلما؟ چۈنكى، دۇنيادا ھەممىدىن يامان نەرسە يالغانچىلىق. ئادەم كىچىككىنە بىر يالغان سۆز قىلىپ قويىدىمۇ، ئۇ يالغانچىلىقنى يوشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ يالغان گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئاندىن، يالغانچىلىقىم ئاشكارلىنىپ قالمىسۇن، دەپ، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ يالغانچىلىقلارنى قىلىدۇ. ھەر بىر يالغانچىلىق ناھايىتى كۆپ ۋە ناھايىتى چوڭ يالغانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرگىز يالغان گەپ قىلما!

دادام دېيىشنىغۇ دەيدۇ، لېكىن يەنە ئۆزى مەتىننى يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر قىلىپمۇ قويىدۇ . چۈنكى، مەتىن گۇناھ دېيىشكىمۇ ئەرزىمەيدىغان كىچىككىنە بىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويسا، دادام ئۇنى ئەيىبلەۋېرىدۇ، ئىنىممۇ ئازاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يالغان گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. نەتىجىدە ،تەبىئىي ھالدا يالغانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ، دادام يەنە نەسىھەتنى باشلايدۇ.

بىر كۈنى كەچتە مەتىن ماڭا:

- دادامغا قانداق يالغاننى توقۇسام بولار؟- دېدى.

بىر نەچچە كۈندىن بېرى دادام مەتىنگە چېچىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنى، ساتىراشقا بېرىپ چېچىنى قىسقارتىشنى ئېيتىۋاتاتتى. ئويۇنغا كىرىشىپ كەتكەن مەتىن ساتىراشقا بېرىشنى ئۇنتۇپ قالدى. بىر كۈنى ئەتىگەندە، دادام مەتىنگە ساتىراشقا بېرىشنى قاتتىق تاپىلاپ:

- كەچتە ئىشتىن قايتىپ كەلگىنىمدە سېنى يەنە مۇشۇنداق كۆرگۈچى بولماي،- دېدى.

مەن مەتىنگە:

- راستىنى ئېيت، قاچانلا بولمىسۇن يالغانچىلىقىڭ ئاشكارا بولىدۇ،- دېدىم.

- راستىنى ئېيتسام، دادام خاپا بولىدۇ. پۇلنى چۈشۈرۈپ قويدۇم دېسەم قانداق بولار؟

- بىر قېتىم شۇنداق دەپ، كېيىن يانچۇقۇڭدىن پۇل چىقىپ، يالغانچىلىقىڭ ئاشكارا بولۇپ قالغىنىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ!

- ئۇنداقتا مەكتەپتە كىتاب سېتىۋالدىم دەيمەن.

- ئەڭ ياخشىسى راستىنى ئېيت.

- ئەمسە ساتىراشخانىدا ئادەم كۆپ ئىكەن، كۈتسەم ماڭا ئۆچرەت كەلمىدى دەي.

ئۇ يەنە بىر مۇنچە يالغانلارنى توقۇپ چىقتى، بىراق ھېچقايسىسىنى ياقتۇرمىدى.

دادامنىڭ زىيا ئىسىملىك بىر دوستى بار ئىدى. ئۇ شۇ كۈنى كەچتە ئايالى بىلەن بىزنىڭكىگە كەلدى. ئۇلار كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغاچقا، دادامنى يوقلاپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. دادامنىڭ ئىشتىن قايتىپ كېلىش ۋاقتى بولۇپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئاپام:

- قەيەردىلا بولسا، ھازىر يېتىپ كېلىدۇ، - دېدى.

دادام كېچىككەنسېرى، ئاپام ئەنسىرەشكە باشلىدى.

- ھېچقاچان بۇنداق كېچىكىپ كەلمىگەن، نېمە بولدىكىنە؟- دېدى ئۇ.

- بەلكىم بىر ئىشى چىقىپ قالغاندۇ...- دېدى زىيا بەگ.

- ئۇنداق بولسا خەۋەر بېرەتتى، - دېدى ئاپام.

مەتىن بىلەن ئىككىمىز تامىقىمىزنى يەۋەردۇق، ئاپام دادامنى كۈتۈپ تېخى يېمىدى.

خېلى ۋاقىت ئۆتتى. مەتىن يېتىپ قالدى. زىيا بەگ بىلەن ئايالى قايتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغاندا، ئىشىك قوڭغۇرىقى چېلىندى.

ئاپام ھاياجانلانغان ھالدا:

- مانا كەلدى!- دەپ يۈگۈردى.

- بىز مۆكۈۋېلىپ قىزىقچىلىق قىلايلى، - دېدى زىيا بەگ.

ئۇ ئايالى بىلەن يانىدىكى ئۆيگە كىرىۋالدى. راستتىن دادام كەپتىكەن، ئاپام:

- نەدە يۈردىڭىز؟ ناھايىتى ئەنسىرىدىم. بىرەر ئىشىڭىز چىقىپ قالدىمۇ نېمە؟- دېدى.

- زىيا ئاغرىپ قاپتىكەن، ئۇنى يوقلاپ كەلدىم، - دېدى دادام.

- ھە... بىراق بەك كېچىكتىڭىزغۇ!- دېدى ئاپام.

- ئاغرىقىنىڭ يېنىدىن بىردەمدىلا قايتقىلى بولمايدۇ-دە...

- خۇدا شىپالىق بەرسۇن، كېسىلى ئېغىرمىكەن؟ ۋاي بىچارە...

دادام خېلى سۆزلىمەكچىدى، لېكىن زىيابەگ بىلەن ئايالى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ مۆكۈۋالغان ئۆيدىن چىقتى. ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالغان دادام، ئۇلارغا:

- ھە... سىلەر بۇ يەردىمىدىڭلار؟- دېدى.
- ساڭا قىزىقچىلىق قىلايلى دېگەنىدۇق.
- دېمىسىمۇ تازا قىزىق بولدى مانا!- دېدى ئاپام كۈلۈپ.

ئۇلار داستىخانغا ئولتۇرۇشتى. دادام:

- مەتىن ياتتىمۇ؟- دەپ سورىدى.
- بۈگۈن ساتىراشقا بېرىپ چېچىنى ياستىتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىكەن، سىزنى خاپا بولىدۇ دەپ يالغان گەپتىن بىرنى توقۇپ چىقماقچى بولغانىدى. قانداق يالغاننى توقۇسام بولار، دەپ ئويلاپ-ئويلاپ، ئاخىر چارچاپ يېتىپ قالدى، - دېدىم مەن.
- كەچ بولۇپ كەتتى، سەنمۇ يات!- دېدى دادام.

شۇنداق قىلىپ، مەتىن ئەتىسى ئەتىگەندە ئەيىبلىنىشتىن قۇتۇلۇپ قالدى.

ئەخمەت، خەتلىرىڭنى كۈتىمەن. ئەڭ ياخشى تىلەكلىرىم بىلەن:

زەينەب يالقىر

1699-يىلى 19-مارت، ئەنقەرە

باللار بايرىمىدىكى كۆڭۈللۈك كېچە

ساۋاقدىشىم زەينەب:

19-مارتتىكى خېتىڭدىن كېيىن يوللىغان ئاتكىرتكاڭدا: «خەتنى كېچىكتۈرۈپ يازغانلىقىم ئۈچۈن خاپا بولۇپ خەت يازمىدىڭمۇ ؟» دەپسەن. ياق، خاپا بولمىدىم. نېمىشقا خاپا بولاي ؟ بىز «81-ئاپرېل» كۆڭۈللۈك كېچىسىگە تەييارلىق قىلىۋاتاتتۇق، بۈگۈن، ئەتە يازىمەن دەپ كېچىكىپكەتتى. ئاخىر كۆڭۈللۈك كېچىنى تۈنۈگۈن ئۆتكۈزدۇق. ئەمدى ئارام ئېلىپ، بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن.

تۈنۈگۈنكى كۆڭۈللۈك كېچە بەك ياخشى بولدى. نېمە ئۈچۈن ياخشى بولغانلىقىنى بىلەمسەن ؟ قاملاشتۇرالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن... ئەڭ چوڭ قاملاشتۇرالماسلىق مەندىن بولدى.

كۆڭۈللۈك كېچە تەييارلىقىغا كۆپىنچە ئۈچىنچى سىنىپ مۇئەللىمى مەسئۇل ئىدى. مۇزىكا مۇئەللىمىمىز بولسا ناخشا-ئۇسسۇللارنى تەييارلايتتى. بىزنىڭ سىنىپ تەربىيىچىمىز كۆڭۈللۈك كېچە ئۈچۈن بىر سەھنە ئەسىرى يازدى.

مەن بىلىدىغان چوڭلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆز ئىشلىرىنى ياقتۇرمايدۇ، باشقا ئىش قىلىشنى خالايدۇ . مەسىلەن، دادام ئەگەر ساۋاتى بولسا، چوڭ شائىر بولاتتىكەن، ھازىرمۇ ۋاقىت تاپسىلا شېئىر يازىدۇ
.
تېخنىك بولغان تاغاممۇ دوختۇرلۇققا قىزىقىدۇ.

بىزنىڭ سىنىپ تەربىيىچىمىزنىڭمۇ يازغۇچى بولغۇسى بار ئىكەن. بىزگە دەرسلەردە بىر نەچچە قېتىم: «يازغۇچى بولاتتىم، لېكىن، پۇرسەت يار بەرمىدى» دېگەن.

مېنىڭ بىلىشىمچە، ھەممە كىشىنىڭ كۆزى ئۆز مەشغۇلىيىتىدىن باشقا بىر ئىشتا.

مۇدىرىمىز گېزىت-ژۇرناللاردا بېسىلغان سەھنە ئەسەرلىرىدىن بىرىنى تاللاشنى ئېيتتى. لېكىن ،سىنىپ تەربىيىچىمىز بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ياقتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزى يازدى. ئۇ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بىر سەھنە ئەسىرى ئىدى. قىسقىچە مەزمۇنىنى ئېيتىپ بېرەي: ناھايىتى يامان بىر بالا بولۇپ، ئاتا-ئانىسىغا قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمايدۇ. ئوقۇشتىن، ئىشتىن قېچىپ، ئاخىر لۈكچەك بولۇپ كېتىدۇ. ئوغرىلىق قىلىدۇ. ئاپىسى بۇ دەردلەرگە چىدىماي ئۆلۈپ كېتىدۇ. بالا ھەمىشە دادىسىدىن پۇل سورايدۇ، بەرمىسە ئۇرىدۇ. ئاخىر بىر جىنايەت بىلەن تۈرمىگە چۈشىدۇ. جازا مۇددىتىنى پۈتتۈرۈپ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئەقلىنى تېپىپ، دادىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «جېنىم دادا، مەن سېنىڭ تەربىيىلىرىڭنى ئاڭلىماي مۇشۇ ئەھۋالغا قالدىم. ئەمدى ئەقلىمنى تاپتىم. مېنى كەچۈر» دەپ يالۋۇرىدۇ، ياشانغان دادىسىمۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ: «ئاتا ئوغلىنى ھەر ۋاقىت

كەچۈرىدۇ، مەن كەچۈردۇم، خۇدامۇ كەچۈرگەي، ئوغلۇم...» دەيدۇ. لېكىن، زىيادە ھاياجانلىنىپ كېتىپ، يىقىلىپ شۇئان ئۆلۈپ كېتىدۇ.

سەھنە ئەسىرى ھەققەتەن ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىدى. سىنىپتا ئوقۇغۇلاندا ھەممىمىز كۆز يېشى قىلىشتۇق.

مەن مۇئەللىمگە:

- كۈلكىلىك بىر ئويۇن بولسا ياخشى ئەمەسمىدى، مۇئەللىم، - دېدىم.

- ھەممە ئىشنى قاملاشتۇرۇۋېتسەن-ھە، ئەخمەت... قىزىقچىلىق قىلاي دەۋاتامسەن؟- دېدىمۇئەللىم.

لېكىن، مەن باشقا بىر نەرسە دېمەكچى، يەنى يۈزىمىزگە ساقال-بۇرۇتلارنى چاپلاپ، چوڭ ئادەملەرنىڭ روللىرىغا چىققىنىمىزدىن، سەھنىگە ئۆز يېشىمىزغا لايىق روللاردا چىقساق، مەكتەپ تۇرمۇشىمىزدىن بەزى كۆرۈنۈشلەرنى ئېلىپ چىقساق، تېخىمۇ ياخشى بولامدۇ، دېمەكچى ئىدىم . لېكىن، بۇنى مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇقتۇرالمىدىم.

ئىلگىرىكى كۆڭۈللۈك كېچىلەردە، يالغان ساقال چاپلىۋالغان باللار سەھنىدە سېرىك قىزىقچىلىرىدەك تۇرىدىغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. ئۇلار قانچە ئېچىنىشلىق گەپلەرنى قىلسا، شۇنچە قىزىق بولاتتى ۋە تاماشىبىنلار شۇنچە كۈلەتتى. بۇنداق بولغاندىن كۆرە، تۇزلا بىر كومېدىيە ئويناپ چىقساق تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، دېمەكچى ئىدىم، لېكىن، مۇئەللىمنىڭ ئەيىبلىشى بىلەن گەپ قىلالماي قالدىم.

مەن مەزمۇننى يىغىنچاقلاپ ئېيتقان بۇ ئويۇندا بەش رول بار. سىنىپ تەربىيىچىمىز تەكلىپىمگە خاپا بولمىغان بولسا كېرەك، ماڭا:

- يامان بالىنىڭ رولىنى سەن ئال، ياخشى ئېلىپ چىقسەن. بۇ دەل ساڭا باب كېلىدىغان بىر رول...- دېدى.

دېمەر مېنىڭ دادام، مىنە بولسا ئاپام بولاتتى.

سەھنە ئەسىرىنى يادلىدۇق، سەھنىدە رەپىتىس قىلدۇق. ئاخىرقى رەپىتىس كۈنى قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. خەۋىرىڭ بار، يامغۇر توختىماي يېغىۋەرسە، ئۆگزىدىن تامچە ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇ كۈنى

گويا يامغۇر سەھنىگە بىۋاستە يېغىۋاتقاندەك ئۆتتۇپ كەتتى. سەھنىنىڭ ئۈيەر-بۇيېرىگە داس، جاۋۇر ، چېلەكلەرنى قويۇۋەتتۇق.

بۇ قېتىمقى ئويۇنلار ئىچىدە جۇڭگوچە ئۇسسۇلمۇ بار ئىدى. مېنى بۇ نومۇرغىمۇ قاتناشتۇردى .
مۇزىكا مۇئەللىمىمىز باشقا بىر مەكتەپنىڭ كۆڭۈللۈك كېچىسىدە جۇڭگوچە ئۇسسۇل ئوينىغان باللارنى كۆرۈپ بەك ياقتۇرۇپتىكەن.

- زەيبەك ئويۇنى ئويناپ چىقساق بولمامدۇ ؟- دېدىم مەن.

مۇزىكا مۇئەللىمىمىز ھەر قېتىمقى كۆڭۈللۈك كېچىلەردە زەيبەك ئويۇنى ئوينالغانلىقىنى ،تەكرارلاۋەرسە ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

- مۇئەللىم، - دېدىم مەن، - جۇڭگودىكى بىرەر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ كۆڭۈللۈك كېچىسىدە جۇڭگولۇق باللار بىزنىڭ زەيبەك ئويۇنىمىزنىمۇ ئويناپ چىقامدىغاندۇ ؟

- بىلەرمەنلىك قىلما!- دېدى مۇئەللىم.

لېكىن، زەيبەك ئويۇنى ئوينىغان جۇڭگولۇق باللار كۆز ئالدىمغا كەلسە كۈلۈپ كېتىمەن. ئۇلارمۇ بىزنىڭ جۇڭگوچە ئۇسسۇل ئوينىغانلىقىمىزنى كۆرسە كۈلۈشۈپ كېتەر، دەپ ئويلىدىم.

سەھنە تورۇسىدىن چېپىلداپ چۈشۈۋاتقان يامغۇرنىڭ ئاستىدا ۋە داس، جاۋۇرلار ئارىسىداجۇڭگوچە ئۇسسۇلنىڭ ئاخىرقى رەپتىسىنى قىلدۇق. بىز ئۇسسۇلغا سەكرىگىنىمىزدە، سەھنىنىڭ پوللىرى غىچىرلاپ كېتەتتى.

مۇزىكا مۇئەللىمى ماڭا:

- زەيبەك ئوينىغاندەك سەكرىمە. جۇڭگوچە ئۇسسۇل سىلىق، لەرزان ئوينىلىدۇ، - دېدى.

سالماق، سىلىق ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا تىرىشتىم، لېكىن مەن زەيبەك ئويۇنى ئويناپ كۆنۈپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، ئايىقىم يەنىلا شۇنىڭغا كېتەتتى.

- ئەخمەت، سەكرەۋەرمە... جۇڭگوچە ئۇسسۇل ئۇنداق بولمايدۇ.

مەن جۇڭگوچە ئۇسسۇلنى ئوينىماق تۈگۈل، كۆرۈپ باقمىسام، ئامالىم قانچە ؟

مۇزىكا مۇئەللىمى پىئانىنو چېلىپ بېرىۋاتاتتى. مەن يەنىلا ئۆزۈم بىلگەنچە سەكرەۋېرىپتىمەن .مۇئەللىم پىئانىنونى تاشلاپ، غەزەپلەنگەن ھالدا ماڭا قاراپ كېلىۋېتىپ، ئايىقى چېلەكلەردىن بىرىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. چېلەكتىكى سۇمۇ سەھنىگە يامراپ كەتتى. مانا شۇ قالايمىقانچىلىقلاردىن كېيىن، كەچكە يېقىن ئاخىرقى رەپتىس مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياقلاشقان بولدى.

كۆڭۈللۈك كىچە ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى ئىنتايىن ھاياجانلاندۇق، سەھنىدە بىر-بىرىمىزنى ئىتتىرىشىپ، پەردە يوچۇقىدىن زالغا قارىشاتتۇق، زالغا ئادەم لىق تولۇپتۇ...

ھەر سىنىپتىن ئەللىك بالا سەھنىگە تىزىلدۇق. پەردە ئېچىلىش بىلەن تەڭ «مۇستەقىللىق مارشى»نى ئېيتتۇق، ئاندىن سەھنە ئارقىسىغا ئۆتتۇق. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى سىنىپتىن بىر گورۇپپا سەھنىدە قېلىپ ، «بۈگۈن 81-ئاپرېل» خورىنى ئېيتتى. بىز زالدىن كەلگەن ئالقىش سادالىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق.

يەنە بىر خوردىن مۇزىكا مۇئەللىمى رازى بولماي، باللارغا:
- بۇ قانداق خور؟ مەن مۇشۇنداق ئۆگەتكەنمىدىم؟ قوش كىشلىك خور يىگىرمە ئاۋازلىق بولۇپ كەتتىغۇ؟- دەپ كايىدى.

نۆۋەت بىزنىڭ جۇڭگوچە ئۇسسۇلىمىزغا كەلدى. رەڭلىك پارقىراق رەختلەردىن تىكىلگەن يوپكىلار ئۇستىگە كوپتا كىيگەن قىزلار قوللىرىدا پەتنۇسلارنى تۇتقان، ئوغۇللارنىڭ قاش-كۆزلىرى قارا بوياق بىلەن گىرىملىنىپ، جۇڭگولۇقلارغا ئوخشىتىلغانىدۇق. يەنە قارا بوياق بىلەن ياسالغان ئۇزۇن بۇرۇتلىرىمىز بار ئىدى.

پەردە ئېچىلدى. مۇزىكا مۇئەللىمى پىئانىنونى چېلىشقا باشلىدى. بىز سەھنىگە چىقتۇق. قىزلار پەتنۇسلىرىنى تۇتۇشۇپ، بىزنىڭ ئارىمىزدىن ئېگىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. دەل شۇ چاغدا چاتاق چىقتى .مەن يەنە خۇدۇمنى بىلمەي بەكرەك سەكرەپ كەتتىمىكىن-تاڭ، ئېگىلگەن قىزلاردىن بىرىنىڭ ئېتىكى سەھنە پولىدىكى تاختايلارنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ قاپتۇ. قىز ئېتىكىنى تارتىپ چىقىرالماي ،تۇرغان يېرىدە مىدىرلىيالماي تۇرۇپلا قالدى. بىز پىرقىراۋاتىمىز، ئۇ قىز تېخىچىلا تۇرىدۇ. مەن، ئېتەكىنقىسىۋالغان تاختاي يوچۇقى ئېچىلىپ كەتسۇن دەپ، قىزنىڭ يېنىغا كەلگەندە تېخىمۇ ئېگىز سەكرىدىم .قىز ئېتىكىنى تارتىۋېلىشقا ھەپىلەشكەندە، يوپكا بىلىدىن سىيرىلىپ يەرگە چۈشمەسمۇ! بىچارە قىز سەھنىدە يېرىم يالىڭاچ تۇرۇپلا قالدى. زالدىن قاقاقلىغان كۈلكە ساداسى كۆتۈرۈلدى. مۇزىكا مۇئەللىمى سەھنە كەينىدىن:
- پەردە... پەردە... پەردىنى چۈشۈرۈڭلار!- دەپ ۋارقىرىغىلى تۇردى.

قىيقاس-سۈرەنلەر ئىچىدە پەردە يېپىلدى.

كېيىن باشقا ئويۇنلار ئوينالدى، ناخشىلار ئېيتىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا بىزنىڭ سەھنە ئەسىرىمىز ئوينالدى.

گرىملىرىمىزنى سىنىپ تەربىيىچىمىز قىلدى. مىنەنى كۆرسەڭ، ئاپىسىنىڭ كونا كۆڭلەكلىرى ئىچىدە نەق بىر پاكىنەك موماي بولغانىدى. مېنىڭ ئاغزىم بىلەن بۇرنۇم ئارىسىغا يېلىم سۈركىگەن مۇئەللىم خۇددى جۇسەيگە ئوخشاش بۇرۇپ چاپلىغانىدى، بۇرۇت ئېغىر بولغاچقا، توختىماي چۈشۈپ كېتەتتى. مۇئەللىم ئۈستۈنكى كالپۇكۇم ئۈستىگە يېلىمنى تېخىمۇ كۆپرەك سۈركەپ، بۇرۇتنى يەنە چاپلىدى.

دېمىرنىڭ مەڭزىگىمۇ يېلىم سۈركەپ پاختا چاپلاندى. دېمىر مېنىڭ دادام بولغاچقا، ئۇنىڭ ساقال-بۇرۇتلىرى ئاقارغانىدى. گرىملەر پۈتكەندىن كېيىن، مۇئەللىم:
- تېخىمۇ قېرى كۆرۈنۈش ئۈچۈن، دېمىرگە كۆزەينەك تاقاش كېرەك...- دېدى.

بىراق، بۇنىڭدىن بۇرۇن كۆزەينەك ئويلىشىلمىغانىدى، ئەمدىلىكتە كۆزەينەك نەدىن تېپىلسۇن؟ مۇدىر كۆزەينىكىنى بېرىپ تۇرۇپ:
- پەخەس بول، يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپ كەتمىسۇن، كۆزەينەكسىز ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيمەن، - دېدى.

دېمىر كۆزەينەكنى تاقاپ، سېپى ئۆزىدىن قېرى پەتەك بولغانىدى:
- مەن بۇ كۆزەينەك بىلەن ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدىم، - دېدى ئۇ.

ھەقىقەتەن كۆرەلمەيتتى، پەردە ئېچىلغاندا، سەھنىنى تاپالماي تامغا ئۇسۇۋالدى. بىز ئۇنى كەينىدىن ئىتتىرىپ سەھنىگە چىقاردۇق.

ئويۇننىڭ بىرىنچى پەردىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى ئالقىشلاردىن مەلۇم بولدى.

ئىككىنچى پەردىنى ئورۇنلاۋاتاتتۇق. مەن «ئاپام»غا، يەنى مىنەگە ئازاب سېلىۋاتاتتىم، «دادام»، يەنى دېمىر بولسا مېنى ئەيىبلەۋاتاتتى. لېكىن، ئۇ كۆزەينەكتە مېنى كۆرمەيتتى. ماڭا گەپ قىلىۋاتىمەن دەپ، تاماشىبىنلارغا كەينىنى قىلىپ تام تەرەپكە قاراپ:
- ئەي رەھىمسىز! بىز سېنى مۇشۇنداق قىلسۇن دەپ چوڭ قىلدۇقمۇ؟- دەپ مۇشتلىرىنى تۈگۈپ ۋارقىرايتتى. مەن «ئاپام»نى، يەنى مىنەنى ئۇرۇۋاتقاندا، دېمىر مىنەنى

قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا ھەپىلىشەتتى. لېكىن، ئۇ سەھنىدە بىزنى تاپالماي ، «قارىغۇ چاشقان ئويۇنى» ئويناۋاتقاندەك ،قوللىرىنى ئۇياق-بۇياققا ئۇزىتىپ، ئىشىك تەرەپكە قاراپ:

- ئۇرما! ئۇرما... ئانىغا قول ياندۇرغان ۋاپاسىز، ئۇرما!- دەپ ۋارقىرىدى.

بىز ئوك تەرەپتە تۇرساق، دېمىر سولغا قاراپ ۋارقىرايتتى. ئاۋازىمنى ئاڭلاپ بىز تەرەپكە قارىسۇن دەپ، ئەتەي:

- ھا، ھا، ھا...- دەپ سوغۇق كۈلۈپ،- ئۇرىمەن، بۇ مېنىڭ ھەددەم ئەمەس، ئۇرىمەن!- دېدىم.

دېمىر ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرالدىيۇ، بىر ئازدىن كېيىن يەنە «قاسساپقا پۇل بېرىپ، ناۋايغا قارىغاندەك»، تاماشىبىنلارغا قارىۋېلىپ:

- ئۇرما! ئانىغا كۆتۈرگەن قول قۇرۇپ كېتىدۇ...- دېدى.

- ھا، ھا، ھا!

قارىسام، دېمىر بىز تەرەپكە قارايدىغاندەك ئەمەس. مەن مىنەنى، يەنى «ئاپام»نى سۆرەشتۇرۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم.

- ئەي ۋاپاسىز...

- دادا، بىز بۇ يەردە، بىز تەرەپكە قارا...

دېمىر ئەقىللىق بالا بولغاچقا، دەرھال ئەھۋالنى چۈشەندى:

- مەن ساڭا قارىمايمەن. مەن سېنىڭ داداڭ، سەن ماڭا قارا، ۋاپاسىز!- دېدى ئۇ.

ئەمدى سەھنە ئەسرىدە بولمىغان سۆزلەرنى قىلدۇق:

- كىمگە گەپ قىلىۋاتىسەن، دادا، مەن بۇ يەردە...

- ساڭا گەپ قىلمىدىم، ساڭا قىلىدىغان سۆزۈم يوق...

- تامغا گەپ قىلىۋاتامسەن، دادا؟

- تاش گەپ ئاڭلايدۇكى، سەن گەپ ئاڭلىمايسەن، ۋاپاسىز...!

سېنى تۇغقىچە، تاش تۇغسامچۇ...- دەپ ئىنجىقلىغىنىچە يەرگە يىقىلىپ ئۆلدى مىنە.

مىنە ئۆلگەندە، دېمىر ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلاپ يىغلىشى كېرەك ئىدى. دېمىر پولغا يېتىۋېلىپ:

- قېنى سەن، نەدە سەن ؟- دەپ مىنەنى ئىزدەشكە باشلىدى.
مىنە دىمىر تەرەپكە قاراپ:
- مانا مەن، ئۆلدۈم...- دېدى.
مەن دىمىرنى تۈتۈپ:
- سەنمۇ بار!- دەپ مىنەنىڭ ئۈستىگە ئىتتىرىدىم.

ئىككىنچى پەردە يېپىلدى.

سەھنە كەينىدە، مۇئەللىم دىمىردىن خاپا بولغىلى تۇرغانىدى، دىمىر:
- قانداق قىلىمەن، مۇئەللىم، بۇ كۆزەينەكتە ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدىم، - دېدى.

كېيىنكى پەردىنى كۆزەينەكسىز ئويناشقا توغرا كېلەتتى، لېكىن بايا كۆزەينەكلىك بولغان بوۋاي ئەمدى كۆزەينەكسىز بولۇشى مۇۋاپىق كۆرۈلمىدى. شۇ چاغدا مۇدىر:
- كۆزەينەكنىڭ ئۈستىدىن قارا، - دېدى.

دىمىر كۆزەينەكنىڭ ئۈستىدىن قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئۈچىنچى پەردىدە چوڭ ئىش كۆرۈلمىدى . لېكىن، ئالدىنقى پەردىلەردە خاپا ئولتۇرۇشقان تاماشىبىنلار ئەمدى نېمىلا قىلساق، نېمىلا دېسەك قاقاقلاپ كۈلۈشىدىغان، يىغلايدىغان يەرگىمۇ تېلىقىپ كۈلۈشىدىغان بولدى.

ئۈچىنچى پەردىدە، مەن تۇرمىدىن چىقىپ ئۆيگە كېلىپ، قىلمىشلىرىمغا پۇشايمان قىلاتتىم ، دادامدىن كەچۈرۈم سوراپتتىم. تاماشىبىنلار ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئېڭىشىپ دادامنىڭ قولىنى سۆيگەندىم، يالغان بۇرۇتۇمنىڭ بىر تەرىپى چۈشۈپ كەتتى. دەرھال ئېلىپ تۇكۇرۇكلەپ چاپلاپ باقسامۇ تۇرمىدى. ئۆلمىدىم، ئۇنىڭ بىرىسى بولدۇم. ئامالسىز سەھنە ئەسرىدە بولمىغان كۆرۈنۈشنى قوشتۇم:
- پۇتلىرىڭغا سۆيەي، جېنىم دادا...- دەپ ئۆزۈمنى يەرگە ئاتقان بولۇپ، بىر نېمىلەرنى قىلىپ بۇرۇتۇمنى چاپلىۋالسام ، «پېشكەللىك كەلسە قوشلاپ كەپتۇ» دېگەندەك، يەنە بىر تەرىپى چۈشۈپ كەتتى. ئالدىراشچىلىقتا بىلەلمەي قېلىپ، بۇنىمۇ بايا چاپلىۋالغان بۇرۇتنىڭ ئۈستىگە چاپلىغىلى تۇرۇپتىمەن. دىمىر: «سول تەرەپكە چاپلا» دەپ پىچىرلىدى. لېكىن، زادى چاپلىيالمىدىم. ئاخىر سول بۇرۇتۇمنى كالپۇكۇمنىڭ ئۈستىدە قولۇم بىلەن تۇتۇۋېلىپ، توختىماي بۇرۇت تولغاۋاتقاندەك قىلىپ كۆرسەتتىم.

دادام:
-سېنى كەچۈردۈم، ئوغلۇم...- دەۋاتىدۇيۇ، مەن توختىماي دادامغا بۇرۇت تولغاۋاتىمەن . تۆۋەندە كۇلە-كۇل...

بۇرۇتنى تولغاۋەرگىلى بولمايدۇ-دە...

- كەچۈرمىگەن بولساڭ، دادا، بۇ بۇرۇتلارنى يۇلۇپ تاشلايتتىم...- دەپ بۇرۇتۇمنى يۇلۇپ تاشلىۋەتتىم.

- نېمە قىلىۋاتىسەن، ئوغلۇم؟- دېدى دېمىر.

- سەن ئۈچۈن ھەرقانچە قىلسام ئاز، جېنىم دادا...- دېدىم. ئويۇننىڭ ئاخىرىدا دادام يىغلاپ ،ماڭا ئېسىلىپ:

- مەن كەچۈردۈم، خۇدامۇ كەچۈرگەي...- دەپ بوينۇمغا ئېسىلدى. قۇچاقلىشىپ ئايرىلغىنىمىزدىن كېيىن قارىسام، دادامنىڭ يۈزىدىكى ساقاللىرىنىڭ بىرىمۇ يوق. ئەسلىدە ھېلىقى قۇچاقلاشقىنىمىزدا، مېنىڭ كالپۇكۇمدىكى يېلىم ئۇنىڭ پاختىدىن قىلىنغان ساقىلىنى يۇلۇۋاپتىكەن .

ئەمدى مەن دادا بولۇپ قالدىم.

دادام يەرگە يىقىلىپ ئۆلۈشى كېرەك ئىدى، لېكىن قانداقتۇر ئۆلمىدى.

- ئۆلمەمسەن ئەمدى، دېمىر!- دەپ پىچىرلىدىم.

- ساقال سەندە تۇرسا، ئەمدى قايسىمىز ئۆلىمىز؟- دەپ پىچىرلىدى ئۇ.

- سەن دادا بولغاندىكىن، سەن ئۆلسەڭ... بول، يىقىل...!- نېمە ئۈچۈندۇر دېمىر ئۆزىنى يەرگە ئاتمىدى.

- تېز بولساڭچۇ!

- ئۆزۈمنى يەرگە ئاتاي دېسەم، مۇدىرنىڭ كۆزەينىكى چېقىلىپ كەتسە قانداق قىلىمەن...- دېدى ئۇ يېنىمغا كېلىپ.

- ئاداش، تولا گەپ قىلماي ئۆلگىنە، ئويۇن تۈگىسۇن، رەسۋا بولدۇق...

دېمىر ئامالسىز:

- مەن سېنى كەچۈردۈم، خۇدامۇ كەچۈرگەي...- دېگەندىن كېيىن كۆزەينەكنى قولىغا ئېلىپ ،ئاۋايلاپ ئۇستەلگە قويدى ۋە:

- ئەمدى مەن ئۆلدۈم!- دەپ ئۆزىنى يەرگە ئاتتى.

مەنمۇ «دادام»نىڭ ئۇستىگە ئۆزۈمنى ئاتتىم. پەردە يېپىلدى. بىز سەھنىنىڭ ئالدىغا يىقىلغانىكەنمىز، ئۆزىمىز پەردىنىڭ سىرتىدا، پۇتىمىز پەردىنىڭ ئىچىدە قالدى.

ئالقىش بىلەن كۆلكە سادالىرى ئاڭلىنىشىپ، زالنىڭ ئىچى ئۆرۈپۈر-تۆپۈر بولۇپ كەتتى.

مەن دېمىرگە پىچىرلاپ:

- بۇنداق يېتىشۈەرسەڭ بولماس، تۇرۇپ كېتەيلى، - دېدىم.
- ئۆلۈك ئورنىدىن تۇرغان نەدە بار؟ مەن ئۆلدۇم، تۇرساڭ سەن تۇر، - دېدى ئۇ.

بىرى پۈتمىزدىن سۆرەپ پەردىنىڭ ئىچىگە ئەپكىرىۋالدى، قارىساق، سىنىپ تەربىيىچىمىز ئىكەن.

- تۈگەشتۇق، ئەخمەت!- دەپ پىچىرلىدى دېمىر.

قورقۇمسىراپ سەھنە كەينىگە ئۆتتۇق. ئۇ يەردىكى مۇئەللىملەر بىلەن مۇدىر كۈلۈپ تېلىقىپ قاپتۇ.

«81-ئاپرېل» كۆڭۈللۈك كېچىسىنى مانا شۇنداق ئۆتكۈزدۇق. بۇ كېچىدىن كېيىن ھەممەيلەن دېمىرنىڭ ئارتىسلىق قابىلىيىتى بارلىقىنى ئېيتىشىپ يۈرىدۇ. چۈنكى، ئۇ سىنىپ تەربىيىچىمىز يازغان درامنى ناھايىتى ياخشى بىر كومېدىيە قىلىپ ئورۇنلىغانىدى.

ھازىر ئىستانبۇلدا ئىنتايىن گۈزەل باھار كۈنلىرى باشلاندى. تەتىلدە ئىستانبۇلدا كۆرۈشۈش ئارزۇسى بىلەن ساڭا سالامەتلىك تىلەيمەن.

ئەخمەت

تارىخ 1699-يىلى 89-ئاپرېل،

ئىستانبۇل

بالىلار رومانى مۇسابىقىسى

سىڭلىم زەينەپ:

تۈنۈگۈن ساڭا پوچتىدىن بىر مەكتۇب يوللىغانىدىم، بۈگۈن بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن .
كەينى-كەينىدىن خەت يازغىنىمغا بەلكىم ھەيران بولۇشۇڭ مۇمكىن. بۇ خەتنى بىر ئىش توغرىسىدا سەن بىلەن مەسلىھەتلىشىش مەقسىتىدە يازدىم. پىكرىمگە قوشۇلساڭ، بۇ ھەقتە سەن بىلەن ھەمكارلىشىمىز.

يېقىندا باللار رومانى مۇسابىقىسى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەقلىمگە مۇنداق بىر ئىش كەلدى:
بىر-بىرىمىزگە يېزىشقان خەتلەرنى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە رەتلىسەك، بۇلار بىر باللار رومانى بولماسمۇ؟ مەن سەن ئەۋەتكەن پۈتۈن خەتلەرنى ساقلاپ قويدۇم. سەنمۇ بىر خېتىڭدە مەن ساڭا يازغان خەتلەرنى بىر ئارخىپقا ساقلاپ قويغانلىقىڭنى يازغانىدىڭ.

قانداق دەيسەن، بۇ مۇسابىقىگە قاتنىشايلىمۇ؟ پىكرىمنى لايىق تاپساڭ، سەندىكى خەتلىرىمنى ماڭا دەرھال پوچتىدىن ئايروپىلان ئارقىلىق ئەۋەتىپ بىرەرسەن، چۈنكى مۇسابىقىگە قاتنىشىش مۇددىتى توشۇشقا ئاز قاپتۇ. مۇسابىقىگە ئىككىمىزنىڭ نامىدا ئورتاق قاتنىشىمىز. مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىقساق، بۇ مۇۋەپپەقىيەت ئىككىمىزگە مەنسۇپ بولىدۇ.

مەكتۇپلىرىمىزنىڭ مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇشنى توغرا تاپمىساڭ، ئۇنىمۇ ماڭا مەلۇم قىل. سەندىن سورايدىغىنىم شۇكى: مۇسابىقىگە قاتنىشايلى دېسەڭ، بۇنى ھېچكىمگە ئېيتما. ئۇتۇپ چىقالمىساق ،مۇسابىقىگە قاتناشقىنىمىزنى ھېچكىم ئۇقمايدۇ، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا قالىدۇ.

جاۋابىڭنى كۈتىمەن. سالام ۋە سۆيگۈلىرىم بىلەن:

ساۋاقدىشىڭ: ئەخمەت تارباي
1699-يىلى 81-ئاپرېل، ئىستانبۇل

بىرىنچى بولسەن

قەدىرلىك ساۋاقدىشىم ئەخمەت:

خېتىڭنى ھېلىلا تاپشۇرۇۋالدىم ۋە شۇئان جاۋاب يېزىۋاتىمەن. بۇ خەتنى يېزىپ بولۇپلا، سېنىڭ مەندىكى خەتلىرىڭنى رەتلەپ پوچتىغا سالىمەن.

مۇسابىقىگە قاتنىشىش تەكلىپىڭ مېنىڭچە ناھايىتى مۇۋاپىق. ئۆمىدىڭنى يوقاتما، بىراق ئۇتۇپ چىقىش ئىمكانىيىتىمىز ئازراق. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن؟ بىز بۇ مەكتۇبلىرىمىزدا چوڭلىرىمىزنى ،ئاتا-ئانىلارنى، ئوقۇتقۇچىلارنى تەنقىد قىلدۇق. لېكىن، مۇسابىقىگە قاتناشقان رومانلارنى باھالىغۇچىلار بولسا چوڭلار، ئاتا-ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى تەنقىدلىگەن بىر رومانغا دەرىجە بېرىشى بۇياقتا تۇرسۇن ، «بۇلار قانداق بالىلار!» دەپ بىزگە خاپا بولۇشىمۇ مۇمكىن ...
ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، مۇسابىقىگە ئەۋەتكەن رومانىنىڭ ئۈستىگە ئىسمىنى، ئادرېسىنى يازىدىغانلىقىغا قارىغاندا، خەتلىرىمىزنى ئۆيلىرىمىزگە قايتۇرۇۋەتسە، بېشىمىزغا ئىش تېرىشنى خالامسەن؟ ھېچبولمىغاندا خەتلىرىمىزنىڭ تېگىگە تەخەللۇس قويايلى. مەن زەينەب دېگەن تەخەللۇسنى تاللايمەن .
سەنمۇ ئۆزۈڭگە بىر تەخەللۇس قويغىن.

بۇ سۆزلىرىمدىن، مۇسابىقىگە قاتناشمايلى، دېگەن مەنە چىقمايدۇ. خەتلىرىمىز رەتلىنىپ بىر رومان شەكلىنى ئالدۇ، دەپ ئويلايمەن. رومانىنى مۇسابىقىگە ئەۋەت. ئۇتۇپ چىقالمىساق نېمە بوپتۇ ...
ئۇتۇپ چىقماسلىق يوقىتىش دېگەنلىك ئەمەس.

يېڭى خېتىڭ كېلىشتىن سەل ئىلگىرى كونا خەتلىرىڭدىن بىر نەچچىسىنى قايتا ئوقۇپ چىقتىم. بىز چوڭلارنى تەنقىد قىلىشتا بەك ئاشۇرۇۋېتىپتۇق. سەن نېمىلەرنى يازدىڭ... مەن نېمىلەرنى يېزىۋەتتىم ،كىم بىلىدۇ... ئومۇمەن، بۇ خەتلەر بىر يەرگە توپلانسا، ناھايىتى ئېغىر ۋە ئاچچىق بىر نەرسە بولىدۇ .
راستىنى ئېيتقاندا، بىزمۇ ۋەقەلىكلەرنى مۇبالىغە قىلىپ يازدۇق-دە...

مۇسابىقىگە قاتناشقان رومانلارنى ئوقۇپ چىقىدىغان باھالىغۇچىلار ھەيئىتى چوڭلاردىن بولماي ،بالىلاردىن تەشكىللەنگەن بولسا ئىدى، رومانىمىز چوقۇم دەرىجىگە ئېرىشەتتى دەپ قارايمەن. لېكىن ،شۇنداقتىمۇ ماڭا بىر ئاز تەلىيىمىز باردەك تۇيۇلىدۇ. ھازىرغا قەدەر مەن ئوقۇغان بالىلار رومانلىرىنى ئويلىدىم: بىر نامرات يېزا بالىسىنىڭ ئوقۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى... سەيلىگە چىققان بالىلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن قىزىقارلىق سەرگۈزەشتىلەر... بىر نامرات بالىنىڭ ئىشلەپ تۇرۇپ كېسەل ئانىسىغا قارىشى ۋە سىڭلىسىغا ياردەم قىلىشى... دېگەندەك، ھەممىسى ئاخىردا ساۋاق ئالىدىغان نەسىھەتلەر بىلەن تولغان رومانلار، بىزنىڭ بولسا ئۇلارغا ئوخشىمايدۇ.

رومانىمىز ئۇتۇپ چىقمىسىمۇ، ھەر ھالدا، سەن بىرىنچى بولىسەن. چۈنكى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاتا بولغىنىڭدا، سەنمۇ ھەممە ئاتىلاردەك بالىلىرىڭغا بىرىنچى بولغانلىقىڭنى ئېيتىسەن. كەچۈرسەن، ھېچبولمىغاندا بۇ ئاخىرقى خەتنى مۇسابىقىگە ئەۋەتىدىغان خەتلەر ئارىسىغا قوشما!

ماختاش ئۈچۈن ئېيتىۋاتقىنىم يوق، ئۇتۇپ چىقمىساڭمۇ ھېچقىسى يوق. چوڭ بولغاندا يازغۇچى بولىمەن، دېگەنىدىڭغۇ، شۇ چاغدا بۇ خەتلەرنى كىتاب قىلىپ باستۇرارسەن.

ساڭا مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمەن. پۈتۈن ساۋاقداشلارغا سالام.

زەينەب يالقىر
1699-يىلى 87-ئاپرېل، ئەنقەرە

ئاپتوردىن بالىلارغا مەكتۇپ

سۆيۈملۈك بالىلار:

ياق، «سۆيۈملۈك بالىلار» ئەمەس، سۆيۈملۈك بالىلىرىم.

ھەممىڭلارنى ئۆز بالىلىرىمدەك سۆيىمەن. پۈتۈن سۆيگۈلەرگە ئوخشاش، بۇ سۆيگۈدىمۇ شەخسىيەتچىلىكىمىز بار. چۈنكى، بىز ياشانغانلار سىلەرنىڭ ھاياتىڭلاردا ياشايمىز، ئۆمۈر سۈرىمىز، دەپ ئويلايمىز ۋە شۇنداق بولۇشىغا ئىشىنىمىز. يالغۇز ئۆز بالىلىرىمنى ۋە تۈرك بالىلىرىنىلا ئەمەس، ئامېرىكا، رۇس، نېمىس، ئەرمەن، جۇڭگو، سىگان... ۋە دۇنيادىكى پۈتۈن بالىلارنى سۆيىمەن.

بۇ يەردە مەن سىلەر ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان بىر ئىشنى ئىزاھلاپ ئۆيەي. سىلەر ئويلىغاندەك، بۇ كىتابتىكى خەتلەرنى زەينەب بىلەن ئەخمەت ئىسىملىك ئىككى بالا بىر-بىرىگە يازمىغان، ئۇلارنى مەن توقۇپ چىققان. بەشىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىسى بولغان ئىككى بالىنىڭ بىر-بىرىگە بۇنچىۋالا كۆپ ۋە شۇنچە ئۇزۇن ھەمدە خاتاسى ئاز مەكتۇبلارنى يازالمايدىغانلىقىنى سىلەر ياخشى بىلىسىلەر

.ئىچىگلاردىن ئىككىگلار بىر-بىرىگلارغا خەتلەرنى يېزىشىپ، ئۇلارنى توپلىساگلار، تىلدىكى خاتالىقلار ،ئىملا خاتالىقلىرى ۋە باشقا خاتالىقلارنى سادىر قىلاتتىگلار. لېكىن، سىلەرنىڭ يازغىنىگلار يەنىلا مېنىڭ يازغانلىرىمدىن ياخشى چىقاتتى. چۈنكى، سىلەر ھاياتىگلاردا ئىستىخىيىلىك ۋە تەبئىي بولاتتىگلار .
چۇگلار بىلەن بالىلارنىڭ ئەڭ چوڭ پەرقى مانا مۇنداق: سىلەرمۇ چوگايغانسېرى بىزگە ئوخشاپ ،ئىستىخىيىلىكتىن بارغانسېرى يىراقلىشىسىلەر.

بۇ كىتابتا ئەڭ قىلغىلى بولمايدىغان ئىشنى قىلىشقا تىرىشتىم، ئۆزۈمنى سىلەرنىڭ ئورنۇگلارغا قويۇشقا ھەپىلەشتىم. بۇ زادى قىلغىلى بولمايدىغان بىر ئىش. چۈنكى، ياشانغان كىشىلەر بىلەن ئۆز بالىلىرى ئارىسىدا گويا مىڭ يىللىق، ھەتتا ئىككى مىڭ يىللىق ئارىلىق بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز چوگلار ئۆزىمىزنىڭ بالىلىق چاغلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قالىمىز.

ئاتا-ئاناگلار، ئۇقۇتقۇچۇگلارمۇ ئۆزىنىڭ بالىلىق چاغلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

زەينەپ بىلەن ئەخمەت ئىسىملىك ئىككى بالىنىڭ تىلى بىلەن توقۇپ يازغان بۇ خەتلەر ھەققەتەن بىر بالىلار رومان مۇسابىقىسىگە قاتناشتى ۋە ھېچقانداق دەرىجىگە ئېرىشەلمىدى. بۇنىڭدا ھېچقانداق ھەقسىزلىك يوقلۇقىنى مەن سىلەرگە سۆزلەپ بېرەي. مەكتۇبلاردىن تەركىب تاپقان بۇ رومان مۇسابىقىدە دەرىجىگە ئېرىشەلمەيتتى. چۈنكى، بۇ روماننى ئوقۇغان باھالىغۇچىلار ھەيئىتىدىكى چوگلارمۇ ئاردىن مىڭ يىل ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، يەنى گويا شۇنىڭدەك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ بالىلىق چاغلىرىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. زەينەپ بىلەن ئەخمەتمۇ بۇنى سەزگەن.

بالىلار ئۈچۈن ئەسەر يازغان پۈتۈن يازغۇچىلاردەك، مەنمۇ كىتابتا توپلانغان ماقالىلىرىم بىلەن سىلەرگە نەسىھەتلەر بەرمەكچى بولدۇم. ھالبۇكى، بۇ نەسىھەتلەرنىڭ بېرىلىش شەكلى چوگلار بەرگەن نەسىھەتلەرگە ئوخشىمايدۇ. بىراق، ھەقىقى ھاياتىمدا ئۆز بالىلىرىمغا مېنىڭمۇ شۇنداق قىلغانلىقىمنى ئويلىماگلار. مەنمۇ ئۆز بالىلىرىمغا پۈتۈن چوگلاردەك مۇئامىلە قىلدىم، چۈنكى گويا ئاردىن مىگلارچە يىللار ئۆتكىنىدەك، مەنمۇ بالىلىقىمنى ئۇنتۇپتىمەن. بۇنىڭ خاتالىقىنى بىلسەكمۇ، باشقىچە مۇئامىلە قىلىش قولىمىزدىن كەلمەيتتى.

بۇ كىتابتا توپلانغان ماقالىلىرىمدە يەنە بىر ئىشنى ئويلىدىم، ئۇ بولسىمۇ: مەن سىلەرگە مەن ياشانغان، سىلەر بالا بولغىنىگلاردەك مۇئامىلە قىلمىدىم، ئۆزۈمنىڭ سىلەردەك بولالمايدىغانلىقىمغا نىسبەتەن سىلەرنىمۇ ئۆزۈمدەك چوڭ ھېسابلىدىم، سىلەرنى بالا ئورنىغا قويماي، چوگلار ئورنىغا

قويدۇم. لېكىن، يەنىلا بالا ئىكەنلىكىڭلارنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىققا تىرىشتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن بۇ كىتابتا نېمىلەرنى قىلماقچى بولغانلىقىمنى سىلەرگە ئىزاھلاشقا تىرىشتىم.

ھەر بىر سۆزۈمنى ئۆز ئۆلچەملىرىڭلار دائىرىسىدە چۈشىنىشىڭلارغا ئىشىنىمەن.

ھەممىڭلارغا سەممىي مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمەن، سۆيۈملۈك بالىلىرىم.

ئەزىز
نەسىن 1697-يىلى 19-ئاپرېل،
ئەنقەرە